*ABDULCELIL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212 679 03 70 [illegible]

# «قۇتادغۇبىلىك» ۋە شەرق غەرب مەدەنىيىتى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئىمىن ئەخمىدى
يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1992 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 1992 - يىل 2 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆人民出版社1992月 2月第 1 版1992年 2月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر سۇلتان

«قۇتادغۇبىلىك» ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى

ئاپتورى: لاڭ يىڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمان ئەخمەدى
يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي چۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 1500
ISBN 7—228—02749—3/K·287
باھاسى: 5.00 يۈەن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## مۇندەرىجە

مۇقەددىمە .................... 1
بىرىنچى باب شەرق شېئىرىيىتىنىڭ پىرى .................... 1
— «قۇتادغۇبىلىك» مۇئەللىپىنىڭ ھاياتى .................... 1
بىرىنچى پاراگراف مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى ۋە تە-
خەللۇسى .................... 1
ئىككىنچى پاراگراف مۇئەللىپىنىڭ تەرجىمىھالى .................... 5
ئۈچىنچى پاراگراف يۈسۈپ نېمە ئۈچۈن بالاساغۇندىن
قەشقەرگە كەتتى؟ .................... 10
تۆتىنچى پاراگراف ئىككى پارچە مۇقەددىمىنىڭ سىرى .................... 21
ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە مەدە-
نىيىتىنىڭ گۈللىنىشى .................... 28
— «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى دەۋرىي
ئارقا كۆرۈنۈش .................... 28
بىرىنچى پاراگراف تارىخ سترېلكىسىنى مىلادى 9 -
ئەسىرگە ياندۇرايلى .................... 28
ئىككىنچى پاراگراف يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق-
تىن يېزا ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ ئولتۇراقلىشىش .................... 34
ئۈچىنچى پاراگراف ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ
گۈللىنىشى .................... 39
ئۈچىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىردىكى
غەربىي يۇرت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى .................... 52
بىرىنچى پاراگراف بايلىق ۋە نامراتلىقتىكى زور

پەرق، دەھشەتلىك نەسەب ـ دەرىجە كۆز قارىشى ...... 52
ئىككىنچى پاراگراف جانلىنىۋاتقان ئىقتىساد ........... 61
ئۈچىنچى پاراگراف كۆپ مەنبەلىك دىنىي ئېتىقاد ... 77
تۆتىنچى باب شەرقتىكى غايىۋى دۆلەت ............... 82
بىرىنچى پاراگراف ئەلنى خاتىرجەملەندۈرۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەركىزىي تېمىسى ............................................ 82
ئىككىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي قارىشى.................................. 88
ئۈچىنچى پاراگراف شەرقتىكى غايىۋى دۆلەت.......... 99
تۆتىنچى پاراگراف يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتىنىڭ ماھىيىتى ........................................ 111
بەشىنچى باب بىلىم ۋە بەخت ........................... 116
—«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئېتىكىلىق قاراش ئۈستىدە ئىزدىنىش (1) ........................................ 116
بىرىنچى پاراگراف پەزىلەت — ئەقىل، پەزىلەت — بىلىم...................................................... 116
ئىككىنچى پاراگراف بەخت ۋە بىلىم ..................... 129
ئالتىنچى باب ياخشىلىق ........................................ 142
—«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئېتىكىلىق قاراش ئۈستىدە ئىزدىنىش (2) ........................................ 142
بىرىنچى پاراگراف پائال ھالدا خەلققە بەخت يارىتىش كېرەكمۇ ياكى ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاش، زاھىدلىق قىلىپ باقىي ئالەم ئۈچۈن ساۋاب تېپىش كېرەكمۇ؟.............................. 146
ئىككىنچى پاراگراف نۇرەسسەز كۆرۈش، كەسكىن تالاش ـ تارتىش ........................................ 152

ئۈچىنچى پاراگراف ئىككى ئەرەپتىكى نۇقتىنەزەرنىڭ
ئۆزئارا سىڭىشىشى ...... 158
تۆتىنچى پاراگراف مۇنازىرىدىن كېلىپ چىققان
بېشارەتلەر ...... 164
يەتتىنچى باب پېرسوناژلار ھەققىدە بايان ...... 171
بىرىنچى پاراگراف پادىشاھ كۈنتوغدى — ئادالەتنىڭ
سىمۋولى ...... 174
ئىككىنچى پاراگراف ۋەزىر ئايتولدى — دۆلەتنىڭ
سىمۋولى ...... 185
ئۈچىنچى پاراگراف ۋەزىر ئوغلى ئۆگدۈلمىش — ئەقىل-
ئىدراكنىڭ سىمۋولى ...... 193
تۆتىنچى پاراگراف ئودغۇرمىش — قانائەت ۋە باقىي
دۇنيانىڭ سىمۋولى ...... 198
سەككىزىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سېھرىي كۈچى ...... 218
بىرىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ...... 218
ئىككىنچى پاراگراف سىمۋول خاراكتېرلىك بەدىئىي
ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ...... 232
ئۈچىنچى پاراگراف روشەن دراماتىك ئالاھىدىلىكى ...... 242
توققۇزىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» ۋە شەرق - غەرب
مەدەنىيىتى ...... 259
بىرىنچى پاراگراف غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇي-
غۇر مەدەنىيىتى — كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئارى-
لىشىپ تاۋلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تېگىملىكچىدۇر ...... 259
ئىككىنچى پاراگراف پارس - ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى-
نىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە تۇتقان ئورنى ...... 272
ئۈچىنچى پاراگراف ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ
«قۇتادغۇبىلىك» تىكى تىندۇرمىسى ...... 291

تۆتىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكى كۆڭزىچىلار ئىدىيىسى .................. 308
بەشىنچى پاراگراف قەدىمكى يۇنان ئېستېتىكىسىنىڭ
«قۇتادغۇبىلىك» كە بولغان تەسىرى .......... 335
ئالتىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىي
مەدەنىيەت دەرىخىدىكى تەڭداشسىز نەتىجە .......... 351

# مۇقەددىمە

بىر مەھەل شۆھرەت قازانغان قەدىمكى يۇنان، رىم مەدەنىيىتى تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ، ياۋروپا مەدەنىيىتى فېئودال كىنەزلەر بىلەن رىم مىسسىئونېرلىرىنىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنىڭ قاراڭغۇ جىرالىرىغا چۈشۈپ كەتكەن چاغدا، شەرقتە چاڭئەننى مەركەز قىلغان بۈيۈك تاڭ دەۋرى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن باغدادنى مەركەز قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ تەسىرى شەرقتە چاۋشيەن، ياپونىيىگىچە، غەربتە ئىبېرىيە (پىرېنېي) يېرىم ئارىلىدىكى ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىغا قەدەر يېتىپ بېرىپ، ياۋروپادا تۆۋەن مىڭ تۇلپار بوغۇق كىشنەۋاتقان، شەرقتە بولسا كۈنسايىن گۈللىنىش يۈز بېرىۋاتقان مەدەنىيەت ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىدى. ئۇ خەن دەۋرىدىن تارتىپلا خەلقئارادىكى مەدەنىيەت سەھنىسىگە قەدەم قويدى، شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەمدە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا كىرىشتى. ۋېي، جىن دەۋرىدىن كېيىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساس تىكلىدى. تاڭ خاندانلىقى مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى

شۇنداقلا شەرق بىلەن غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلدى، مېغىزىنى تاللىۋېلىپ ئۆزىنى بېيىتتى، بۈيۈك تاڭ مەدەنىيىتىنى رەڭگارەڭ قىياپەتكە كىرگۈزدى. ھالبۇكى، تاڭ دەۋرىنىڭ روناق تاپقان مەزگىلى تۈگەش بىلەن تەڭ، بۈيۈك تاڭ مەدەنىيىتىمۇ تەدرىجىي يوسۇندا ھالىدىن كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك تەشكىلىي قىسمى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە يۈكسىلىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

جەنۇبتا يىزۇ مىللىتى بىلەن بەيزۇ مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان نەنجاۋ، دالى ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى (8—13-ئەسىر) مەدەنىيەت شۇنداقلا جۇاڭزۇ، دۇڭزۇ، شۈيزۇ قاتارلىق ئالدىنقى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەييۈ مەدەنىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي گۈللىنىشكە يۈزلەندى؛ غەربىي جەنۇبتا، 10 — 12 - ئەسىرگە كەلگەندە زاڭزۇلار مەدەنىيىتى شەكىللەندى؛ شىمالدا قىتان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچەيدى، موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى؛ غەربتە 9 - ئەسىر بىلەن 13 - ئەسىر ئارىلىقىدا، تۇرپان بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىدىكى پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچ بىلەن يېڭى ئېقىم تەرىقىسىدە مەيدانغا چىقىپ، جاھان ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى.

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە 6 مىليون 670 مىڭدىن كۆپرەك نوپۇسى بار ئۇلۇغ ۋە قەدىمكى بىر مىللەت. ئۇلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئورخۇن دەرياسى بىلەن تۇلا دەرياسى ئارىلىقىدىكى تاغ ئورمانلىرى ۋە پايانسىز ياپىلاقلاردا كۆتۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئات مىنىشكە ۋە

ئۇ قىيا ئېتىشقا ماھىر، مەجەزى چۇس ئادەملەر بولۇپ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكتە ھايات كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى بىر ئەزا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن سۇلالىسىگە ئىنتايىن يېقىن ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى مىلادىنىڭ 8-ئەسىرلىرىدە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكتە سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر خاقانلىقىنى قۇرۇپ، يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت پۇت تىرەپ تۇردى.

بىر مەھەل كۈچەيگەن ۋە روناق تاپقان ئۇيغۇر خاقانلىقى، مىلادىنىڭ 840-يىلىغا كەلگەندە تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلى، ئەڭ ئاخىرىدا قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. نەتىجىدە زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، غەربىي يۇرتتا بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى ۋە ھەرقايسى تۈركىي قەبىلە خەلقى بىلەن بىرلەشتى، غەربىي رايوندا ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇقىرى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق، ئۇلار يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە، قۇدرەتلىك ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كۆچۈپ كىرگەن بۇ غەربىي رايون، قەدىمدىن تارتىپلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل، ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەت مۇجەسسەم بولىدىغان بىر جاي ئىدى. تەڭرى ئاتا قىلغان ۋە باشقا ھېچكىمدە يوق مۇشۇنداق ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە مەدەنىيەت شارائىتىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، قەدىمكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، پارس-ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ھەمدە قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئالالايدىغان يەنە بىر ئىمكا-

نىيەتكىمۇ ئىگە بولدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ھېچكىم تويمىغان ئەھۋالدا ۋايىغا يەتتى، 11 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئىككى پارچە گىگانت ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇنىڭ بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 — 1070 - يىللىرى قەشقەردە تاماملىغان پەلسەپىۋى شېئىرىي دراما «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم)، يەنە بىرى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق،ئالىم مەھمۇت قەشقەرى 1072 — 1074- يىللار ئارىلىقىدا باغدادتا يېزىپ تۈگەتكەن قامۇس شەكىللىك چوڭ ھەجىمدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىدى. بۇ ئىككى پارچە گىگانت ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئەينى چاغلاردىكى شەرق ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. زەبەردەست باھادىرلاردەك ئورنىدىن دەس تۇرغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جاھاننىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئەبەدىيلىككە ئىگە بۇ ئىككى كىتاب، يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭلا گۆھىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭلا غۇرۇرى بولۇپ قالماي، بەلكى جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسى ئۈچۈنمۇ ئۆزگىچە ھۆسن قوشتى.

9 — 13 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن دەۋر ئىدى. بۇ 300 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شائىرلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد چىقىپ تۇردى، ئەسەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دۇنياغا كەلدى. قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئورۇنلار، كۈتۈپخانىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شائىر، ئالىملىرى بۇ شەھەرگە جەم بولۇپ،ئۆز بىلىملىرىنى ئالماشتۇردى، مەسىلىلەر ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشتى، ئىلمىي كەيپىيات قويۇق تۈس ئال-

دى. مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا
زېمىندا تۇرغۇزۇلغان نۇرلۇق مایاكقا ئوخشاش، تەرەپ - تە-
رەپكە نۇر چاچتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى
غەربكە قەدەر كېڭەيتتى.

## 1. شەرقتىكى ئەبەدىيلىككە ئىگە داڭلىق ئەسەر

«قۇتادغۇبىلىك» (Kudatqubilik) ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەر بولۇش سۈپىتىدە، ھازىرغىچە
بايقالغان ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ
ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن كىتاب بولۇپ پۈتكەن،
ھەجمى ئەڭ زور شېئىرىي ئەسەر. ئۇ 9 — 13 - ئەسىردىكى قەش-
قەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىك، ۋە-
كىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتاب پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەك-
لىدە يېزىلغان بولۇپ، 13 مىڭ مىسرادىن كۆپ شېئىر، ئىككى
پارچە (نەسرىي ۋە نەزمىي) مۇقەددىمە، ئۈچ پارچە لىرىكىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 85 بابتىن تەركىب تاپقان.

بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇ-
لى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە، شائىر ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىكى
ئۈچ بابتا پارس، ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئادەتلەنگەن ئۇسۇل-
نى قوللىنىپ، ئاللا ھەققىدە، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى-
دىكى تۆت ساھابى ھەققىدە مەدھىيە ئوقۇغان، ئۇلاپلا گۈزەل
باھار پەسلى ۋە شۇ چاغدىكى ھۆكۈمدار — قاراخانىلار سۇلا-
لىسىدىكى بۇغراخان ھەققىدە ھەمدۇسانا ئېيتقان. تۆت بابلىق
مەدھىيىدىن كېيىن، ئاپتور يەنە ساق ئالتە بابنى ئىشلىتىپ،

ئۆزىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى، ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتى، ئەقىل-پاراسەت، بىلىم، ياخشىلىق قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان. 11 بابتىن كېيىن، ئەسەر قەھرىمانلىرى ئارقا-ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، سۇيۇژىتلار تەدرىجىي يوسۇندا قانات يايدۇرۇلغان.

بۇ شېئىرىي ئەسەردە پېرسوناژلار بار، سەھنە مەنزىرىسى بار، سيۇژىتلارنىڭ راۋاجى ۋە پېرسوناژلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك دىئالوگ شەكلىدە بايان قىلىنغان، پېرسوناژلارنىڭ ھەربىرىنىڭ نىسبەتەن ئېنىق ئىپادىلەنگەن، مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇنى پەلسەپىۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك شېئىرىي دراما دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ شېئىرىي درامىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ تۆت كىشى بولۇپ، ئۇلار كۈنتۇغدى ئەلىگ (Kun tuqdi)، ئايتولدى (Ai toldi)، ئايتولدىنىڭ ئوغلى، ئەقىل-پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (Oktulmix)، زاھىد ئودغۇرمىش (Odqurmix) لاردىن ئىبارەت.

شېئىرىي درامىنىڭ ۋەقە-ئېپىزوتلىرىمۇ خېلىلا مۇقۇل، بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئەسەردىكى ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئۆزىگە بىر ياردەمچى تەلەپ قىلىدۇ. مۇلايىم، مېھرىبان، ئەقىل-پاراسەتكە باي ئايتولدى بۇ ئىشقا دادىللىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ۋە كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ھىممىتىگە نائىل بولۇپ ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ. ئايتولدى (ۋەزىر) ئەلىگ خاقانغا ھەمدەم بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن يۈرگۈزىدۇ، دۆلەت پاراۋان، خەلق ئاسايىشلىقتا ئىگە بولىدۇ، ئۇ تولىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاخىرىدا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ-دە،

ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئەقىللىق كىچىك ئوغلىنى ئەلىگ خاقاننىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرىدۇ.

2. ئەقىللىق ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يېتىدۇ ھەمدە دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋەزىر بولىدۇ. ئۇ ئەقىل-پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، قابىلىيەت جەھەتتە باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرىنى، ئالايلۇق، ئەلىگ خاقان، ۋەزىر، ھەربىي ئەمەلدارلار، دىپلوماتىيە خادىملىرى قاتارلىق ھۆكۈمرانلار ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ زادى قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەكلىكىنى، زادى قانداق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى لازىملىقىنى؛ ئەلىگ خاقانلارنىڭ پەيلاسوپ ئالىملارغا شۇنداقلا ھۈنەرۋەن، دېھقان، تىجارەتچى، پادىچى قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئاددىي پۇقرالارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى كۈنتۇغدى ئەلىگكە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ دادىسى ئايتولدىغا قارىغاندا تېخىمۇ بىلىملىك، قابىلىيەت جەھەتتە ئۇنىڭدىن يۈكسەك، سىياسىي ئىنتىلىش جەھەتتە تېخىمۇ ئۇلۇغۋار بولغاچقا، كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ بىردەملىك ئايرىلسىمۇ بولمايدىغان يېقىن ياردەمچىسى، سادىق ۋەزىرى بولۇپ قالىدۇ.

3. كۈنتۇغدى ئەلىگ دانىشمەنلەرگە تەشنا ئادەم بولغاچقا، ئەقىللىق ۋەزىرى ئۆگدۈلمىشتىن بىر جەمەت دوستى زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تالانت ۋە بىلىم جەھەتتە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا، زاھىد ئودغۇرمىشنى جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا، ئۆگدۈلمىش بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە يار-يۆلەك بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

ئۇ ئۆز قولى بىلەن يازغان تەكلىپنامىنى ئۆگدۈلمىشقا تۇتقۇ-
زۇپ، ئۇنى زاھىد ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىدۇ،
لېكىن ئودغۇرمىش ئېلىگ خاقاننىڭ سارايى خىزمىتىگە تەك-
لىپ قىلىپ يازغان خېتىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. كۈنتۇغدى
ئېلىگ شۇنچىلىق بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ، بەلكى ئۆگدۈلمىشنى
«مەرتەم - مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» ماڭغۇزىدۇ، زاھىد ئودغۇرمىش
كۈنتۇغدى ئېلىگ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەسلىكتە ماقۇل بولىدۇ،
ئۇ ئېلىگ خاقانغا ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سۆزلەپ كې-
لىپ: «شاھلارنىڭ ئالتۇن تەختى چۈشكە ئوخشايدۇ»، «ئۇزۇنغا
سوزۇلغان كېچىلەردە راھەت - پاراغەتكىلا بېرىلمەسلىك كېرەك،
ھەقىقىي خۇشاللىق پەقەت باقىي دۇنيادىلا مەۋجۇت» دەيدۇ، ئۇ
سۆزىنى تۈگىتىپ، ئالدىرىغان ھالدا تاغدىكى ئىرمانلىققا قاي-
تىپ كېتىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

ئەقىللىك ۋەزىر ئۆگدۈلمىش زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ
ئۆلۈمىدىن ئىنتايىن قايغۇرىدۇ. ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى
ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىشقا مەجبۇر
قىلىدۇ، ئۇ قايغۇدىن قۇتۇلۇپ، يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، كۈن-
تۇغدى ئېلىگنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە جانپىدالىق بىلەن
كۈچ سەرپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشى ئارقىلىق دۆلەتتە
ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاسايىشلىق بولىدۇ، خەلق خاتىرجەم، خۇ-
شال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

بۇ شېئىردىي داستاندىكى ۋەقە ئېپىزوتلىرىنىڭ راۋاجلى-
نىش يولى ئادەتتىن تاشقىرى روشەن بولۇپ، يارىتىلغان پېر-
سوناژلارمۇ ناھايىتى كۈچلۈك سىمۋوللۇققا ئىگە. مۇئەللىپ
ئەسەردىكى پېرسوناژلارغا چوڭقۇر غايىۋىلىك بەخشەندە قىل-
غان، ئۇ بۇنى ئۆز شېئىرىدا مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«بۇ كۈنتۇغدى دېگىنىم قانۇن، ئادالەتتۇر. ئايتولدى

دېگىنىم بەخت ـ سائادەتتۇر، ئۆگدۈلمىش ئۇ ئەقىل ـ ئىدراك-
نىڭ نامى بولۇپ، كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرىدۇ، ئودغۇرمىشنى
قانائەت دەپ تەرىپلىدىم»

(353 — 358 - بېيىتلار)

**پۈتۈن** ئەسەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزەتكەندىن كېيىن **شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى**، بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ھەرگىزمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ئەمەس، شائىر پېرسوناژلار ئارىسىدىكى دىئالوگ ۋە ئۆزئارا ئېلىپ بېرىلغان بەس ـ مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالەم، جەمئىيەت، ھايات قاتارلىق بىر يۈرۈش چوڭ مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشقان. ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى مەيلى ئۇ كۈنتۇغدى ئەلىگ، ئايتولدى ۋەزىر، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر ياكى زاھىد ئودغۇرمىش بولمىسۇن، ھەممىسىلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى ئۆز زىممىسىدە كۆتۈرگۈچىلەردۇر.

روشەن دراماتىك ئالاھىدىلىكلەر، سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىك «قۇتادغۇبىلىك» نى شۇ زاماندىكى شەرق دۇنياسىدا ئېقىپ يۈرگەن لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلاردىن پەرقلەندۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شېئىرىي دراممىنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى چوڭلۇقى، ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە سىياسىي قاراشلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شۇ چاغدىكى شەرق دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئادەتتىكى شېئىرلار يېقىن بارالمايدىغان بىر ئەھۋال ئىدى.

بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى بەكمۇ كەڭ، ئۇ سىياسىي، پەلسەپە، ئىقتىساد، دىن، تىل، ئەدەبىيات، مائارىپ، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە شۇنىڭدەك ئاسترونومىيە،

جۇغراپىيە، گېئومېترىيە، ماتېماتىكىلارنىڭ بىرسىمۇ ئۆزىدىن
مۇستەسنا قىلىنمىدى، شۇڭا ئۇ شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن پەل-
سەپىنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرغان، مەزمۇنى بىلەن شەكلى
ئىنتايىن ماسلاشقان قامۇس شەكىللىك گىگانت ئەسەر. ئۇ
ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي
قىممەتكە ئىگە كىتاب بولۇش بىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇي-
غۇرلار ۋە ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇل-
مىسى، ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئىدېئولوگىيە ئەھۋالىنى تەتقىق
قىلىشتا بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ شېئىرىي دراما — مەيلى بەدىئىي شەكىل يېقىدىن
ياكى مەزمۇن يېقىدىن بولسۇن، ئىنتايىن يېڭى ۋە ئۆزگىچە ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭدىن قويۇق شەرق مەدەنىيەت ئالاھىدى-
لىكى چىقىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا يەنە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ
بەزى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار. ئۇ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ
ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. «قۇتادغۇبىلىك» شەرق
بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى بىر گەۋدىگە يىغىشتا،
ھەرخىل قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشتە، ئەڭ
گەۋدىلىك مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت تارىخىي قىممىتىگە ئىگە
بولالىغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ دەل مانا مۇشۇ يەردە.

## 2. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

غەربىي يۇرت ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان بىر
جاي، ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئادەملەر قەلبىدە قالدۇرغان
تەسىرىمۇ قويۇق سېھىرىي كۈچكە ئىگە. پايانسىز قۇملۇقتىن
ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ ئاڭلىنىدىغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئادەملەردە

قەدىمىي كۈنلەرنى سېغىنىدىغان پىنھان خىياللارنى قوزغىتىدۇ، قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان شەھەر-بازارلار، ئىبادەتخانا ۋە قەبرىلەر، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى «يىپەك يولى ئاشىقلىرى» نىڭ كۆڭلىنى تىلسىم كەبى ئۆزىگە تارتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئاشىقىي بىقارار قىلىدۇ.

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدىكى چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن تېپىشماقلارنىڭ سىرى تېخىچە ئېچىلمىدى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق مىسرالار بار:

«تۆت يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىل ئىدى،
بۇ سۆزلەرنى تاللاپ، يېزىپ تاماملىدىم.

ئەقلىم يەتكەنلا سۆزنى تۈگەل يازدىم،
ئوقۇغان ۋە چۈشەنگەنلەر ئۆزى ئىبرەت ئالسۇن.»
(6495 — 6496 - بېيىتلار)

بىز بۇلاردىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى يەنى مىلادىنىڭ 1069 — 1070 - يىللىرى يېزىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

«مۇقەددىمە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، بىز يەنە مۇئەللىپىنىڭ بۇ كىتابىنى شۇ زاماندىكى قاراخانىلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا خان ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغانلىقىنىمۇ چۈشىنەلەيمىز. مۇشۇ سەۋەبتىن، سۇلايمان قاغان شائىر يۈسۈپنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» (سەلتەنەت تايانچىسى) دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەنىدى.

«مۇقەددىمە» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ كىتاب خەلقى ئالەم بىلەن يۈز كۆرۈشۈپلا پۈتۈن شەرق زېمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار، شىمالدىكى قى-

تانلار، غەربتىكى ئىرانلىقلار بۇ ئەسەرگە ناھايىتى يۈكسەك باھا بەرگەن. كېيىنكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى تېپىلغان — قاھىرە (مىسىر)، ھىرات (پاكىستان)، پەرغانە قاتارلىق جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئەسەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، بايانلىرىنىڭ ئىخچاملىقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى تۈپەيلى، گەرچە 13 مىڭ مىسرادىن كۆپ بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئۇنى يەنىلا بەس-بەستە كۆچۈرۈپ، تالىشىپ كۆرگەنلىكىنى، ئۇ تارقالغان رايونلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شەرق دۇنياسىدىكى ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئوتتۇرا ئاسيادىكى يېيىق دەريا كۆرپىسىگە يېقىن جايدىن تېپىلغان بىر كوزىنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئېلىنغان مىسرالارنىڭ يېزىلغانلىقىدىن قارىغاندىمۇ، «قۇتادغۇبىلىك» بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈكسەك شان-شەرەپكە سازاۋەر بولغانلىقىنى، ئوتتۇرا ئاسيادا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

لېكىن، ئوتتۇرا ئاسيادىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ تەكرار ئالمىشىشى ۋە ئۈزۈلمەي سادىر بولۇپ تۇرغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ 11-ئەسىردىلا پۈتۈن جاھاننى ھەيرانۇھەس قىلغان ئىككى پارچە گىگانت كىتابى — «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قول يازمىسى ۋە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى يوقىلىپ كېتىشتەك بەختسىزلىك يۈز بەردى. كېيىن، گەرچە ھەرخىل كلاسسىك كىتابلار ۋە باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا بۇ ئىككى كىتابنىڭ ئىسمىنى كۆپ قېتىم كۆرۈنگەن، ئاۋام ئىچىدىمۇ بۇ ئىككى نەپەر بۈيۈك

ئالىم توغرىسىدىكى ھەرخىل رىۋايەتلەر ئىزچىل رەۋىشتە تارقى-
لىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىككى پارچە كىتاب خۇددى
سۇغا چۈشكەن يىڭنىدەك ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى.
ۋاقىت پەردىسى بۇ ئىككى گىگانت ئەسەر بىلەن ئىنسانىيەت
تارىخىدىكى مۇناسىۋەتنى رەھىمسىز رەۋىشتە نەچچە يۈز يىل
ئۈزۈپ قويدى. ئوتتۇرا ئەسىردە نۇر چاقنىتىپ جەۋلان قىلى-
غان، بىر مەھەل شان-شۆھرەت بىلەن پۈركەنگەن ئۇيغۇر مە-
دەنىيىتى، زور ھەجىملىك بۇ ئىككى كىتابنىڭ يوقىلىپ كېتى-
شى بىلەن، تارىختىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگەشكەن ھالدا ئادەم-
لەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلدى.
كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەر، ھامان بىر كۈنى ئادەملەر
تەرىپىدىن قېزىپ چىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭ نۇرلۇق چىرايى، قىم-
مىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. خەن دەۋرىگە ئائىت ماۋاڭدۈي
قەبرىستانلىقىنىڭ قېزىلىشى، چىن دەۋرىگە ئائىت لەشكىرى
قورچاقلارنىڭ تېپىلىشى پۈتۈن دۇنيانى ئۆپۈر-تۆپۈر قىلىۋەت-
كەن، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەرگە تەسىر
كۆرسىتىدىغان «خەن مەدەنىيەت قىزغىنلىقى» يېتىپ كەل-
گەنىدى.
يوقىلىپ كەتكەن چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي ئەسەرلەر،
يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن گۆھەرلەرگە ئوخشاش ھامان بىر كۈنى
ئاشكارا بولاتتى. 19-ئەسىرنىڭ پەردىسى ئېچىلىشى بىلەن
تەڭ، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كۆ-
چۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ئارقا-ئارقىدىن تېپىلدى، ئۇخلاپ يات-
قىنىغا نەچچە يۈز يىللار بولغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ ياشلىق
باھارى قايتىدىن بەرق ئۇردى. بۇ ئىككى كىتابنىڭ يوقىلىپ
كېتىپ يەنە قايتا پەيدا بولۇشى ۋە ئېلان قىلىنىشى، خەلقئارا-
دىكى ئىلمىي ساھەنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇ 19 — 20-

ئەسىردىكى دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋەقە بولۇپ قالدى.

يۈز نەچچە يىل مابەينىدە بۇ ئىككى كىتابنى سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش بويىچە دۇنيا مىقياسىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. «تۈركولوگىيە قىزغىنلىقى»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قىزغىنلىقى» دىن كېيىن، دۇنياۋى خاھىشقا ئىگە بولغان «يىپەك يولى مەدەنىيىتى قىزغىنلىقى» تازا گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دۇنيا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىردە بىر مەزگىل روناق تاپقان، سىرلىق تۇس ئالغان قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشمۇ كۈنسايىن كۈچىيىشكە باشلىدى.

بۇ ئىككى پارچە گىگانت ئەسەرنىڭ يوقىلىپ كېتىپ قايتا پەيدا بولۇشى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يېڭىباشتىن تونۇش ۋە باھالاشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئوخشاشلا دۇنيا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ شەرق مەدەنىيىتىنى قايتا تونۇشى، ئۇنىڭغا يېڭىباشتىن باھا بېرىشىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى قول يازمىسى تا ھازىرغا قەدەر ئۇچرىتىلمىدى، ھازىرغىچە تارقىلىپ يېتىپ كەلگەنلىرى كېيىنكى ئادەملەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن تېپىلغانلىرى ئۈچ خىل، ئۇلار ۋېنا نۇسخىسى، قاھىرە نۇسخىسى ۋە پەرغانە نۇسخىسىدىن ئىبارەت.

**ۋېنا نۇسخىسى** بۇ ئەڭ بۇرۇن تېپىلغان نۇسخا. بۇ نۇسخا «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولۇپ 370 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1439 - يىلى ھىرات شەھىرىدە (ھازىرقى ئافغا-

نىستاننىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، تېپىلغان چاغدا تولۇق ئەمەس ھالەتتە ئىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ھىراتتا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاۋستىرىيەلىك شەرقشۇناس ھاممېر پورگىسسىشتال بۇ نۇسخىنى ۋېناغا ئېلىپ كەلگەن ھەمدە ئۇنى ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىغان. شۇڭا بۇ نۇسخا ۋېنا نۇسخىسى دېيىلىدۇ، بەزىدە ھىرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ نۇسخا ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا ھېچكىمگە بىلىنمەي يۈز يىل تۇرۇپ قالدى، تاكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋامبېرى بىلەن رادلوۋدىن ئىبارەت ئىككى ئالىم بۇ نۇسخىنىڭ بىر قىسىم ترانسكرىپسىيەلىك تېكىستىنى ئىشلەپ چىقتى، ئۇلارنى تەرجىمە قىلدى ۋە مەتبەئەدە باستۇردى.

**قاھىرە نۇسخىسى** بۇ نۇسخا ئەرەب ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 16600 مىسرا. ئالىملار بۇ نۇسخىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن كېيىن ئەمەس دەپ مۆلچەرلەيدۇ. بۇ نۇسخا ھازىر قاھىرەدىكى خىدىۋ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، خىدىۋ كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن گېرمانىيەلىك ئالىم مورىتىز تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغانىدى.

**پەرغانە نۇسخىسى** بۇ نۇسخا ئەرەب ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنى تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى 1913 - يىلى فەرغانە ۋىلايىتىدىكى نامەنگەن شەھىرىدە مەلۇم بىر كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن، كېيىن بۇ نۇسخا يوقىلىپ كەتكەن، 1925 - يىلىغا كەلگەندە، يەنە بىر ئۆزبېك

ئالىمى بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. بۇ خېلى كېيىن تېپىلغان نۇسخا بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنگىچە تېپىلغان ھەرخىل نۇسخىلار ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ تولۇق نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى تەخمى-نەن 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مەشھۇر تۈركىيە ئالىمى رىشىت رەھمەتى ئارات يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ، كۆپ يىل تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە 1947 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ لاتىن ھەرپى بىلەن يېزىلغان ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى تۈرغۈزۈپ چىقتى. سېلىشتۇرۇلغان بۇ نۇسخا نىسبە-تەن ئىلمىي، نىسبەتەن تولۇق، ھەرخىل يېزىقتىكى تەرجىمى-لەرنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان مۇھىم نەشر نۇسخىسى بولۇپ قالدى.

نۆۋەتتە، خەلقئارادا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ رۇسچە، ئىن-گلىزچە، تۈركچە، خەنزۇچە، ئۆزبېكچە تولۇق تەرجىمە قىلىن-غان نەشرى بار. شۇنداقلا ئۇنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرى نېمىس، قازاق، ئەزەربەيجان يېزىقلىرىدا تەرجىمىدىن چىقتى.

ئېلىمىزدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 - يىلى گېڭ شىمىن بىلەن ۋېي سۈيىي بىرلىكتە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئايرىم بابلىرىنى تۇنجى مەرتىۋە نەشر قىلدى، بۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىلىم - پەن سا-ھەسىگە نىسبەتەن سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان بىرىنچى قېتىم-لىق تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدىكى يولداشلار كۆپ يىل تىرىشچان-لىق كۆرسىتىپ، 1984 - يىلىغا كەلگەندە «قۇتادغۇبىلىك»

نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن لاتىن ھەرپىدە ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈلگەن ئەسلى تېكىستىنىڭ سېلىشتۇرما نۇسخىسىنى نەشر قىلدى. ئارقىدىنلا خاۋ گۇەنجۇڭ، لىيۇ بىن، جاڭ خۇگچاۋ تەرىپىدىن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىنغان «قۇتادغۇ-بىلىك» نىڭ خەنزۇچە تولۇق تەرجىمە نۇسخىسى پۈتۈپ، 1986 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن نەچچە يۈز يىل سۈكۈتتە قالغان «قۇتادغۇبىلىك» ئۆزى تۇغۇلغان ماكانغا قايتىپ، ئازادلىقتا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىگە تەسەللىي تاپقان بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمىز.

## 3. قەشقەر — دۇنيادىكى تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت توپلاشقان جاي

قەشقەر — ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان نۇرلۇق ماياك. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 9 — 13 - ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئىككى پارچە شانلىق ئەسەر، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇت قەشقەرى قەشقەرلىك. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئۆلمەس ئەسىرىنى قەشقەردە ئىجاد قىلىپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزۇن مەزگىل مۇشۇ شەھەردە ياشىغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى مۇشۇ شەھەردە ئۆتكۈزگەن،

ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. پەـ
قەت قەشقەرنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى كۆپرەك چۈشەنـ
گەندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ماھىيىتى،
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىـ
كى ئالاھىدىلىكلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋالغىلى ۋە تونۇپ
يەتكىلى بولىدۇ.

قەشقەر ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى مەدەـ
نىيەتلىك قەدىمكى شەھەر، ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي
تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇ «كىلىماتى مۆتىدىل، شامال - ياغمۇرلىرى
راۋان»، يېرى مۇنبەت، سۇيى ئەلۋەك، ھوسۇلى مول، بۆكـ
باراقسان، باغ - باراڭلىق، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر يېقىدا
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان يېشىل ياقۇت ئىدى.

قەشقەر تارىخى ئۇزۇن قەدىمكى شەھەر، جاڭ چيەن مىلادىـ
دىن ئىلگىرىكى 120 - يىلى غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە،
قەشقەر رايونى شۇ چاغدىكى غەربىي يۇرت دۆلەتلىرىدىن
بولغان سۇلى دۆلىتى ئورۇنلاشقان جاي ئىدى. شەرقىي خەن
دەۋرىدىكى بەن چاۋ، مىلادىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى غەربىي
يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، سۇلى دۆلىتىگە بېرىپلا قالماي،
بەلكى ئۇ يەردە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئون نەچچە يىل
تۇرغان ھەمدە غەربىي يۇرت ھىمراۋۇل مەھكىمىسىنى قۇرۇپ
چىققانىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇلى جۇڭگو خەرىتىسىگە
كىرگەنىدى. مىلادى 7 - ئەسىردە، تاڭ سۇلالىسى سۇلىدا
تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى
ئۇدۇن، بالاساغۇن ۋە كۇسەندىكى ئۈچ تۇتۇق مەھكىمىسى
بىلەن بىرلىكتە تاڭ دەۋرىنىڭ ئەنشىدىكى داڭلىق تۆت بازىرىنى
شەكىللەندۈردى.

قەشقەر دېگەن بۇ نام ئەڭ دەسلەپتە شىنلىو راھىبى

خۇيچاۋنىڭ (? — 780) «ھىندىستان تەزكىرىسى» دە چېلىقى
دۇ، بۇ كىتابتا سۇلىنىڭ نامى «伽师祇离» دەپ ئاتالغان،
سۇڭ دەۋرىدىكى راھىب خۇي لىن يازغان «خۇي لىننىڭ تاۋۇش
لار توغرىسىدىكى ئىزاھاتى» دېگەن كىتابتا «伽师佶黎»
دېيىلگەن. 11 - ئەسىردىكى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن زامانداش
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ توغرا ئاتىلىشى
«喀什噶尔» (K.ś.r) دەپ ئېلىنغان، ئۇ مىڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە «哈实哈尔»، چىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە «喀什噶尔»،
ئەمەلىيەتتە بولسا «喀什» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان
بولغان. ئۇيغۇر تىلىدا ئۇ ھېلىھەم «قەشقەر» دېيىلىدۇ.

قەشقەر رايونى قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا قاتناشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى. چاڭئەندىن باشلانغان يىپەك يولى تارىم ئويـ مانلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يوللارغا بۆلۈنەتتى، جەنۇبىي يول لوپنۇر، مىران، چەرچەن، خوتەندىن، شىمالىي يول تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇدىن ئۆتەتتى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولدىن ئىبارەت يىپەك يولى قەشقەردە قوشۇلاتتى - دە، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ئايرىم ھالدا ئافـ غانىستان، ئىران، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە قاراپ كېتەتتى.

قەشقەر رايونى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىدا بولغاچقا، ئۇ يالغۇز شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرىدا زۆرۈر بولغان مۇھىم جاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش تۈگۈنى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى. دۇنيادىكى ھەرخىل قەدىمكى مەدەنىيەت، دۇنيادىكى نام - ئاتاقى بار بىرقانچە دىن ئوخشاشلا مۇشۇ يەردە توپلىشاتتى.
چەت ئەللىك بەزى ئالىملار بۇ رايوننى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ

«خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ ئاچىلى» دەپ سۈپەتلەيتتى.
قەشقەردىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت بىرىكمىسىدە، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن مەدەنىيىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگە-
لەيتتى. بۇ رايون خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئىلىمىزنىڭ
زېمىنى دائىرىسىگە كىرگەن ھەمدە ئىزچىل ھالدا مەركىزىي
ئوردىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى غەربىي يۇرت دىراۋۇل
مەھكىمىلىرى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلگەندى. خەنزۇ
ئەمەلدارلار، بوز يەر ئاچىدىغان لەشكەر - چېرىكلەر، باش-
ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان كارۋانلار، غەربىي ئەللەرگە نوم ئىلىش-
قا بارىدىغان تۈركۈم - تۈركۈم راھىبلار بۇ يەردىن يىل بويى
ئۆتۈپ تۇراتتى. قەشقەردىكى يەرلىك ھاكىمىيەتمۇ ئىزچىل
رەۋىشتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردا بىلەن قويۇق سىيا-
سىي مۇناسىۋەت ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى ساقلايتتى. ئۇلار
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتەتتى، ھالبۇكى،
ئاۋام ئىچىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان تىجارەتچىلەر
بولسا سان - ساناقسىز ئىدى.

قەشقەر رايونىدىكى پۇقرالار ئەزەلدىنلا ئۆزلىرىنى
جۇڭگو تۇپرىقىدا تۇرۇۋاتىمىز دەپ قارايتتى، ئۆزلىرىنى
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى بىر ئەزا دەپ
بىلەتتى. قەشقەرلىك مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»
دىكى «تاۋغاچ» (tavqaq) ئاتالغۇسىغا بەرگەن ئىزاھاتتا
مۇنداق يازغانىدى:

«‹تاۋغاچ› دېگەن ‹ماچىن› نىڭ ئاتىلىشى. چىن
ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، يۇقىرى چىن،
بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، ‹تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ؛
ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، ‹خىتاي› دەپ
ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ barhan

(بارخان) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ قەشقەردە.»

ئۇ «كەنت» (Kand) ئاتالغۇسىدا قەشقەرنىڭ تۆۋەن چىن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ، مۇنداق دېگەنىدى:

كەنت، شەھەر، شۇنىڭدىن ئېلىنىپ قەشقەر «ئوردۇكەنت» ordukənd دېيىلىدۇ. بۇ «خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان، بۇ يەر تۆۋەن چىندۇر.

ھەممىگە مەلۇم، چەت ئەل ۋە باشقا مىللەتلەر قەدىمدىن تارتىپ ئىچكىرى رەۋىشتە جۇڭگونى «چىن» دەپ ئاتىغانىدى. 11 ـ ئەسىردە قەشقەردە تۇغۇلغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرىدە قەشقەرنىڭ چىننىڭ شەكىللەندۈرىدىغان جايلارنىڭ ئۈچتىن بىرى ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتكەنىدى، بۇ غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىدا ئەزەلدىنلا كۈچلۈك ۋەتەن كۆز قارىشى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئىچكىرى ھالدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىدا: «تۈركلەر ئارىسىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر تاۋغاچ رايونىدا ياشىغاچقا، ئۇلار ‹تات تاۋغاچ› (tat tavƣaq) دەپ ئاتىلاتتى، ‹تات› ئۇيغۇرلار ئىدى، تاۋغاچ چىنلىقلار ئىدى» دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ يەردىكى مەسىلە شۇنچىلىك ئايدىڭ، شۇنچىلىك ئېنىق، يەنى 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە، قەشقەر چىننىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. چۈنكى چىن زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار «تات تاۋغاچ» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستى

گە «تات تاۋغاچ» نىڭ بىۋاستە مەنىسى «چىنلىق ئۇيغۇرلار»، مۇنداقچە ئېيتقاندا «جۇڭگولۇق ئۇيغۇرلار» دېگەن سۆز ئىدى.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلىپ، زور تۈركۈم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچتى، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى قەشقەرگە باردى، بىر بۆلۈك ئادەملەر داۋاملىق ئالدا غەربكە سىلجىپ پامىردىن ئۆتتى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى يۇرتلارغا يېتىپ باردى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنى ۋە قىسمەن ئارىيان تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا كۆپىنچە «تاۋغاچ» سۆزىنى قوشاتتى. مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى يۇقىرى باھا بەرگەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق قاغان ھەسەن ئىبنى سۇلايماننىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا «تاۋغاچ» ئاتالغۇسى بار ئىدى. سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىدە ۋەزىر بولۇپ تۇرغان بىرى ئۆزىنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابىدا، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بەزى ھۆكۈمدارلىرى كۆپىنچە «شەرق ۋە چىننىڭ پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى دەپ يازغانىدى. بۇ قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، سۇلالە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۆزىنى جۇڭگونىڭ خانلىرى دەپ ئاتاشتىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سىياسىي جەھەتتە زىچ ئالاقە ئورنىتىش، مۇقەررەر يوسۇندا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن يېقىن بولغاچ، مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن قويۇق ئىدى. ئۇلار غەربىي يۇرتقا كۆچكەندىن

كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردا ۋە خەنزۇ خەلقى بىلەن
ئىزچىل بېرىش - كېلىش قىلدى. نەتىجىدە خەن مەدەنىيىتىنىڭ
قەشقەر رايونى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرى چوڭقۇرلاشتى.

قەشقەر رايونى ھىندىستان بىلەن قوشنا بولغاچقا،
ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھىندىستانغا ئۆتۈشتە ماڭمىسا
بولمايدىغان يوللىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھىندىستاندىكى بۇددا
دىنى مىلادىنىڭ 1 - ئەسىردە خوتەن رايونىغا كىرىپ بولغانىـ
دى، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى تېزلىك بىلەن قەشقەرگىمۇ
تارقالدى. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەنى ئىسلام دىنى تارقىلىشـ
تىن بۇرۇنقى خېلى بىر مەزگىل ئىچىدە، قەشقەر ئىزچىل
ھالدا بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ تۇردى.
«شىمالىي تارىخ» تا يېزىلىشىچە، شىمالىي ۋېي ۋېنچىڭنىڭ
ئاخىرقى يىللىرى سۇلى خېنى ساكيامۇنىنىڭ بۇتى بىلەن
بىر دانە كاسايانى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەتكۈزۈپ بېرىش
ئۈچۈن ئادەم ماڭدۇرغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ كاسايا
ئادەتتىكى نەرسىلەردىن ئەمەس، بەلكى سېھرىي كۈچى بار كاسايا
ئىكەن، «شىمالىي تارىخ» تا خاتىرىلەنگەنلەردىن قارىغاندا،
كەلگەن كىشىلەر بۇ كاسايانىڭ سېھرىي كۈچىنى ئىسپاتلاش
ئۈچۈن ئۇنى خالايىققا كۆرسىتىپ تۇرۇپلا ئوتقا تاشلىغان،
لېكىن كاسايا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدە «ھېچ نەرـ
سە بولمىغان»، قاراپ تۇرغانلار بۇ ئەھۋالدىن قورقۇپ قېتىپ
قالغان.

مىلادى 7 - ئەسىردە بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىش
ئۈچۈن غەربىي ئەللەرگە قاراپ يولغا چىققان شۈەنجۇاڭ
قەشقەردىن ئۆتكەن چاغدا «نەچچە يۈزلەپ ئىبادەتخانا،
نەچچە مىڭلاپ راھىب» قا ئىگە بۇددا دىنىنىڭ قالتىس گۈللەنـ

گەن مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان.

قەشقەر شەھەر رايونىدا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ئۈچ ئەۋلىيا غارىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت تام سۈرەتلەر ۋە ئازادلىقتىن كېيىن بۇ رايوندا قېزىپ تېپىلغان بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىلىرى، كۆپ ساندىكى بۇتلار، تارىخىي ماتېرىياللارغا پۈتۈلگەن قەشقەر رايونى بىر زامانلاردا بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان دېگەن خاتىرىلەرنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇددا دىنى مەدەنىيىتى قەشقەر رايونىدا گۈللەپ - ياشناپ، مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتنى بېشىدىن كەچۈردى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن ئايان، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ئادەملەر بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلدى ۋە ساداقەتمەن بۇددا مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ قالدى.

مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنى قەشقەر رايونىغا كىرىشكە باشلىدى. دەسلەپتە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئۇنچە زور بولمىدى، كېيىنچە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۈچەپ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىلىق، ئىسلام دىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تارقىلىشقا باشلىدى، قەشقەرمۇ تەدرىجىي يوسۇندا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولدى. پارس، ئەرەب مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر رايونىغا ھەدەپ يۈسۈپ كىردى، ئەسلىدىكى قويۇق خەن مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان يەرلىك مەدەنىيەتكە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

غەرب مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى-
نىڭ قەشقەردىكى مەدەنىيەت ئىچىدە تۇتقان ئورنى خېلى چوڭ
سالماققا ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇئەييەن تەسىردىنى ئوب-
دانلا نامايان قىلغانىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە
ئالېكساندىر. ماكېدونىيىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى، قەش-
قەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا غايەت
زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. يۇنان مەدەنىيەت تۈسىنى
ئالغان، جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمىسىدىن
ھاسىل بولغان جەنتولو مەدەنىيىتى قەشقەر رايونىدا بىر
مەھەل تازا روناق تاپقانىدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسكەندەر (ئالېكساندىر)
زۇلقەرنەيىن ھەققىدە ھازىرغىچە ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتلەر،
ئۇنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە
ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

غەربىي يۇرتىنىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە، ئوتتۇ-
را تۈزلەڭلىكتىكى خەن زىمىنى بىلەن يۇنان «ئىلىم - پەننىڭ
ماكانى» ئىدى. ئۇلاردىكى فولكلوردىمۇ، بىلىملىك قەھرىمان-
لارنىڭ ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار ئارىسىغا بېرىپ
ئۆگەنگەنلىكى، ياكى بولمىسا يۇنانغا بېرىپ ئوقۇغانلىقى
توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار ئىدى.

قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنبە-
لىرىنىڭ بىرى. ئەرەبلەر قەدىمكى يۇناننى ئىشغال قىلغاندىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن چوقۇنغانىدى.
پارس ۋە ئەرەبلەردىكى قەدىمكى يۇنانغا بولغان چوقۇنۇش
ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگەشكەن ھالدا قەشقەر پۇقرا-
لىرى ئارىسىغىمۇ يېتىپ باردى. 11 - ئەسىردىكى قەشقەرلىك

ئالىملار قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بولغان پلاتون، ئارستوتېل قاتارلىقلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىلەن خېلى خوپ تونۇش ئىدى.

قەشقەر مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى جەھەتتە كۆپ خىل مەدەنىيەت مۇجەسسەم بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنىلا ئىپادىلەپ قالمىدى، بەلكى بۇ رايوندا دەۋرلەر بويى ياشاپ كېلىۋاتقان ئاۋامنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەردىكى ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئاھالە بولۇپ ياشىغان مىللەت كۆك كۆز، قاڭشارلىق، تېرىسى ئاق كەلگەن غەربىي ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار ھىند-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئارىيان تىلىغا مەنسۇپ ئىدى. لېكىن، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى زور تۈركۈمدىكى ھونلار، تۈركىي قەبىلىلەر، شۇنداقلا خەنزۇلارنىڭ بۇ رايونغا كىرىپ، ئۇلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە، ئىرق ۋە مىللەت قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مىلادىنىڭ 840-يىلى زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن يەرلىك ئاھالە تېزلىك بىلەن تۈركلىشىپ كەتتى، ئۇيغۇر يېزىقى قەشقەردىكى ئاھالە بىر تۇتاش قوللىنىدىغان تىل-يېزىق بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئەسلى ئاھالە بىلەن ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن بۇ مىللەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

ئۇيغۇرلار تۈركۈملەپ كۆچۈپ قەشقەردە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، دەسلەپتە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى، ئارقىدىنلا ئىسلام دىنىغا كىردى. لېكىن سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر پاكىت شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن تەڭ، شامان مەدەنىيىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر يايلاق مەدەنىيىتى قەشقەر رايونىغا ھەدەپ كىرىشكە باشلىغانىدى.

9 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي ئولتۇراق ئاھالە قىلغان قەشقەر رايونى، تېز ئارىدىلا ئۇيغۇر - تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشى، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياسىدى، شامان مەدەنىيىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر يايلاق مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىزلىدى. بۈگۈنكى كۈنگىچە كەلگەندە قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار گەرچە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانىغا 900 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق بەزى خىلۋەت يېزىلاردا شامان دىنىنىڭ كۆز قاراشلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا مەۋجۇت، شامانلار (قەدىمكى نامدا كام، ھازىر باقشى ئاتىلىۋاتقانلار) ۋە ئۇلارنىڭ ئىرىم - چىرىم بىلەن كېسەل داۋالاش ھەرىكەتلىرى ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. قويۇق شامان مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان بەزى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە ئېپوس پارچىلىرى، ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىچىدە يەنىلا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە. قەشقەرنى ھەققەتەنمۇ ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بىز شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، قەشقەر قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن مەدەنىيىتى، ھىندى بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر - تۈرك يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇش تۈگۈنى. ئۇ 9 - ئەسىردە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدىگە يۇغۇرۇپ، ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئۆزىگە توپلاپ، يېڭى جانلىق ھاياتىي كۈچ بىلەن تولۇپ تاشقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى غەربىي يۇرتتىن ئىبارەت بۇ پايانسىز تۇپراقتا تەدرىجىي

ۋايىغا يەتكۈزدى، تەرەققىي قىلدۇردى ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە يۈزلەندۈردى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» قەشقەردىن ئىبارەت مۇشۇ تەڭداشسىز مۇنبەت مەدەنىيەت تۇپرىقىدا مېۋە بەردى. مول كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت تىندۇرمىسى بولغان قەشقەردىكى مۇستەقىل ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بۇ ئەسەر، ھەر خىل مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى نامايان قىلدى ۋە روشەن ھالدىكى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت بىرىكمىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىدى. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بەدىئىي سېھرىي كۈچىنىڭ بولغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇنىڭدا. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بۇ خىل مەدەنىيەت ماھىيىتى، ئۇنى مەدەنىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە قىلدى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاسان قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان، ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

# بىرىنچى باب شەرق شېئىرىيىتىنىڭ پىرى

## — «قۇتادغۇبىلىك» مۇئەللىپىنىڭ ھاياتى

## بىرىنچى پاراگراف مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى

«قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇغانلار مەيلى ئۇ جۇڭگولۇق كىتابخان بولسۇن ياكى چەت ئەللىك كىتابخان بولسۇن، مۇئەللىپنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى، چوڭقۇر پىكرى، يىراقنى كۆرەرلىك سىياسىي قاراشلىرى ۋە مول ئەدەبىي ئىستېداتى ئالدىدا چىن قەلبىدىن قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ داڭلىق شائىرى، ئالىمى، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق، ئۇلۇغ ئادىمى ئىدى، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ئەلۋەتتە لى بەي، دۇ فۇ بىلەن تەڭ بولۇشى كېرەك. لېكىن، ئادەمنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، مۇشۇنداق بىر بۈيۈك شائىر توغرىسىدا جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا ھېچقانداق خاتىرىنىڭ بولمىغانلىقى، بۇ ئادەملەرنىڭ بىز تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ شائىرنى تۈزۈك بىلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ئەسەر، بىراق ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە ئالەم ئەھلىنىڭ چۈشىنىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز دېيەرلىك، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە تارىخىي كىتابلاردا بۇ ھەقتە ھېچقانداق نەرسە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان. بىز

مۇئەللىپنىڭ ھاياتىغا ئائىت ئەھۋاللارنى، ئاساسلىقى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۆزىدىكى مەنبەلەردىن شۇنداقلا بۇ كىتابنىڭ ئالدىغا قوشۇمچە قىلىنغان ئىككى پارچە مۇقەددىمىدىن ئاز - ماز كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ۋە ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ شېئىرلىرىدا، ئەزەلدىن تارتىپ مۇنداق بىر ئەنئەنە داۋاملىشىپ كەلگەنىدى، يەنى شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا كۆپىنچە ئاپتورنىڭ ئىسمى قەيت قىلىناتتى، بۇ ئارقىلىق شېئىر ئاپتورىنى پەرەز قىلىش نىسبەتەن ئوڭايغا چۈشەتتى. مەسىلەن، نەۋائىنىڭ شېئىرىدىكى ئاخىرقى قۇرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم، ئىككىلەنمەيلا بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى چوقۇم تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى نەۋائىي ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالايتتى.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى زادى كىم دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى جاۋابنى، بىزمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن تاپالايمىز. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

«قانچىلىك سۆزلىسەمۇ، كىم سۆزنى تۈگىتەلەيدۇ؟
(چۈنكى) سۆز بۇلاقتەك ئېقىپ تۇرىدۇ.

ئەي يۈسۈپ، كېرەكلىك سۆزنى توغرا سۆزلە،
كېرەكسىز سۆزلەرنى يوشۇرغىن، زىيان قىلىدۇ.»

(6626 — 6627 - بېيىتلار)

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ.

مۇئەللىپنىڭ تەخەللۇسى ھەققىدە، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئىككى پارچە مۇقەددىمىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بار. نەسرىي مۇقەددىمىدە، مۇئەللىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»

نى تاماملىغاندىن كېيىن پۈتۈن قول يازمىنى شەرقنىڭ پادىشاھى
تاۋغاچ بۇغراخان ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغانلى-
قى پۈتۈلگەن. «بۇغراخان ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغان،
ئۇنى ئەتىۋارلىغان، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ دېگەن ئۇنۋانىنى
بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامى
پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان.»

نەزمىي مۇقەددىمىدە خاتىرىلەنگەنلىرىنىڭ مەزمۇنى نەسرىي
مۇقەددىمىدىكى مەزمۇن بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا
مۇنداق يېزىلغان:

«ئۇنى شاھنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بەردى،
خانلارخانى تاۋغاچ قارا بۇغراخان.

ئۇنى كۆپ قەدىرلەپ، مۇكاپات بېرىپ،
قەلەم ھەققى (ۋە) ئەقىل - پاراسىتى (ئۈچۈن) ھۆرمەتلىدى.
ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ نامىنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە
تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. قارا، بۇ مەنىلىك ئىش ئۈچۈن ھۆر-
مەتلەپ، ئۇنى ‹يۈسۈپ خاس ھاجىپ› دەپ توغرا ئاتىدى»
(60 — 63 - بېيىتلار)

بۇ ئىككى پارچە مۇقەددىمە بىزگە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ
مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ ئىكەنلىكىنى، «خاس ھاجىپ»
قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان تەرىپى-
دىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ،
«خاس ھاجىپ» نىڭ خەنزۇچىدىكى تەرجىمە مەنىسى «سەلتە-
نەت تايانچى» دېمەكتۇر. مۇنداق ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر پادى-
شاھلار تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈشكە ياردەملىشەلەيدىغان كىشىلەردۇر. «قۇتادغۇبىلىك» جا-
مائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، يۈسۈپ خاس

ھاجىپ دېگەن بۇ نام، كىشىلەرنىڭ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتىكى ئادىتى بولۇپ قالدى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق باشقا نۇرغۇن يۈسۈپ ئاتلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن پەرقلەندۈردى.

يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول يازمىسىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغراخان ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم قىلدى. ئەدىبلەر ئۆز قول يازمىلىرىنى ھۆكۈمدارلارغا تەقدىم قىلىشنى پارس ئەدىبلىرىدىن ئۆگەنگەنىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرلىرى، ئالىملار ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلاردىن پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار بىر پارچە ئەسەرنى يېزىپ تۈگىتىپلا، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇش ۋە مۇۋاپىق ھەققە ئىگە بولۇش كويىدا، ئۇنى شۇ ھۆكۈمدار-لارغا تەقدىم قىلاتتى. مۇنداق ئەھۋال قەدىمكى پېرسىيىدە ئىنتايىن ئەۋج ئالغانىدى، بەزى داڭلىق پارس شائىرلىرى ۋە ئالىملارنىڭ ھەر ـ ھەز بۈيۈك ئەسەرلىرى شۇ چاغدىكى ھۆكۈمدارلارغا تەقدىم قىلىنغانىدى. ئالايلۇق، ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر بولغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» (982 - يىل) سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى فېئودال يەر ئىگىلىرىدىن گۆزگەنگە ئارمىغان قىلىنغانىدى. 11 - ئەسىر پېرسىيە تارىخىدىكى شانلىق ئەسەر «تارىخى ئەمىنىيە»① خۇددى كىتابنىڭ نامىدا قەيت قىلىنغاندەك، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمدار سۇلتان ئەمىنگە (سۇلتان مەھمۇتنىڭ ئۇنۋانى) تەقدىم قىلىنغان بولغاچقا، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «تارىخى ئەمىنىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. 11 - ئەسىردە ياشىغان پارس شائىرى فىردەۋسى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «شاھنامە» نى ئەسلىدە غەزنەۋىيلەر

① بۇ ئەسەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى دېيىش كېرەك — ت.

سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋىيگە تەقدىم قىلماقچى بولغان. «شاھنامە» نىڭ باش بېتىدىمۇ «سۇلتان مەھمۇتقا مەدھىيە» يېزىلغان. پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى كۈچەيگەنسېرى، بۇ ئادەت ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي مىللەت ئەدىبلىرى، ئالىملىرى ئىچىدىمۇ كەڭ تارقالدى. يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى تاۋغاچ بۇغراخان ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم قىلىشى ۋە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇشىمۇ، روشەنكى پارس ئەدىبلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بولغان. شائىر ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مەخسۇس باب ئېچىپ يازغان «ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى»، تاجىك شائىرى فىردەۋسى «شاھنامە» نىڭ بېشىدا يازغان «سۇلتان مەھمۇتقا مەدھىيە» بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف مۇئەللىپنىڭ تەرجىمىھالى

ماتېرىيال تولۇق بولمىغانلىقتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زادى قايسى يىللى تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمىدى. لېكىن بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇناسىۋەتلىك مىسرالارغا قاراپ، ئۆز پەرىزىمىزنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

ئەسەردىكى 11 - باب، بىزنىڭ ئەسەرنى چۈشىنىشىمىز، مۇئەللىپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىمىزدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، لىرىك ۋەقەلەرنىڭ بايانى 12 - بابتىن باشلانغان. 11 - بابتا بولسا، مۇئەللىپ ئەسەر نامىنىڭ ئىچكى مەنىسىنى، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ

بۇ شېئىرىي دىرامىنى ئىجاد قىلغان چاغدىكى روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلىگەن. بۇنى بۇ شېئىرىي دىرامىنىڭ «مۇقەددىمە» سى دېسەكمۇ بولىدۇ. 11 ـ بابتا مۇنداق مىسرالار بار:

«ماڭا ئەللىك يېشىم قولىنى تەگكۈزدى، قۇزغۇن تۈسىدەك (قارا) بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى. ئاتىمىش (ياش) ئەمدى مېنى «كەل» دەپ چاقىرىۋاتىدۇ، (ئەجەل) پىستىرمىسىغا يولۇقمىسام، ئەمدى ئۇيالىقىمۇ يارىمەن.»

(365—366 ـ بېيىتلار)

شائىر ئەسەرنىڭ تېكىست قىسمىنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆز ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق يازغان:

«(ئىككى) مەڭزىم ئاغۇۋاندەك قىپقىزىل ئىدى،
بۈگۈن يۈزۈمگە زەپىرەڭ ئۇرۇقىنى سۈرتتۇم.»

«ئىپاردەك قارا بېشىمغا كافۇر پۈركۈدۈم،
تولۇن (ئاي) دەك تولغان يۈزۈمنى قاياققا كەتكۈزدۈم؟»

«تومەن خىل گۈل ـ چېچەكلىك پارلاق باھاردەك ئىدىم،
خازانلىقتا ئايلاندىم، ھەممىنى قۇرۇتۇۋەتتىم.»

«قېيىندەك بويۇم ئوقتەك تۈپتۈز ئىدى،
(ئەمدى) يادەك ئەگرى بولدى، ئېگىلدىم ـ مۈكچەيدىم.»
(6529 — 6532 ـ بېيىتلار)

يۇقىرىدىكى مىسرالار بىزگە مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن بېشارەت بېرىدۇ: بىرى، شائىر «قۇتادغۇبىلىك» نى تاماملىغان چاغدا ئاللىقاچان ياشىنىپ قالغان؛ يەنە بىرى، شائىر «قۇتاد-

غۇبىلىك» نى تاماملىغان چاغدا ئەللىكلەردىن ئاشقان، تېخى ئاتمىش ياشقا بارمىغان.

«قۇتادغۇبىلىك» 1069 — 1070 - يىللىرىدا تاماملانغان، ئەگەر شائىرنىڭ يېشى شۇ چاغدا ئەللىك بەش ياشتا ئىدى دېيىلسە، ئۇنداقتا شائىر 1015 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولىدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلمىي ساھەنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان يىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىر خىل ئەمەس. بەزىلەر ئۇنى 1018 - يىلى تۇغۇلغان دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى 1012 - يىلى تۇغۇلغان دەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىياس، قايسىنىڭ بەكرەك توغرا ئىكەنلىكىنى بېكىتمەك تەس. لېكىن، ئەگەر شائىرنى 11- ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى تۇغۇلغان دېسە، ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەلدىكى ئىلىم - پەن ساھەسىدە باشقا پىكىرلەر بولماسلىقى مۇمكىن.

مۇئەللىپنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقىغا ئائىت ئەھۋاللار ئەسەردىكى ئىككى پارچە مۇقەددىمىدە بار. نەسرىي مۇقەددىمىدە: «بۇ كىتابنى يېزىپ چىققۇچى — بالاساغۇندا تۇغۇلغان پەرھىزكار كىشى ئىدى» دېيىلگەن، نەزمىي مۇقەددىمىدە: «ئۇنىڭ ياشىغان ماكانى ‹قۇزئوردۇ› ئېلى، (ئۇنىڭ) تەكتى ياخشى نەسەبتىن، سۆزگىمۇ ماھىر ئىدى» دەپ يېزىلغان.

بالاساغۇن ئوتتۇرا ئاسىيا يەتتىسۇ رايونىدىكى چۇ دەريا جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۈگۈنكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ توقماق شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەر خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي كىتابلاردا «碎叶» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە تاڭ دەۋرىدە ئەنشىدە تەسىس قىلىنغان تۆت بازارنىڭ بىرى بولغانىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئوتتۇرا

ئاسىياغىچە يېتىپ بارغان ھەممە ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ، بالاساغۇننى مەركەز قىلغانىدى.

بىز 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «ئوردا» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتىغا ئاساسەن بالاساغۇننىڭ يەنە بىر ئىسمىنىڭ «قوش ئوردا» ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇڭا نەزمىي مۇقەددىمىدىكى شائىر قوش ئوردىدا تۇغۇلغان دېگەن گەپ بىلەن نەسرىي مۇقەددىمىدىكى شائىر بالاساغۇندا تۇغۇلغان دېگەن گەپ ئارىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق، بۇ بىر جاينىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىرلا جاي، خالاس!

شائىرنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى پەرەز قىلىش خېلى ئوڭاي، ئۇنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئېنىق خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان، لېكىن شائىرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى توغرۇلۇق ئىلگىرى ھېچ نەرسە دېيىلمىگەن، بۇ ئىزچىل رەۋىشتە تېپىشماق بولۇپ كېلىۋاتقان ئىش ئىدى.

ئالدىنقى يىللاردا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆچ تەشكىللەپ، قەشقەر شەھىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگەندە، تاسادىپىي يوسۇندا بىر پارچە ماتېرىيالنى تېپىۋالدى. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇر شائىرى ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى«بەھرىلىنەسەپ» نامـلىق بىر كىتاب يازغانىدى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئارپىسىدا يەنە بەزەن مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ چوقۇم مۇشۇ كىتابقا كىرـگۈزۈلۈشى لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، شاگىرتى قازى مۇھەمـ

مەد سايىنغا «بەھرىلىنەسەپ» نىڭ باشىدىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن يىلى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنى ھەققىدىكى ماتېرىيالنى يېزىپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى.

بۇ كىتابتىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 478 - يىلىغا يەنى مىلادىنىڭ 1085 —1086 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، شائىر «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ تۈگىتىپ، يەنە 16 يىل ياشىغان، 70 ياش ئەتراپىدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەردىكى پايىناپ (Painap) دېگەن جايغا قويۇلغان①.

ئۇيغۇر ۋە ھەر قايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەدىبلىرى، ئالىملىرى «نەسەبنامە» يېزىشقا ئادەتلەنگەنىدى. 17 - ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق تارىخشۇناس ئەبۇلغازى يازغان «شەجەرەئى تۈرك» دەل ئاشۇنداق جاھانغا مەشھۇر نەسەبنامىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىر مىللەتنىڭ مۇھىم تارىخىي ۋەقەلىرى، داڭلىق ئادەملىرى، جۈملىدىن بەزى ئەپسانە - رىۋايەتلەر، كۆپىنچە شۇ مىللەتنىڭ نەسەبنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن بولاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن بۇ شانلىق ئەسەرنى قەشقەردە ئىجاد قىلغانلىقى ئۈچۈن كاتتا شۆھرەت قازانغان، مۇبارەك نامى-شەرق ۋە غەربتە تىلغا ئېلىنىپ، داڭق چىقارغان شەخس ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەخرى، قەشقەر رايونىنىڭ شانۇ شەۋكىتى ئىدى. شۇڭا قەشقەرلىك شائىر «بەھرىلىنەسەپ» (Bəḥrilansap) نى يازغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ شائىر ۋە ئالىمغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز كىتابىغا كىرگۈزۈشى، پۈتۈنلەي مۇمكىنچىلىكى بار بىر ئىش ئىدى.

---

① مۇھەممەت زۇنۇن. سىدىق: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى ھەققىدە»، «تارىخىي مىراس—«قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا» دېگەن كىتابقا بېسىلغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 213—224 - بەتلەر.

يېڭىدىن تېپىلغان بۇ ماتېرىيال بىزنى «قۇتادغۇبىلىك» ئاپتورىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئورنى بىلەن تەمىن ئەتتى، بىزنىڭ شائىر ھاياتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىزنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى، بىزنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقتى ۋە ئۆلۈپ كەتكەن جايى ھەققىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان يېشىلمەي كېلىۋاتقان سىرنى ئېچىشىمىزغا ياردەم بەردى.

ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن شۇنداقلا يېڭىدىن تېپىلغان ماتېرىيالدىن، بىز «قۇتادغۇبىلىك» ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 11 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى تۇغۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان بالاساغۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى قەشقەردە يېزىپ تۈگەتكەن، كىتابنى يېزىپ بولغاندا ئاللىقاچان خېلىلا ياشىنىپ قالغان. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن ئۇ قەشقەردە يەنە 16 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1185 — 1186 - يىللار ئارىسىدا قەشقەردە دۇنيادىن ئۆتكەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.

## ئۈچىنچى پاراگراف يۈسۈپ نېمە ئۈچۈن بالاساغۇندىن قەشقەرگە كەتتى

بىز يۇقىرىدىكى بابلاردىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپنىڭ بالاساغۇن (Balasahun) دا ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىلدۇق.

بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىنى ئېگىز پامىر تاغلىرى ئايرىپ تۇراتتى. بالاساغۇن پامىرنىڭ غەربىدە، قەشقەر پامىرنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئىدى. دەسلەپتە بالاساغۇن رەسمىي پايتەخت، قەشقەر قوشۇمچە پايتەخت ئىدى. قاراخانىلار سۇلالىسى قوش قاغانلىق تۈزۈمنى يولغا قويغان بولۇپ، چوڭ قاغان ئارسلانخان بالاساغۇندا تۇراتتى؛ ئېلىك خان بۇغراخان قەشقەردە تۇراتتى. كېيىنچە قاراخانىلار سۇلالىسى ئۈزلۈكسىز ھالدا غەربتىن كەلگەن سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئامالسىز قېلىپ پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكىدى، قەشقەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، دىن مەركىزى بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ بالاساغۇندا تۇرۇۋاتقان چاغلاردا، ھەسەن جەمەتتىن بولغان ئارسلانخان سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. سۇلايمان قاغان نىسبەتەن ئىلغار ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۇ ئۆز تەختىدە 25 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئامراق ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇ «ئىلىم-پەن ۋە دىنىنىڭ دوستى»، «دۆلەتنىڭ شان-شەرىپى» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغانىدى.

«ھالىلىق ئائىلىنىڭ ئەۋلادى» بولغان يۈسۈپ بالاساغۇندا ئوبدان تەربىيىلەندى. تېخى يېقىندىلا قازاقىستاندا ئاشكارىلانغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، يۈسۈپ مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۇ ئەدەبىياتتىن خەۋەردار، ئۇستا ناتىق، ئەتراپلىق بىلىمى بار كىشى ئىدى. ئۇ دادىسى بىلەن بىللە ئوردىغا خىزمەت قىلغان، قاغاننىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن شېئىر-قەسىدىلەرنى ئوقۇپ بەرگەن، ساز چېلىپ بەرگەنىدى. يۈسۈپ ناخشا ئېيتىشقا ۋە ساز چېلىشقىلا ماھىر بولۇپ قالماستىن، تېكىست يازالايدىغان، ئاھاڭ ئىجاد قىلالايدىغانلاردىن ئىدى، ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ

سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپكە ئاتاپ ئاھاڭ ئىشلىگەن ۋە بۇ ئار-
قىلىق ئۇنى خۇشال قىلغان، قاغاننىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولغانىدى.①

يۇقىرىدىكى ماتېرىيالدا دېيىلگەنلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش كېرەك. لېكىن بۇنىڭدىكى ئىككى نۇقتىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يېرى بار:

بىرىنچى، بۇ ماتېرىيالدا شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئوردىدا خىزمەت قىلغانلىقى ۋە سۇلايمان قاغاننىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئەسەردىن يۇسۇپنىڭ ئوردا تۇرمۇشى بىلەن ئوبدانلا تونۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆت پېرسوناژنىڭ ئۈچى — كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ئوخشاشلا ئوردىدا خىزمەت قىلغانلاردىن ئىدى؛ لىرىك ۋەقەلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشمۇ ئوردا ئىدى؛ ئەسەردە بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەنىڭ مەزمۇنى، ئۇنىڭدىكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرىدىن تارتىپ ئوردىدىكى مۇراسىملار، يېيىش-ئىچىشكىچە تولىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق، خۇددى ئۆزى قىلغان ئىشلاردەك تونۇش ئىدى. ناۋادا مۇئەللىپنىڭ بىۋاسىتە ھالدا ئوردا ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىرىغا تايىنىپلا «قۇتادغۇبىلىك» تەك كاتتا ئەسەرنى يېزىپ چىقىشى ناتايىن ئىدى.

ئىككىنچى، بۇ ماتېرىيالدا يۇسۇپنىڭ شېئىر-قەسىدىلەرنى ئوقۇيالايدىغانلىقى، چالغۇلارنى چالالايدىغانلىقى، تېكىست

---

① قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان ئايلىق ژۇرنال «يۇلدۇز» نىڭ 1983-يىل نەشرى.

يازالايدىغان ۋە ئاھاڭ ئىجاد قىلالايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇمۇ ئىشەنچلىك. قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇر ۋە تۈرك شائىرلىرى مۇزىكىنى پىششىق بىلەتتى. 10 - ئەسىردە پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەن تۈرك ئالىمى ئەل فارابى (؟—50) مەشھۇر پەيلاسوپلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مۇزىكانت ئىدى. ئۇ ساز چالالايتتى، ئاھاڭ ئىجاد قىلالايتتى، مۇزىكا نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ تۆھپە ياراتقانىدى. ئۇ يازغان «كىتابۇل مۇسقىيۇن كەبىر» ئۇنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئۆلمەس ئەسەرلەردىن ئىدى، خۇددى خەنزۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئەدەبىيات بىلەن تارىخ بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغاندەك، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە ئەدەبىيات بىلەن مۇزىكا بىر - بىرىدىن ئايرىلمايتتى. ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن قارىغاندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» روشەن رىتىم ۋە ناھايىتى كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە ئىدى. مۇزىكا تەربىيىسى ئالمىغان، مۇزىكا جەھەتتىكى ئىقتىدارى يۇقىرى بولمىغان بىرەر شائىرنىڭ مۇنداق شېئىرلارنى يېزىشى تەسكە چۈشەتتى.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي مۇقەددىمىسىدىكى بۇ بىرنەچچە مىسرا شېئىر تولىمۇ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ:

«ئۇنىڭ ياشىغان ماكانى ‹قۇزئوردۇ› ئېلى،
(ئۇنىڭ) تەكتى ياخشى نەسەبتىن، سۆزگىمۇ ماھىر (ئىدى).
ئۇ تۇغۇلغان ئېلىدىن چىقىپ كېتىپ،
بۇ كىتابنى تۈزۈپ، تۈگەللىدى.»

كىشىلەر، يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»نى يازماقچى بولغاندا نېمە سەۋەبتىن باشقا يۇرتقا كېتىشكە مەجبۇر بولدى؟ ئۇ ئۆز

يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بىۋاسىتە قەشقەرگە باردىمۇ ياكى ھەريەر - ھەريەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدىمۇ؟ دەپ سورىماي قالمايدۇ. بۇلار يۈسۈپنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلغاندا باش تارتىشقا بولمايدىغان بىر مەسىلە.

يۈسۈپنىڭ بالاساغۇندىن چىقىپ كېتىشى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك، يۈسۈپ بالاساغۇندا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، ئىلىم - پەن ۋە سەنئەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئارسلانخان سۇلايمان ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئىدى. 1056 — 1057 - يىللىرى سىياسىي مالىمانچىلىق باش كۆتۈرۈپ، سۇلايمان قاغاننىڭ ئىنىسى بۇغراخان مۇھەممەت ئۆشتۈمتۇتلا ئۆز ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخانغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. ئاكا - ئۇكىلار ئارىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىشنىڭ قانلىق كۆرەشلىرى ئىچىدە، مۇھەممەت غەلىبە قىلىپ، سۇلايمان ئۇنىڭ قولىدىكى مەھبۇسقا ئايلاندى. مۇھەممەت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئالدىنقىلارنىڭ تەدبىرىنى قوللىنىپ، ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

ئارسلانخان سۇلايمان 1032 - يىلى تەخت ۋارىسى بولغاندا، يۈسۈپ تېخى ئون نەچچە ياشلاردىكى ئۆسمۈر ئىدى. سۇلايمان قاغان ئۆز تەختىدە 25 يىل يۇرت سوردى. شائىر يۈسۈپمۇ بالاساغۇندا ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى، ياشلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، قىران يىگىتلىك دەۋرىگە كىردى. ئۇ گەرچە ئوردا جەمەتىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن

بولمىسىمۇ، لېكىن ھالىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى، بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئىقتىدارىنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇقلۇقى تۈپەيلى، ئوردىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ، سۇلايمان قاغاننىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدى. 1057 - يىلى بالاساغۇندا يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئور-ناتقان سۇلايمان قاغان ئۆز ئىنىسىگە ئەسىر چۈشتى، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان بۇغراخان ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. بىر خانلىقنىڭ ئۆزىگە لايىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن سۇلايمان قاغان تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغان ئەمەلدارلار-نىڭ جازاغا گىرىپتار بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى، سۇلايمان قاغان بىلەن زىچ ئۇلپەتچىلىك قىلغانلارنىڭ تەبىئىي رەۋىشتە بېشىغا كۈن چۈشەتتى. بالاساغۇننىڭ ۋەزىيىتى ئەنسىز ئىدى، بۇ سىياسىي قايناقتا يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىشتەك ئۇلۇغۋار ئارزۇسى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاكىمىيەت تارتىۋالغانلار ئېلىپ بېرىۋاتقان تازىلاش ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە چوقۇم خەۋپ يەتكۈزەتتى. شۇڭا 1057 - يىلى سادىر بولغان سىياسىي ئۆزگىرىش، يۈسۈپنىڭ ئۆز يۇرتى بالاساغۇندىن دەرھال كېتىش نىيىتىنى تېزلىتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم سەۋەبىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

بالاساغۇندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىراقلا قەشقەر-گە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇنىڭدىكى سەۋەب، شۇ چاغدا قەشقەردىكى ھاكىمىيەتمۇ ھوقۇق تارتىۋالغۇچى مۇھە-ممەت چ مەتىننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. سۇلايمان قاغان بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان بىرەر ئادەم مۇنداق كۈنلەردە قەشقەردە پەيدا بولۇپ قالسا، ئەتىۋارغا ئېلىنمايلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ خىلمۇ خىل دىشۋارچىلىققا قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۇنداقتا، يۈسۈپ بالاساغۇندىن ئايرىلغاندىن كېيىن نەگە بارغان بولىدۇ؟ ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىش ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ماتېرىيال يىغىش ئۈچۈن كەڭ ئاۋامنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بەك كەسكىنلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ئومۇمەن چېتىشلىقى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىۋاسىتە ھالدا شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا پېتىنالمايتتى، ئۇلار كۆپىنچە يېزا ياكى يايلاقلارغا بېرىپ، خەلق ئارىسىدا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

يۈسۈپ بىلەن زامانداش بولغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئالىمى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چوڭ دادىسى، بەزى ئاساسلارغا كۆرە، ئۆز ئاكىسى سۇلايماننى تىرىك تۇتقان، سۇلايماننىڭ قاغانلىق تەختىنى تارتىۋالغان بۇغراخان مۇھەممەتنىڭ ئۆزى ئىدى. مۇھەممەت قوزغىغان ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئاران ئونبەش ئاي تەختتە ئولتۇرۇپلا، ئۆز ئورنىنى ئوغلى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. مۇھەممەتنىڭ كىچىك خانىشى ئۆز ئوغلىنى تەختكە چىقىرىش كويىدا مۇھەممەتنىڭ ئائىلە جەمەتىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، ھۈسەيىننىڭ ئوغلى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى مىڭ تەستە قېچىپ چىقىپ، بۇ قانلىق ۋەقەدە ئامان قالدى. ئۇ قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، پۇقرالار ئارىسىدا ئۇزۇن نەچچە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈردى. ئۇ دەل مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاۋام ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان يىگىرمە نەچچە ئايماق ۋە قەبىلىلەرنى زىيارەت

قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، تىلى ۋە ئەدەبىياتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلدى ھەمدە ئىنتايىن قىممەتلىك بىۋاسىتە ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە باغدادقا بېرىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

يۈسۈپ بالاساغۇنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خۇددى مەھمۇت قەشقەرىنىڭگە ئوخشاشلا ئاۋام ئارىسىغا چوڭقۇرلاپ كىرگەن بولۇشى، تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت ئېلىپ بارغان بولۇشى، ماتېرىيال توپلىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇيغۇرلار ۋە ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قوشاقلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى، ماقال-تەمسىللىرى، ئۇقۇمۇشلۇق ئاقىللارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇچراپلا تۇرىدۇ. بۇلار سان جەھەتتە كۆپ بولۇپلا قالماي، قوللىنىشتىمۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق، جايىدا چىققان. ناۋادا ئاپتور ئاۋام ئارىسىغا بىۋاسىتە ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن بولسا، زور تۈركۈمدىكى ماتېرىياللارنى توپلاپ جۇغلانما قىلمىغان بولسا، ئۇلارنى مۇشۇنداق نەق جايىدا ئىشلىتىدىغان دەرىجىگە بارالمىغان بولاتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاساسلىق سۇژېتلار ئوردىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان، لېكىن شائىر ئەسەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلىغان، پۇقرالارنىڭ دەرد-ئەلەمگە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. ئەسەردىكى خەلقچىللىق دەل مۇئەللىپتىكى خەلقچىللىقنىڭ ئىپادىسى. چوڭ قورۇ-جايلارغا بېكىنىۋېلىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ كىتاب يازىدىغان ۋە تەلىمات ياراتماقچى بولغانلار، ئاۋام بىلەن باردى-كەلدىسى يوق ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان شائىرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى مۇنچە

چوڭقۇر بىلەلىشى، ئاۋامنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن ھېس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ فولكلوردىن مۇنچىۋالا مول جۇغلانما قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنداقتا يۈسۈپ نېمە سەۋەبتىن، قاچان قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن؟ ئاچقۇچلۇق بولغان بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن گەپنى يەنىلا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن باشلاش كېرەك، خۇددى باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇغراخان 1057-يىلى ئاكىسى سۇلايماننىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتى ئىچىدە يەنە بىر مەرتىۋە ئىچكى نىزا-جاڭجال يۈز بەردى، كىچىك خانىش ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ تۇغقانلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىبرا تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى، بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ياقمىدى، قارشىلىق قىلغۇچىلار كۈنسايىن كۆپەيدى. قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاتتىبېشى ھەسەن جەمەتىدىكى ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئىچىدە ئەڭ كىچىكى بولغان مەھمۇد ئىدى، ئۇ 1059-يىلى ئۆزىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلاپ، ئىبرا تېكىننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئىبرا تېكىن شۇ يىلى جەڭ مەيدانىدا ئۆلدى. 1060-يىلى يۈسۈپ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يىل ئىدى. تارىخ مۇشۇ يىلدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان مۇھەممەتلەر جەمەتىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئوردىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش تۈپەيلى ئارسلانخان سۇلايمانغا چېتىشلىق دەپ قارالغان ئادەملەرمۇ، مۇشۇ يىلدا زىيانكەشلىكنىڭ ۋەھىمىسىدىن خالاس بولدى.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تارىخىي پاكىت

شۈكى، يېڭىدىن تەختكە چىققان قاغان مەھمۇد، ئۆزىنىڭ
جىيەنى — ئارسلانخان سۇلايماننىڭ ئوغلى ھەسەننى قاراخا-
نىلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىك خېنى يەنى بۇغراخان قىلىپ تە-
يىنلىدى. ئارسلانخان سۇلايماننىڭ تەسىرى ئوغلىنىڭ ھاكى-
مىيەت يۈرگۈزۈشى بىلەن قايتىدىن كۈچەيدى. 1060 - يىلىدىن
كېيىن قەشقەردىكى ھاكىمىيەت مەھمۇد قاغان بىلەن سۇلاي-
ماننىڭ ئوغلى ھەسەندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ قولىدا
بولدى. ۋەزىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش، سىرتقى جايلاردا
سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يۈسۈپ ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق
ئىدى.

960 - يىلىدىن ئېتىبارەن، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ
سىياسىي، دىنىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئەمەلىيەتتە قەشقەرگە
يۆتكەلگەنىدى. بۇ چاغدىكى قەشقەر ئاللىبۇرۇنلا ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى مەشھۇر مەدەنىيەت شەھىرى بولۇپ قالغان، ھەر
مىللەت شائىرلىرى ۋە ئالىملىرى توپلىشىدىغان جايغا ئايلان-
غانىدى. قەشقەردىكى گۈللىنىۋاتقان مەدەنىيەتكە بولغان
مەھلىيالىق، بىر چاغلاردا ئۆزىگە ئىلتىپات كۆرسەتكەن
سۇلايمان قاغاننىڭ ئوغلى بۇغراخان ھەسەنگە سىغىنىش،
ئېھتىمال شائىر يۈسۈپنىڭ قەتئىي يوسۇندا قەشقەرگە قاراپ
ئاتلىنىشى ۋە مۇشۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل ئولتۇراقلىشىپ
قېلىشىغا بەل باغلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.
يۈسۈپنىڭ قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلگەن ۋاقتى 11 - ئەسىر-
نىڭ 60 - يىللىرىدىن بالدۇر ئەمەس ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 4 - بابىنىڭ تېمىسى «پارلاق
باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا» دەپ
قويۇلغان. بۇ باب ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، جەمئىي 120 مىس-
رادىن تەركىب تاپقان. يۈسۈپنىڭ بۇغراخان يۈسۈپكە ئوقۇ-

غان مەدھىيسىدە ھەم ئانا تتنكى ئەدبلەردكى ۋەزىيەتىنىڭ
زورلىشى ۋە جاننى ئامان ساقلاپ قېلىش مۇددىئاسى بىلەن
ھوقۇق تۇتقانلارغا يېلىنىدىغان بىر تەرەپ بار ھەم بۇ مەد-
ھىيىنىڭ شائىرنىڭ چىن قەلبىدىن چىقمىۋاتقان يەنە بىر تە-
رىپىمۇ بار. شائىر پارلاق باھار پەسلىگە بولغان مەدھىيە بى-
لەن بۇغراخان ھەسەنگە بولغان مەدھىيىنى بىر گەۋدىگە يۇ-
غۇرۇپ، بۇغراخان ھەسەننىڭ ھاكىمىيىتىنى قىش پەسلى كې-
تىپ، باھار پەسلى كەلگەنگە ئوخشاتتى. ئۇنىڭ «باھار شا-
ھى يېقىمسىز قىشنى ھەيدىدى. نۇرلۇق باھار سائادەت ئوق-
ياسىنى يەنە بەتلىدى» دېگەنلىرى، بىر تەرەپتىن تەبىئەت
دۇنياسىدىكى قەھرىتان سوغۇقلار تۈگەپ، ئىللىق باھارنىڭ
يېتىپ كەلگەنلىكىگە قارىتىلغان مەدھىيە، يەنە بىر ياقتىن شا-
ئىرنىڭ بىر مەيدان قانلىق ئېلىشىش ۋە دەھشەتلىك ئىچكى
قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى
سۇلايمان جەمەتىنىڭ يېڭىباشتىن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى
قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە بولغان شادلىق ھېسسىياتى ئىدى.

يۈسۈپنىڭ بۇغراخان ھەسەننى ياقتۇرۇپ قېلىشى، يال-
غۇز ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقىدىن
ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئارسلانخان سۇلايماننىڭ ئوغ-
لى بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۇ بۇغراخان ھەسەن ئۈچۈن ئوقۇ-
غان مەدھىيىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«ناھايىتى قەدىمىي مەسەلدە (مۇنداق) دېيىلگەن:
ئاتىنىڭ نامى، ئورنى ئوغۇلغا قالىدۇ.

ئاتىنىڭ نامى بىلەن ئورنى ساڭا قالدى،
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە ئۇمەن يىل داۋاملاشسۇن.»

(110 — 111 - بېيىتلار)

يۈسۈپ بالاساغۇندا ياشىغان گۈنلەردە، ئارسلانخان سۇ-لايمان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانىدى. ئەمدىلىكتە شائىر قەشقەرگە كەلگەندە ئارسلانخان سۇلايماننىڭ ئوغلى ھەسەننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە توغرا كەلدى. جاھاندىكى ئۆزگىرىشلەردىن تۇغۇلغان تەسىرات، كونا ئۆلپەتچىلىك ۋە يېڭى دوستلۇقنىڭ يۈرەك قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىشى، يۈسۈپنىڭ مۇشۇ بابتىكى مەدھىيىسىنى يېزىۋاتقان چاغدىكى ئىچكى دۇنياسى بولغان بولۇشى ئېھتىمال.

## تۆتىنچى پاراگراف ئىككى پارچە مۇقەددىمىنىڭ سىرى

بىزنىڭ شائىر يۈسۈپنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ھازىرقى چۈشەنچىمىز، ئاساسلىقى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تېكىستىگە قوشۇمچە قىلىنغان ئىككى پارچە مۇقەددىمىدىن يەنى نەسرى مۇقەددىمە ۋە نەزمىي مۇقەددىمىدىن كەلگەن.

بۇ ئىككى پارچە مۇقەددىمىنىڭ ئاپتورى كىم؟ ئۇ قاچان يېزىلغان؟ نۆۋەتتە چەت ئەل ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدە بۇ ھەقتىكى مۇنازىرە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىمى (ھازىرقى روسىيە) مالوۋ «قەدىمكى تۈركىي تىلدا يېزىلغان ھۆججەتلەر» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىككى پارچە مۇقەددىمىنىڭ ئاپتورى شائىر يۈسۈپنىڭ ئۆزى، ئۇ ئەسەرنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن ئىككى پارچە مۇقەددىمە يېزىپ، ئۇنى تېكىستنىڭ ئالدىغا قوشۇمچە قىلغان، دەيدۇ.

روسىيىدىكى ئاز بولىغان ئالىملار بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ.

ئېلىمىزدىكى پېشقەدەم ئۇيغۇر ئالىمى ئەھمەت زىيائى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىككى پارچە مۇقەددىمە يۈسۈپ تەرىپىدىن يېزىلغان بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ مۇقەددىمىلەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىمۇ ئوخشاش بىر دەۋر ئەمەس، ئۇلارنىڭ يېزىلىشىدا ئىلگىرى-كېيىنلىك بار، نەزمىي مۇقەددىمە بالدۇر يېزىلغان، نەسرىي مۇقەددىمە كېيىن يېزىلغان دەيدۇ.

مەن ئەھمەت زىيائى ئەپەندىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. نەسرىي مۇقەددىمە، نەزمىي مۇقەددىمە ۋە تېكىستتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى جەھەتلەردىن ئەستايىدىل، ئىنچىكە سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان ھامان بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئوخشاش مەزگىلدە ئەمەس، بەلكى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە يېزىلغانلىقىنى، ئۈچ تەرەپنىڭ ئارىسىدا ۋاقىت پەرقى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ مىللىي تىلىنى، ئەگەر ئىنسانلار ئىچىدىكى ئۆزگىرىش، سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى مۇئەييەن مۇقىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن، بۇ خىل مۇقىملىق نىسپىي بولىدۇ، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشى ھەمدە ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بۇ مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئۆزىنىڭ ئىزناسىنى قالدۇرىدۇ، ھالبۇكى بۇنىڭدا سۆز تۈركۈملىرىدىكى ئۆزگىرىشى ئەڭ روشەن بولىدۇ.

سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن نەسرىي مۇقەددىمە، نەزمىي مۇقەددىمە ۋە تېكىستنىڭ ئوخشاش بىر دەۋردە يېزىلمىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

«ئەقىل - پاراسەت» دېگەن سۆز «قۇتادغۇبىلىك» تە
ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان، مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىر
سۆز تۈركۈمى. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەسەردە خېلى
سالماقنى ئىگىلەيدىغان، ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى. «قۇ-
تادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىمۇ بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ مەدھىيىسى.
لېكىن، «ئەقىل - پاراسەت» دېگەن مۇشۇنداق بىر پەۋقۇلئاد-
دە مۇھىم سۆزنىڭ نەسرىي مۇقەددىمە، نەزمىي مۇقەددىمە ۋە
تېكىستتىكى قوللىنىلىشى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ:
نەسرىي مۇقەددىمىدە ئىشلىتىلگىنى «əkil»، نەزمىي مۇقەددى-
مىدە ئىشلىتىلگىنى «hirəq»، تېكىستتە ئىشلىتىلگىنى بولسا
«Okux»، بۇ يەردىكى ئىككى پارچە مۇقەددىمىدە ئىشلىتىلگەن
سۆز تۈركۈمى ئوخشاشلا پارس تىلىدىن ئارىيەت ئېلىنغان
سۆز، ئۇلارنىڭ پارس تىلىدىكى مەنىسى ئوخشاشلا «ئەقىل -
پاراسەت». ھالبۇكى، نەسرىي مۇقەددىمىدە ئىشلىتىلگەن «əkil»
سۆزى نەزمىي مۇقەددىمىدە ئىشلىتىلگەن «hirəq» سۆزىگە
قارىغاندا ئىشلىتىلگەن دەۋر جەھەتتە كېيىنكى دەۋرگە بەكرەك
يېقىن كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئەقىل - پارا-
سەت» ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز دەل «ئەقىل» نىڭ ئۆزى.
ئالايلۇق «Əkil yaxta əməs baxta» (ئەقىل ياشتا ئەمەس
باشتا) دېيىلىدۇ.

«ئەقىل - پاراسەت» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئوخشاپ
كېتىدىغان ئەھۋالدىن يەنە بىرمۇنچە مىسال كەلتۈرگىلى بولى-
دۇ. ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كۆپ بولغان «ئالىم»، «ئاقىل»، «دۆ-
لەت»، «پادىشاھ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئىككى پارچە مۇقەددىمى-
دە ۋە تېكىستتە ئىشلىتىلىشى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ.
سېلىشتۇرۇشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن پايدىلىنىش جەدۋىلىگە
قاراشلا كۇپايە قىلىدۇ.

| تېكىست | نەزمىي مۇقەددىمە | نەسرىي مۇقەددىمە | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| Okum (قەدىمىي تۈرك) | hirəd (پارس) | əkil (پارس) | ئەقىل |
| əlin (قەدىمىي تۈرك) | muluk (پارس)<br>əlin (قەدىمىي تۈرك) | iklim (پارس) | مەملىكەت |
| bəg (قەدىمىي تۈرك) | məlik (پارس)<br>bəg (قەدىمىي تۈرك) | məlik (پارس) | پادىشاھ |
| bogu (قەدىمىي تۈرك) | hikim (پارس)<br>bogu (قەدىمىي تۈرك) | hikim (پارس) | ھەكىم |
| alim (پارس)<br>bilgə (قەدىمىي تۈرك) | alim (پارس)<br>bilgə (قەدىمىي تۈرك) | alim (پارس) | ئالىم |
| Ogux (قەدىمىي تۈرك) | Səza (پارس) | Sipas—u (پارس) | ھەمدۇسانا |
| | Ətigli | təsnif<br>Kiliqli (پارس) | تەسنىپ |

جەدۋەلدىكى كۆزگە كۆپرەك چېلىقىدىغان مۇھىم سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى يەنى تېكىستتە ئىشلىتىلگەن سۆزلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاساس قىلىنغانلىقىنى؛ نەسرىي مۇقەددىمىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك پارس تىلىدىن ئارىيەت ئېلىنغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى؛ نەزمىي مۇقەددىمىدىكى ئەھۋالنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى ئەھۋالنىڭ ئارىسىدىراق تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر سۆزى بىلەن پارس تىلىدىن ئارىيەت ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى بايقىيالايمىز.

ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن پارسلارنىڭ مەدەنىيىتى قەدىمدىن تارتىپلا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا ۋە ئاخىرقى يىللىرى، پارس مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىچىدە تارقىلىشىغا ئەگەشكەن ھالدا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ھەدەپ

ئېقىپ كىرگەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغانىدى. پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى پارس تىلىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن سۆزلەرمۇ تۈركۈملەپ كۆپىيىشكە باشلىدى. «قۇتادغۇبىلىك» جاھان ئەھلى بىلەن 11 - ئەسىردە يۈز كۆرۈشتى، ئۇ چاغدا ئىسلام دىنى گەرچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغانلىقى، تەسىر كۈچىنىڭمۇ چەكلىك بولغانلىقى، ئۇيغۇر ۋە تۈرك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يەنىلا گۈللىنىۋاتقانلىقى تۈپەيلى، «قۇتادغۇبىلىك» ئايرىم ھاللاردا پارس تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنى ئارىيەت ئېلىپ قوللانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق سۆزلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە كەڭ تارقىلىشى، پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن كىرىدىغان سۆزلەر ھەسسىلەپ كۆپەيدى. 14 — 15 - ئەسىردىكى چاغاتاي دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئەھۋال كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. ھەتتا بۇ خىلدىكى سۆزلەر ئۇيغۇر سۆز تۈركۈمىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋال ھەممىلا يەردە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا كۆرە، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پارس تىلىدىن ئارىيەت ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، كۆپىنچە شۇ ئەسەرنىڭ قايسى دەۋردە بارلىققا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشتىكى ئاساسىي ئامىلغا ئايلانغانىدى.

نەسرىي مۇقەددىمە، نەزمىي مۇقەددىمە، تېكىستتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ سۆزلىرىنى ئىشلىتىشتىكى پەرق، ئۇلار ئارىسىدىكى ۋاقىت مۇناسىۋىتىنىڭ: تېكىست، نەز-

مى مۇقەددىمە، نەسرىي مۇقەددىمە بولۇپ تىزىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى.

بىراق، ئومۇمەن نەزمىي مۇقەددىمىنى كۆرگەنلىكى ئادەم ئۇنىڭدىكى تۇراق، يېزىش ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنىڭ تېكىست بىلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. لېكىن سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدە گەرچە نەزمىي مۇقەددىمە بىلەن تېكىست ئارىسىدا بەزى روشەن پەرقلەر بولسىمۇ، نەسرىي مۇقەددىمە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇ يەنىلا تېكىستكە بەكرەك يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى تېكىستنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىدىن ئانچە كېيىن ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

نەسرىي مۇقەددىمىگە كەلسەك، مەيلى ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن بولسۇن ياكى يېزىش ئۇسلۇبى يېقىن بولسۇن، ئۇنىڭ نەزمىي مۇقەددىمە بىلەن پەرق قىلىدىغان جايلىرى بار. نەسرىي مۇقەددىمىدە پارس تىلىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى ناھايىتى ئېنىق ھالدا كۆزگە چۈشىدۇ، ھالبۇكى نەزمىي مۇقەددىمىدىكى ئوخشاش بىر سۆز ئورنىغا بەزىدە پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز، بەزىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىنلا بار سۆزلەر ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن نەسرىي مۇقەددىمىنىڭ نەزمىي مۇقەددىمىگە قارىغاندا كېيىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: ئىككى پارچە مۇقەددىمىنى شائىر يۈسۈپ يازمىغان. بۇ ئىككى پارچە مۇقەددىمىدە، نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ تاماملانغان ۋاقتى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتى بىلەن خېلىلا يېقىنلىشىدۇ، نەسرىي مۇقەددىمىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقـ

تى بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئىككى پارچە مۇقەددىمىنى شائىر يۈسۈپ يازمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاپتورى زادى كىم؟ ئاساسلىنىشقا تېگىشلىك ھېچقانداق يازما ماتېرىيال بولمىغاچقا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىش تەس. لېكىن بۇ ئىككى پارچە مۇقەددىمىنىڭ ئۇيغۇر شائىرلىرى ياكى تۈرك ئەدىبلىرىنىڭ قولىدىن چىققانلىقىغا گۇمان قىلمىساقمۇ بولىدۇ. مۇقەددىمىدە: «ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار كۆپ، بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ يېگانە ھېكمە تىتۇر» (73 - بېيىت) دېيىلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئانا تىل دەپ ئاتىغان بۇ ئادەم شەك - شۈبھىسىز ئۇيغۇردۇر.

ئىككى پارچە مۇقەددىمىنىڭ ئاپتورى شائىر يۈسۈپكە قارىغاندا كېيىن تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش ئادەم. «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئاۋام خەلق ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى، شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بۇ ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن شەرق ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن گىگانت ئەسەر ئىدى. شۇڭا بىز مۇقەددىمىنىڭ ئاپتورى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇنىڭ مۇئەللىپى بولغان يۈسۈپنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان بىر ئادەم دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ شائىر يۈسۈپنىڭ ھاياتى ھەققىدە مۇقەددىمىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمۇ ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن ئىدى.

# ئىككىنچى باب ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى

## — «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى دەۋرىي ئارقا كۆرۈنۈش

### بىرىنچى پاراگراف تارىخ سترېلكىسىنى مىلادى 9 - ئەسىرگە ياندۇرايلى

ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ ئەسەر ئوخشاشلا دەۋرنىڭ مەھسۇلى. غايەت زور داۋالغۇش ۋە چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەر قانداق بىر دەۋر، چوقۇم گىگانت ئەسەرلەرگە ھامىلىدار بولىدۇ.

ئۆلمەس ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» ھەم ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس ياكى تاسادىپىي ھالدا يارىلىپ قالغان ئەمەس، ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى مۇئەييەن باسقۇچقا يېتىپ بارغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان داڭلىق ئەسەر.

9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە ئەدىبلەر، ئالىملار تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى. داستانلار گىگانت ئەسەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەۋەللۇت بولدى. كىشىلەر ئىدراكنى مەدھىيىلىدى، نادانلىققا قارشى تۇردى،

بىرلىككە ئىنتىزار بولدى، ئۇرۇشتىن زېرىكتى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى مىسلىسىز جانلاندى، ئىلمىي كەيپىيات قويۇق تۈس ئېلىپ، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت كۆركەم ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچى، يېپيېڭى قىياپىتى بىلەن دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى مىللەت ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەڭ كۆلەمدە تارقالدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلاندى.

مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، ھالبۇكى ئىدېئولوگىيە يەنە ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىمۇ ئىقتىسادىي گۈللىنىشنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى گۈللىنىشى، ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن بىۋاسىتە، زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىش.

مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى كۆپىنچە شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان تۇرۇپ كەلگەن، ئۆزىگە تونۇش بولۇپ قالغان ۋە ئادەتلەنگەن تۇرمۇش رايونىدىن، مەدەنىيەت مۇھىتىدىن پۈتۈنلەي يېڭى بىر تۇرمۇش رايونىغا ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىغا كۆچۈپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ھالەتلىرىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. ئۇلار يېڭى تۇرالغۇ ئورنىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ كۆچۈپ كەلگەن مىللەت بىلەن ئەسلى شۇ جايدا ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇقەررەر يوسۇندا قاتتىق سۈر-

كېلىش پەيدا بولىدۇ. بىر قاتار زەنجىرسىمان ئىنكاسلار بار-
لىققا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى، بۇ مىللەتكە ئىقتىسادىي
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەل-
دى، ئۇيغۇر مىللىتىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىدا
ماھىيەتلىك سەكرەش ياسىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ زور تۈركۈمدە
غەربكە كۆچۈشى غەربىي يۇرتنىڭ ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
سىياسىي، مەدەنىيەت ۋەزىيىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆز-
گەرتىۋەتتى، شۇنداقلا غەربىي يۇرت ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
تارىخىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى، غەربىي يۇرت مەدە-
نىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق
قىلماي بولمايدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇلار-
نىڭ غەربكە كۆچۈش ئەھۋالىنى بىلمەي بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ زور تۈركۈمدە غەربكە كۆچۈشى مىلادى
9 - ئەسىردە يۈز بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى
تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تونۇش ئۈچۈن بىز ئالدى
بىلەن تارىخنىڭ ستىرېلكىسىنى مىلادىنىڭ 9 - ئەسىرىگە يان-
دۇرۇشىمىز كېرەك.

مىلادى 9 - ئەسىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ھەل
قىلىدىغان بىر ئەسىر، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدى-
كى مۇھىم بۇرۇلۇش مەنىسىگە ئىگە تارىخىي مەزگىل بولدى.
ئوخشاشلا مۇشۇ ئەسىردىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر مىللىتى مىللىي
مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

مىلادى 9 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇزۇن تارىخىي دەۋردە،
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ئوۋ-

چىدىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار مۇقىم ئولتۇراق جايى بولمىغاچقا، سۈيى ئەلۋەك، ئوت-چۆپى ياخشى جايلارغا بېرىپ، قەبىلە بولۇپ ئويۇشۇپ ياشايتتى. ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا يايلاقتىلا بولاتتى. قاتتىق جۇدۇن ئۇلارغا پات-پات ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى، ۋابا كېسىلى تەھدىت سالاتتى، يايلاق تالىشىش تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان باش-ئايىغى يوق جەڭلەر ئىچىدە قىيىنىلاتتى. ئۇلاردا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يوق دېيەرلىك ئىدى، يىل بويى ئەندىشىلىك ئىچىدە كۈن كەچۈرەتتى. تەبىئىي ئاپەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان، قالاق قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن پۈت-قولى بوغۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىياتى ئىزچىل رەۋىشتە ئاستا ئىدى.

مىلادى 745-يىلى ئۇيغۇرلار قوملۇقنىڭ شىمالىدا قۇدرەت تاپقان چاغلار ئىدى. ئۇلار ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، كۈچلۈك شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، تارىختىكى مەشھۇر ئۇيغۇر-ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇر-ئورخۇن قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، دوستانە ئۆتتى. ئىقتىسادىي، سودا جەھەتلەردە جانلىنىش پەيدا بولدى، يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. ھەربىي كۈچىمۇ كۈچەيدى ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتكە قاراپ قەدەم تاشلىدى. لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ خاراكتېرى يەنىلا يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى قاغانلىق ئىدى.

گۈللىنىش بولغاندا زاۋاللىقمۇ بولىدۇ. قوملۇقنىڭ شىمالىدا قۇدرەت تاپقان ئۇيغۇر-ئورخۇن قاغانلىقى 100 يىل ئۆتۈپ مىلادى 9-ئەسىرگە كەلگەندە ھالسىرىدى، تەبىئىي

ئاپەت ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. تاڭ ۋېنزۇڭ-
نىڭ كەيىنكى يىللىرى (مىلادى 836 - يىلدىن 840 - يىلى-
غىچە) دا، ئۇدا بىر مەزگىل يامغۇر ياغمىدى، ئوت - چۆپلەر
قۇرۇپ كەتتى، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاستى قاچتى، ئۇ يىلدىن بۇ
يىلغا ھېچقانداق ھوسۇل ئېلىنمىدى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى
تۈگىدى»، كەيىنكىنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 839 - يىلى) ئارقا-
ئارقىدىن ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى يۈز بەردى، ھەممە
يەردە ئات - كالىلارنىڭ ئۆلۈكى قاپلىدى، قار قاتتىق يېغىپ،
جۇدۇن بولۇپ كەتتى.» («تاڭ دەۋرى ھۆججەتلىرى»). مۇشۇن-
داق چاغدا، يېغا ياندىن چىققۇر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دې-
گەندەك، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا
قىرغىنچىلىق يۈز بەردى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان قىرغىز-
لار ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى، قاغانلىق بۇ-
نىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي، تىرىپىرەن بولدى. ھەربىي
قىسىملارمۇ پارچىلىنىپ كەتتى. يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن قا-
غانلىق قىرغىزلارنىڭ قولىدا تۈگەشتى.

مىلادى 840 - يىلى زور توركۇم ئۇيغۇرلار موڭغۇل
يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ، مىللەت ھالىتىدىكى چوڭ كۆلەملىك
كۆچۈشنى باشلىدى. بىر بۆلۈك ئادەملەر جەنۇبقا قاراپ مې-
ڭىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆزىنى ئاتتى ۋە خەنزۇ خەلقى
بىلەن بىرلەشتى؛ بىر بۆلۈك ئادەملەر غەربكە مېڭىپ خېشى
كارىدورىغا يېتىپ باردى. تارىخىي كىتابتا ئۇلار گەنشى ئۇي-
غۇرلىرى دەپ ئاتالدى؛ ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جە-
نۇبىي - شىمالىي رايونلىرى، ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەجدادى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇرۇش قىلغاندا
مېڭىپ ئۆتكەن جايلار ئىدى. شۇڭا، ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭ-
رىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا كۆچكەن زور توركۇمدى-

كى ئۇيغۇرلار، ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ قوينىغا سىغىندى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بېشبالىقنى ئىشغال قىلدى ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرپان ئويمانلىقىنى ئىگىلىدى. ئۇلار شۇ جايدا بۇرۇندىن تارتىپ ئولتۇراقلاشقان قاڭقىلار بىلەن شۇنداقلا بالدۇرلا كېلىپ ئۈزۈندىن بۇيان ھاياتكەچۈرگەن ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر ۋە خەنزۇلار بىلەن قوشۇلۇپ، تارىختا داڭلىق بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى (مىلادى 840 - يىلدىن 1210 - يىللارغىچە) قۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن يەنە بىر تارمىقىنىڭ ئاساسلىق كۈچى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدىكى قەشقەر رايونىغا يېتىپ باردى. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، يەتتىسۇ رايونىدىكى قارلۇقلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار بۇرۇن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن توققۇز ئوغۇزلارغا مەنسۇپ قەبىلە ئىدى. ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى مەزگىلىدە، ھۆكۈمدار ئۇيغۇرلار بىلەن چىقىشالماي، ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا كەتكەن، كېيىنچە سۈياپ، تالاس رايونلىرىغا يۆتكەلگەنىدى. قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتىسۇ رايونىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار تەدرىجىي يوسۇندا كۆچىيىپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بىرمۇنچە تۈركىي قەبىلىلەرنى شۇنداقلا بۇرۇندىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئارىئان تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى (مىلادى 840 — 1212 - يىللار) قۇردى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، شەرقتە ئاقسۇ، باي، غەربتە ئامۇ دەرياسى، شىمالدا بالقاش كۆلى، جەنۇبتا چەرچەن، چارقىلىقىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ غەربىي يۇرتلارغا ئورۇنلاشقان-

دىن كېيىن، ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك غەرب بىلەن شەرقىتـ
كى ئىككى خانلىقنى يەنى تۇرپان بېشبالىقنى مەركەز قىلغان
ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قەشقەر، بالاساغۇننى مەركەز
قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ ئىككى سۇلالە 9 ـ
ئەسىردىن تارتىپ 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر 300 يىلـ
دىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ 300 يىل ئىچىدە
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا
چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. 300 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەـ
نىيىتى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ دىققىتـ
تىنى قوزغىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىكى گۈللىنىشى،
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتۈن شەرق دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت تەـ
رەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

## ئىككىنچى پاراگراف يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىـ لىقتىن يېزا ئىگىلىكىگە ئۆتۈپ ئولتۇراقلىشىش

ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالى
شۇنداقلا يەتتىسۇ رايونى تارىختا غەربىي يۇرت دەپ ئاتىـ
لاتتى. بۇ جايدا بۇرۇندىنلا ئولتۇرۇپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ
كۆپچىلىكى ھىندو ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئارىيان
تىلىغا ياتىدىغان غەربىي ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار مۇقىم ئولـ
تۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ناھايىتـ
تى بالدۇر قەدەم قويغانىدى. غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىقلارـ
دا يەر مۇنبەت بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا
تازا مۇۋاپىق ئىدى. قەشقەر رايونىدىلا مىسال ئالساق، مىـ
لادىي 6 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا بۇ يەردە شال، بۇغداي، تېرىق،

كەيدىن قاتارلىق زىرائەتلەر كەڭ كۆلەمدە تېرىلىشقا باشلىغانىدى. مىلادى 7 - ئەسىردە بۇيەردىن ئۆتكەن تاڭ راھىبى شۈەنجۇاڭمۇ بۇ يۇرت ھەققىدە «كىلىماتى مۆتىدىل، شامال-يامغۇرلىرى راۋان»، «زىرائەتلىرى بولۇق، گۈل - گىياھلىرى باراقسان» دېگەن تەسىراتقا كەلگەنىدى. بۇ شەرقىي ئۇيغۇرلار كېلىشتىن بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتىكى دېھقانچىلىقنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغان ھالدا ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ نىسبەتەن پاراۋان، باي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

مىلادى 9 - ئەسىردە زور تۈركۈمدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچتى، ئۇلار پايانسىز يايلاقتىن قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان، مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان، ھوسۇلى مول بوستانلىققا كېلىپ ماكان تۇتتى. ئۇلار داۋاملىق رەۋىشتە سۇلىرى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى مول يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاش كېرەكمۇ ياكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېڭى تۇرمۇش ئىچىگە كىرىش كېرەكمۇ دەيدىغان تاللاشقا دۇچ كەلدى. روشەنكى، كېيىنكى ئەھۋال ئۇلارنى ئۆزىگە بەكرەك تارتماقتا ئىدى. غەربىي يۇرتقا كۆچۈشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك تەبىئىي ئاپەت، ئات - كالىلارنىڭ بىرسىمۇ قالماي ئۆلۈپ كېتىشى تۈپەيلى پەيدا بولغان ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كېسەللىكى، شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەن، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئۇيغۇرلار كېيىنكىسىنى تاللىۋالدى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان تۇرمۇشنى باشلىدى.

ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر يەنى ئارىيان تىلىدىكى غەربىي ئۇيغۇرلار، بۇ يەرگە بالدۇرراق كەلگەن تۈركىي قەبىلىلەر ۋە خەنزۇلار ئۇزۇندىن بۇيان تې-

رىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. زور تۈركۈمدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن بۇ يەردە بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقان ئاۋام خەلق تېز ئارىدىلا تۈركلىشىپ كەتتى، تەدرىجىي يوسۇندا شەرقىي ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىندى. ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە مول تەجرىبىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇرلار بۇ يەردىكى ئەسلى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئاھالە بىلەن تەدرىجىي بىرىكىش جەريانىدا، يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز يوسۇندا تەرتىپكە سالدى. ئۇيغۇر مىللىتى ئەقىللىك، پاراسەتلىك مىللەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شارائىتقا ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېتىز ـ ئېرىق، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى رېمونت قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋالدى. شۇنداقلا يىراق ـ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان باغۋەن، ئۇستىكارلاردىن بولۇپ قالدى.

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى — ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئوخشاشلا دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان دۆلەتلەر ئىدى. چۆل ـ جەزىرە، بوستانلىقلاردا سۇ جان يىلتىزى ئىدى. قەيەردە سۇ بولسا، شۇ يەردە كۆپكۆك زىرائەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ جاپالىق ئىجتىھات قىلىشى ئارقىسىدا سۇغىرىش سىستېمىلىرى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى، «ئېرىق ـ ئۆستەڭ، بۇ-

لاقلار»، «كۆل ۋە سازلىقلار» نىڭ سۈيى بىكار كەتمىدى، تۈلار دەريا سۈيىنى ھەممە يەرلەرگىمۇ ئېلىپ كىردى، ئېرىگەن قار سۇلىرىد- دىن پايدىلىنىپ يەرلەرنى سۇغاردى. مۇنبەت ئېتىزلار، مول سۇ مەنبەلىرى، يېتەرلىك قۇياش نۇرى، مۆتىدىل كىلىمات، راۋان شامال- يامغۇرلار يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىككى خان- لىقنىڭ يېزا ئىگىلىكى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ئاشلىقنىڭ تۈرى كۆپەيدى، «سەككىز خىل زىرائەت ئىچىدە گۈرۈچ بىلەن پۇرچاقتىن بۆلەك ھەممىسى بار بولدى.» مەھسۇلات بىرلىكى ئۆزلۈكسىز ئاشتى، ئاز بولمىغان رايونلار تازا بېيىندى. باغ- ۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، «باغ- ۋارانلار نەچچە يۈز يول ئۇزاقلىققا سوزۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈز- لەڭلىكمۇ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەلمەيتتى»①، «ھەر بىر ئۆيدە باغ بار ئىدى، باغلار چوقۇم بىر- بىرىگە يېقىن بولۇش كې- رەك ئىدى»②. مېۋە- چېۋە، سەي- كۆكتات، يىپەك- پاختا، مەي- شارابلارنىڭ قاندىقىنى دېسە شۇندىقى تېپىلاتتى.

يېزا ئىگىلىكىدىكى گۈللىنىش مۇقەررەر ھالدا قول ھۈ- نەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەتتى. ئۇيغۇرلار- نىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجى- لىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىدى. پاختا، يىپەك، يۇڭدىن توقۇلغان مەھسۇلاتلار سۈپەت جەھەتتىلا ياخشى بولۇپ قال- ماي، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن گۈل نۇسخىلىرىمۇ ئىنتايىن گۈزەل ئىدى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە چىقىرىلغان بۇ ماللارنى شۇ دۆلەتتىكى خەلقلەر ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ ئالتۇن- كۈمۈش زى-

---

① «ئەۋلىيا چاڭ چۈنجېننىڭ غەربكە ساياھىتى».

② يېلۈي چۇسەي «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».

بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى سوقۇش ھۈنىرى ھەممىلا يەرگە مەشھۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ خۇرۇم ئېتىش، ئاياغ كىيىم تىكىش تېخنىكىسى تېخىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپلار زور كۈچ بىلەن مەدھىيىلەنگەن ۋە مۇنداق مىسرالار يېزىلغان:

«تۆمۈرچى، موزدۇز ۋە نەققاش (ئويمىكار)،
ياكى سىرچى، بېزەكچى (رەسسام) ۋە ئوقياچى—
بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ،
جاھاندا ھەيران قالارلىق ئىشلارنى شۇلار قىلىدۇ.»
(4458 — 4459 - بېيىتلار)

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ گۈللىنىشى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، شۈبھىسىزكى سودىنى گۈللەندۈرىدۇ. غەربىي يۇرت ئەزەلدىن تارتىپ يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى سودا يولى ئىدى، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، بۇ يول ئايىغى چىقمايدىغان جەڭگە-جېدەللەر تۈپەيلى، بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان يىپەك يولىغا يېڭىباشتىن جان كىردى، كۆپ يىللار غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان يىپەك يولىدىن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودا كارۋانلىرى توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان بولدى، ھەيۋەتلىك سودا قوشۇنى شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا قاتناشقا باشلىدى، قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ كۈلكە-پاراڭلىرى توختىمايدىغان بولدى. يىپەك يولى خۇددى بىر غايەت زور قان تومۇرغا ئوخشاش، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىدىكى بوستانلىقنى قاينام تاشقىنلىققا پۈركىدى، ئۇنى جانلاندۇردى.

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى، ئۇيغۇر مىللىتىنى يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتتىن يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتكە ئۆزگەرتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مىسلىسىز رەۋىشتە راۋاجلاندۇردى، ئىقتىسادىي جەھەتتە باياشاد ۋەزىيەت شەكىللەندى، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس تىكلىدى.

## ئۈچىنچى پاراگراف ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى

مىلادى ٩ - ئەسىردىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش، يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىلا ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىنىلا شەكىللەندۇرۇپ قالماي، بەلكى ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ئۇيغۇر مىللىتىنى مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن دەۋرگە ئېلىپ كىردى.

غەربىي يۇرت قەدىمدىن تارتىپ ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر جاي ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى، غەربىي يۇرتتا ياشاپ كەلگەن ئەسلىدىكى ئاھالە خېلى يۇقىرى مەدەنىيەتلىك بولۇپ، كۆپتىن - كۆپ مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى ياراتقانىدى. دۇنيا مىقياسىدىكى ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەت — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن مەدەنىيىتى، ھىندى-بۇددا مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى مۇشۇ جايغا يىغىلغان ھەمدە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىگە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت روشەن ئالاھىدىلىك، مۇستەقىل رەڭ بەرگەنىدى.

غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكىسى، ناخشا - قوشاقلىرى، ئۇسسۇل-مەشرەپلىرى قانچىلىغان ئەدىبلەرنى ھەيران قالدۇرغان، قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى ئويغاتقانىدى. كۇسەن نەزمىلىرى، ئىدىقۇت نەزمىلىرى، سۇلى نەزمىلىرى، سۇي، تاڭ سۇلالىرىدىكى توققۇز بۆلەكلىك، ئون بۆلەكلىك، خانىدە نەزمىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئۆزىگە قاراتقانىدى. غەربىي يۇرتتىكى ھەيكەلتىراشلىق، تام رەسىملەر دۇنيا گۈزەل سەنئەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. كۇچادىكى قۇمتۇر مىڭئۆي، بايدىكى قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى، ئالدىنقى ئىككى ئورۇندىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمە ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، قانتىنى لەپىلدىتىپ ئۇچۇۋاتقان پەرىزاتلار، يالىڭاچ رەسىملەر ۋە بۇددۇر چاچ، قاڭشارلىق، كۆزلىرى ئىچكىرى بۇتلاردىن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى مانامەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. غەربىي يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى تېخىمۇ رەڭدار ئىدى، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى تىياتىرلار ۋە رىۋايەتلەر، مانىي دىنىنىڭ مەدھىيە قەسىدىلىرى، يىسۇنىڭ مەسەللىرى، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى، خەن دەۋرى تارىخلىرى، مۇھاكىمە ۋە بايان ..... كۆپ مەنبەلىك ئالامەتلەرنى ئىپادىلەپ بېرەتتى.

مىلادى ٩ - ئەسىردە، زور بىر تۈركۈم شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچتى. شامان مەدەنىيىتىنى ئاساس گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ئارىسىدا قاتتىق سۈركىلىش كېلىپ چىقتى. ئۇيغۇر مىللىي

مەدەنىيىتى مۇشۇ سۈركىلىشنى ئاچقۇچ قىلىپ، بېكىنمىچىلىكتىن
ئېچىۋېتىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇيغۇر خەلقى مىللىي ئەنئەنى-
ۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، خۇددى سۇ
سۈمۈرىدىغان بۇلۇتتەك، ھەر خىل قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ
ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى. نىسبەتەن يۇ-
قىرى مەدەنىيىتى بار يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرىكىش جەريانى-
دا، ئۇلارنىڭ مول، رەڭدار، كۆزنى چاقنىتىدىغان ھەر خىل
قىياپەتتىكى مەدەنىيىتىنى ئۆز مەدەنىيىتى ئىچىگە ئېلىپ كىر-
دى. ئۇيغۇر مىللىتى غەربىي يۇرتتىكى مۇنبەت مەدەنىيەت
تۇپرىقىدا تېزلىك بىلەن راۋاجلاندى.

بىز يۇقىرىدا، شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ غەربىي
يۇرتتا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا ئىككى
ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ يەنى تۇرپان، بېشبالىقنى مەركەز
قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن بالاساغۇن، قەشقەرنى
مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تىلغا
ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تۇرغان ئورنى-
نىڭ ئوخشىماسلىقى، ئەسلىدىكى ئاھالىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت
جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
كېيىنكى چاغلاردا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ھەر خىل پەرق
ۋە قارشىلىقنىڭ كېلىپ چىققانلىقى تۈپەيلى، بۇ ئىككى خان-
لىقنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىمۇ تەدرىجىي يوسۇندا ئوخ-
شىماسلىقلار بارلىققا كەلدى، شەرق بىلەن غەربكە جايلاشقان
بۇ ئىككى خانلىقتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىگە لايىق پەۋ-
قۇلئاددە ئۇسلۇب شەكىللەندۈردى.

غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان ئۇيغۇر
ئىدىقۇت خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن زېمىنىغا خې-
لىلا يېقىن ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاساسى تۇر-

پانىنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت دۆلىتى بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلىرى ئاساسەن خەنزۇلار ئىدى، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئىچىدە ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان قاڭقىللاردىن باشقا، زور تۈركۈمدىكى خەنزۇلار ۋە تۈركىي مىللەتلەر بار ئىدى. تۇرپان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىلا «قۇجۇ» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. غەربىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرپاندا ئىدىقۇت چېرىكچى بەگلىكى تەسىس قىلىندى. غەربىي يۇرت ھىراۋۇلى جىڭ جى بۇ يەردە بوز يەر ئېچىش ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئەسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن باشلاپ كەلگەن بىرمۇنچە خەنزۇ لەشكەرلەردىن كېيىنكى چاغدا يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلەر ئانچە كۆپ بولمىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ قالدى؛ شەرقىي جىن دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى مىلادىي 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ يەردە رەسمىي يوسۇندا ئىدىقۇت ۋىلايىتى تەسىس قىلدى، خېشى كارىدورىدىن كۆچۈپ كەلگەن زور تۈركۈم خەنزۇ خەلقى تەدرىجىي ھالدا خەنزۇلارنى مەركەز قىلغان فېئودال دەۋرانلىق تەسىر دائىرىسىنى شەكىللەندۈردى. جىن دەۋرىدىن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىگە كەلگۈچە ئارىلىقتا ھۆكۈم سۈرگەن بىرنەچچە ئەۋلاد ئىدىقۇت پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلاردىن بولدى. ئۇ يەردىكى سۇڭ، ما، سو، ۋېي قاتارلىق فامىلىدىكى باي تەبىقىلەر ئاساسەن گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ، لەنجۇ ئەترابىدىن كەلگەنلەر ئىدى.

تۇرپان ۋىلايىتىدە بۇرۇندىن تارتىپلا خەنزۇ تىلى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ئوخشاش قوللىنىلغانىدى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمۇ تەڭ يولغا قويۇلغانىدى. شۇڭا «جۇنامە» دىكى ئىدىقۇت دۆلىتى ھەققىدە قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردە:

«يېزىقى خۇاشيا (خەنزۇ) لارنىڭكىگە ئوخشايتتى، ئاز سانـ
لىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ئارىلاش ئىشلىتىلەتتى»، «جازا قانۇنـ
لىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۆلۈم-يېتىم، توي-تۆكۈندىكى
قائىدە-يوسۇنلىرى خۇاشيالىقلار بىلەن كۆپ جەھەتلەردە
ئوخشاپ كېتەتتى، ئوخشاش ئەمەس جايلىرى ئاز ئىدى» دەپ
يېزىلغانىدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئالىملىرىمۇ،
جىن، تاڭ دەۋرىدىكى ئىدىقۇت مەدەنىيىتى خەنزۇ مەدەنىـ
يىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەدەنىيەت دەپ ئورتاق ئېتىـ
راپ قىلىدۇ. شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كېلىپ تۇرپان
ئويمانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي
گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇرلار
بۇ يەردىكى ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ھەرقايسى
مىللەت خەلقلىرى بىلەن — خەنزۇ خەلقى، ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر
خەلقى ۋە يەرلىك خەلقى بىلەن ئىجىل-ئىناق ياشىدى،
زور كۆچ بىلەن تۈركلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش جەريانىدا،
مىللىي بىرىكىشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرپاننىڭ ئاھالە
قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇيغۇرلار
ئاساسىي ئاھالىگە ئايلاندى. لېكىن، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى خەن
مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغانلىقى، ئەسلى
ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلارنىڭمۇ خېلى كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ ۋىلايەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېقىن بولغانلىقى
ۋە مۇناسىۋەتنىڭمۇ قويۇق بولغانلىقى
تۈپەيلىدىن، خەن مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ
مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرىمۇ چوڭقۇر ئىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلار،
ئالىملار خەن مەدەنىيىتى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى. مىلادى

10-ئەسىر ئەتراپىدا بېشبالىقتا ياشىغان داڭلىق ئۇيغۇر
تەرجىمان، شائىر سىنقۇسالى تۇتۇڭ بولارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئال-
دىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلاردىن ئىدى. سىنقۇسالى قەدىمكى
خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى جەھەتتە بولغان تەربىيىلىنىشى ۋە خەنزۇ ئەدەبى-
ياتى جەھەتتىكى ئىستېداتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئۇ خەن-
زۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇغ»، «بۇ-
يۈك تاڭ دەۋرىدىكى شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كى-
تابلارنىڭ تەرجىمىسى تولىمۇ گۈزەل چىققان بولۇپ، بۇ كى-
تابلار ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممىتى ۋە ئەدەبىي قىممى-
تى بار كىتابلار ئىدى. بۇ كىتابلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى
تېپىلغاندىن كېيىن①، دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ
دىققىتىنى قوزغىدى. ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار
سىنقۇسالىنى قالتىس تالانتلىق شائىر ۋە كاتتا ئەدىب دەپ
قارىدى. بۇ ئىككى كىتاب گەرچە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر-
لەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن سۆز-جۈملىلەر
ئىنتايىن ئەپچىل، ئىنتايىن راۋان ئىدى، سىنقۇسالى نېمە
بولسا شۇنىلا تەرجىمە قىلىدىغان ئۆلۈك ئۇسۇل بىلەن چەكلەن-
مەي، بەلكى ئەركىن، نەپىس ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن پاي-
دىلىنىپ، ئەسلىدىكى مەنىنى ئوبرازلىق ۋە جانلىق ھالدا قايتا
سۈرەتلەپ بەردى، مۇشۇ جەھەتتە بىز بۇ كىتابنى ئەدەبىي تۈس
ئالغان قايتا ئىجادىيەت دەپ ئېيتالايمىز. سىنقۇسالى تەرجى-
مە قىلغان بۇ ئىككى كىتاب ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى-

① «ئالتۇن يارۇغ» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1910-يىلى گەنسۇ نىڭ جۇ-
چۈەنگە يېقىن جايىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىن تېپىلغان بولۇپ، تېكىستى 707
بەت، قوشۇمچە خاتىرىلەر 227 بەت. «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى
1930-يىلى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان، ھازىر 378 بەت
ساقلىنىۋاتىدۇ.

دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇبدانلا كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تۇرپان رايونىدىكى تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈك ئىدى. كۈسەن، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلار ئەزەلدىنلا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بولۇپ، بۇتخانا، ئىبادەتخانىلار، راھىبلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 2 - يىلى (628 - يىلى) شۈەنجۇاڭ ئىدىقۇتتىن ئۆتكەندە، ئىدىقۇتنىڭ پادىشاھى چۈي ۋېنتەي تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. چۈي ۋېنتەي شۈەنجۇاڭنى بىر ئايدىن ئۇزۇنراق تۇتۇپ قالدى، ئۇنى نوم ۋە تەرىقەتلەردىن سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۈەنجۇاڭ يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئاۋام خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالدى. ئىدىقۇت پادىشاھىمۇ ئۇنى لايىقىدا سوۋغا-سالام بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. بۇددا ئېتىقادىدىكى سەممىلىكنى مۇشۇنىڭغا قاراپلا بىلگىلى بولاتتى.

ئىپتىدائىي شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار تۇرپانغا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە دۇچ كەلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا كىردى. بۇددا دىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇلارنىڭ سۇڭ ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىرى بۇددانىڭ (ساكيامۇنىنىڭ) چىشى بىلەن بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەردىن ئىبارەت بولدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردىدىن ئالىدىغان ئىنئاملارمۇ پىراجنا پارامىتا (parajna) غا ئوخشاش بۇددا دىنىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا، ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا نىسبەتەن ئېرىشىپ بارغان تەتقىقاتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە بولغاچ، ئۇلار پات-

پات دېگۈدەك گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇنى ۋە تەرىقەت ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىناتتى.

ئەدەبىيات جەھەتتە، ھىندىستان بۇددا دىنى ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى تەسىرى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى، ھىندىستاندىن غەربىي يۇرتقا كىرگەن بۇددا دىنىنى مەزمۇنىدىكى تىياتىرلار، بۇددانىڭ تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ھەمدە بۇددا دىنى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىچىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغانىدى. بەزى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بۇددانى ۋە بۇددا ئەقىدىلىرىنى مەدھىيىلەپ يازغان شېئىرلىرى، مەزمۇن يېقىدىن بۇددا دىنىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، شەكلى يېقىدىن ئۇيغۇر خەلقى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىر شەكلىدە بولاتتى.

خەن مەدەنىيىتى بىلەن ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزىنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى قالدۇردى.

بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقانىدى. مىلادى 1 ـ ئەسىردە جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەندىن باشلاپ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دائىرىسىدىكى سۇياپ (بالاساغۇننىڭ قېشىدا)، ئۇدۇن (خوتەن رايونى)، سۇلى (قەشقەر رايونى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەت بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلاردا ئىزچىل قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ كەلدى. مىلادى 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇن، غەربىي يۇرت بۇددا دىنى روناق تاپقان جاي ئىدى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلارنىڭ ھەممىسى بۇددا

دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان، بۇ يەرلەردە بۇددا دىنىنىڭ كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى.

مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىسلام دىنى قاراخانىلار سۇلالىسىدە تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپىدە هۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدە تارقىلىپ، كېيىنچە تەدرىجىي هالدا كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. نەتىجىدە ئىسلام دىنى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالدى؛ قەشقەرمۇ بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىدىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىدە كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمانلار پارس - ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى، قاراخانىلار سۇلالىسىدە پارسچە، ئەرەبچە يېزىقتىكى داڭلىق ئەسەرلەرنى بىۋاسىتە ئوقۇيالايدىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. پارس - ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى شىددەت بىلەن چەتكە قاقتى. قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەريانىدا، ئىسلام مەدەنىيىتى نىسبەتەن چوڭقۇر رول ئوينىدى.

ئەگەر تۇرپاننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە خەن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، ئۇنىڭدا روشەن هالدىكى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى بار دېيىلسە، ئۇنداقتا قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن هىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئوزۇقلۇقنى تېخىمۇ كۆپ ئىستېمال قىلدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيـ

يىن، شەرق بىلەن غەربتىكى ئىككى ئۇيغۇر قاغانلىقى مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىدى، ھالبۇكى، بۇ ئىككى قاغانلىقتىكى ئۇيغۇرلار بىر خىل مەنبەگە ۋە بىر ئىرققا مەنسۇپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا ئورتاق مىللەت تىلى بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىللىي پىسخىك ماھىيىتى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوخشاش بولغاچقا، بۇ ئىككى قاغانلىق مەدەنىيەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان پۈتۈن گەۋدە ئىدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كەچكەندىن كېيىن، سۇ بىلەن يايلاقنى قوغلىشىپ تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ زور ئىقتىسادىي ئىنقىلابنىڭ ئۇستىقۇرۇلمىدىكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى غايەت چوڭ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقى مۇقەررەر ئەھۋال ئىدى. بۇ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا نوقۇل يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن يۇقىرى قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتكە ئۆتۈش بىلەن ئەكس ئەتتى. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ماھىيەتلىك سەكرەش ئىدى.

غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا پەقەت ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىلا بار ئىدى، يازغۇچىلار ئەدەبىياتى تېخى بارلىققا كەلمىگەنىدى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى تۇرمۇشتىكى خاتىرجەملىك، شۇنداقلا ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتى شەكىللىنىپلا قالماي،

بەلكى شىددەتلىك يوسۇندا تەرەققىي قىلدى، شائىرلار، ئالىملار تۈركۈملەپ مەيدانغا چىقتى، شېئىرىي ئەسەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە باشلىدى. ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىدە مىسلىسىز گۈللەپ ياشناش ھالىتى پەيدا بولدى.

مەدەنىيەت تارىخىدىكى سان-ساناقسىز پاكىتلار ئادەملەرگە مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى يەنى ئىجتىمائىي ئىقتىسادتىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك، يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ كۆپ ھاللاردا زور بۆسۈش كېلىپ چىقاتتى.

تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى قىينالغان، قالايمىقان جەڭلەر ۋە سەرگەردانلىقنىڭ جاپاسىنى يەتكۈدەك تارتقان ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشىدى. ئۇلار ئادىل، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل بىر پادىشاھنىڭ بولۇشىنى، بىرلىككە كەلگەن بىر پادىشاھلىقنىڭ تىكلىنىشىنى، رەتلىك تەرتىپ-تۈزۈم ئىچىدە خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلدى.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپ — قاغانلار، بەگلەر يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچىلارنى باشقۇرۇش، ئاتلىق لەشكەرلەرنى يېتەكلەپ جەڭگە چىقىش جەھەتلەردە مول تەجرىبىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش، چوڭ شەھەرلەرنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئاجىزلىق قىلاتتى، نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ھۆكۈمرانلارغا ئەقىل ئۆگىتىدىغان، ئۇلارغا پىلان تۈزۈپ بېرەلەيدىغان ھېكىم-

لەر، ئالىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىنتىزار ئىدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، ئالىمى، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم يۈكسەك سىياسىي ئارزۇ-ئارمانلىرى بار، ھەم خەلقنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان زات ئىدى؛ ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىمى، ئەدەبىيات جەھەتتىكى پۇختا ئاساسى ئۇنىڭغا قانات بولدى، ئۇنى زاماندىشلىرى ئىچىدە سەھنىنىڭ ئالدىغا چىقاردى. دەۋر ئۇلۇغ بىر شەخسنى ياراتتى، دەۋر بۈيۈك بىر ئەسەرنى تۇغدى. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتى باشتىن كەچۈرگەن ئۇلۇغ بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولغان 11-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى، شەرقىي ئۇيغۇرلار زور تۈركۈمدە غەربكە كۆچۈپ، ئارىدىن 200 يىلدىن كۆپرەك ئۆتكەن مەزگىل ئىدى. ئۇلار 200 يىلنىڭ ئالدىدا، ئېغىر خەۋپ-خەتەر ئىچىدىن ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان مىللىتىگە سېغىنغان ۋە غەربىي يۇرتقا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئەگەر، 200 يىلنىڭ ئالدىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە مۇساپىر تەرىقىسىدە كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلار يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرىكىپ، مۇشۇ رايوندىكى ئاساسلىق مىللەت يەنى ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ قالغان ھەمدە تۈركلەشتۈرۈش جەريانىنى تاماملاپ، ئىككى ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىققان، مەھكەم يىلتىز تارتقانىدى.

مەدەنىيەت جەھەتتە، يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، زور تۈركۈم ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىمۇ ۋايىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەشقەردەك بىر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدەنىيەت كەيپىياتىدىمۇ تۈپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 11 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا
تەۋەللۇت بولۇشى شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن باشـ
قا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ بۈيۈك ئەسەر شەرقىي ئۇيغۇرلار
غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن
دەۋرنىڭ شانلىق ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

## ئۈچىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي يۇرت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى

دەۋر گىگانت ئەسەرنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن جار سالىدۇ، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر خۇددى بىر پارچە رەسىمگە ئوخشاش دەۋرنىڭ روھىنى ۋە قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تۇغۇلۇپ، دۇنيانىڭ 11 - ئەسىردىكى غەربىي يۇرتنى ۋە قاراخانىلار قاغانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى چۈشىنىشتىكى قامۇسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر بۇ ئۇلۇغ شېئىرىي ئەسەر ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمىنى، جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى، تىل ۋە ئەدەبىياتتىكى ئۇتۇقلىرىنى شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ دىن كۆز قارىشى، ئېتىكىلىق كۆز قارىشى، ئېستېتىك كۆز قارىشىنى ھەمدە ئۆرپ - ئادىتىنى بىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» بىر پارچە رەسىم، بۇ بىر پارچە قىممەتلىك رەسىمنى يايىدىغان بولساق، 900 يىل بۇرۇنقى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئوبرازلىق، جانلىق رەۋىشتە قايتا كۆرۈنىدۇ.

### بىرىنچى پاراگراف بايلىق ۋە نامراتلىقتىكى زور پەرق، دەھشەتلىك نەسەب - دەرىجە كۆز قارىشى

ئۇيغۇر مىللىتى قۇملۇقىنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى مەزگىلى (8 — 9 - ئەسىر) دىلا فېئوداللىق جەمئى-

يەتكە ۋەدەم قويغانىدى. لېكىن بۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار يەنىلا قەبىلە كوللېكتىپى ئاساسىدىكى يايلاق ۋوغلىشىپ ماكانلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ئىدى. بۇ خىل تارقاق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى فېئودالىلىق ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قۇرۇشقا پايدىسىز ئىدى. قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى مەزگىلى، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتى فېئودالىلىق جەمئىيەتنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان چاغ بولۇپ، فېئودالىلىق تۈزۈم تېخى مۇكەممەللەشمىگەنىدى.

مىلادى 9 - ئەسىردە شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرمۇشقا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شەكلىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىققا قاراپ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تېزلەتتى، فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈم كۈچەيدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىلدە، ئۇيغۇر مىللىتىدە پەقەت قەبىلە ئاقساقاللىرىلا بار بولۇپ، خانلىق تۈزۈم يولغا قويۇلمىغانىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇلار جاسارەتلىك ئىدى، دەسلەپتە ئاقساقىلى يوق بولغاچقا، يايلاق ئىزدەپ كۆچۈپلا يۈرەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ: «ئۇيغۇرلاردا.... خان يوق ئىدى، ئۇلار مۇقىم تۇرالغۇ جايى بولمىغاچقا، نەدە يايلاق بولسا شۇ يەرگە بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى» - پ يېزىلغانىدى. كېيىنچە قە-

بىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا
ئەگىشىپ، ئۇلۇسلارنىڭ كۈچى كۈچەيدى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى
ۋە ئۇلۇس ئاقساقاللىرىنىڭ — خانلارنىڭ كۈچى كۈنسايىن مۇس-
تەھكەملەندى. لېكىن خانلار بىلەن پۇقرالار ئارىسىدىكى نە-
سەب - مەرتىۋە پەرقلەندۈرۈلمىگەچكە جەڭگە چىقىدىغان، ئۆلۈش
بەلگىلەيدىغان چوڭ ئىشلاردا، خانلار يەنىلا پۇقرالارنىڭ پىك-
رىگە قۇلاق سالاتتى، قارار چىقىرىدىغان چاغدا پۇقرالار بىلەن
مەسلىھەتلىشەتتى. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق توغ-
رىسىدىكى داستانى «ئوغۇزنامە» دىكى باتۇر ئوغۇزخاننىڭ
خان بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنىلا چارۋا بېقىش بىلەن بىۋاستە
مەشغۇل بولغانلىقى، ھەر نۆۋەتلىك جەڭگە ئاتلىنىش، ئورۇن
بىكار قىلىش، ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق مىللەتنىڭ
تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا ئاۋام پۇقرا
بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ساددا
دېموكراتىيە ئىستىلى ساقلانغانىدى. «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش
ئۆرنەكلىرى» نىڭ 226 - جىلدىدىمۇ بۇ ھەقتە «دەسلەپتە،
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئاددىي ئىدى، خانلار بىلەن
پۇقرا ئارىسىدىكى پەرق ئۇنچە ئەمەس ئىدى» دەپ
خاتىرىلەنگەنىدى.

بىراق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلى-
نىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ غەربىي يۇرتقا كۆچكەندىن كېيىن
خانلار تۈمەن مىڭ پۇقرانىڭ شىللىسىغا مىنىپ، بارغانسېرى
ئەشەددىيلىشىشكە باشلىدى. 11 - ئەسىردىكى شائىر يۈسۈپ ياش-
غان دەۋرگە كەلگەندە فېئودال خانلار تېخىمۇ ئەدەپ، چەك-
سىز ھوقۇق ۋە كىشىنى چۆچۈتكۈدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە
بولۇۋالدى. «قۇتادغۇبىلىك» فېئودال خانلارنىڭ سۈرلۈك
ھەيۋىسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

«ئەلىگىنىڭ بارچە خەلققە قولى ئۇزۇن،
قاپىقى تۇرۇلسە، خالىغىنىنى قىلالايدۇ.
(5064 - بېيىت)
«بىخۇد بولما، بەگلەر كۆيۈۋاتقان ئوتتۇر،
كۆيۈۋاتقان ئوتقا يېقىنلاشساڭ، بۇ ساڭا جۇت بولىدۇ.»
(654 - بېيىت)
«ئەگەر قوپاللىق بىلەن يېقىنلاشساڭ، غەزەپلىنىپ، باش
كېسىدۇ. تومۇرۇڭنى كېسىپ، قېنىڭنى سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ.»
(4099 - بېيىت)
مۇشۇ ۋەجىدىن، شائىر ئادەملەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇن-
داق دېگەنىدى:
«مۇنۇ ئۈچ نەرسىگە يېقىن قوشنا بولما:
كۆيەر ئوت، ئاقار سۇ، بەگلەر شۆھرىتى.»
(4097 - بېيىت)
فېئودال خانلار مىڭلىغان - مىليونلىغان ئاۋام پۇقرا-
نىڭ ئۈستىدە بولغاچقا، مەيلى ئادەتتىكى پۇقرالار بولسۇن،
مەيلى ۋەزىر - ۋۇزرالار بولسۇن، خاننى كۆرگەن ھامان
«كۆزىنى يەرگە تىكىپ، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، ھۆرمەتتە تۇرۇشى»
(4055 - بېيىت) لازىم ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە
ھەممىلا ئادەم خانلارنىڭ خىزمەتكارى ئىدى. بىر چاغلاردا
ئاۋام پۇقرادىن كېلىپ چىققان قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقال-
لىرى 11 - ئەسىرگە كەلگەندە پۈتۈنلەي دېگۈدەك فېئودال
خانلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى.
ئوردىدىكى فېئوداللىق نەسەب - مەرتىۋە تۈزۈمى ئىن-
تايىن قاتتىق ئىدى. خانلار قۇياش ئىدى، ئوردىدىكى يۇقىرى،
تۆۋەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خۇددى يۇلتۇز بىلەن ئايغا ئوخ-

شاش، خاننىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. خانلار غىزالانماقچى بولغاندا، مەخسۇس ئاشپەزلەر ئۈستىكار-لىق قىلاتتى؛ خانلار مەي ئىچكەندە، قاش - كۆزى جايىدا، ئوبدان مەشق قىلدۇرۇلغان ئۈسسۈرلەر بىر ياندا تۇرۇپ، خاننىڭ قولىدىكى قەدەھلەرگە مەي قۇيۇشى لازىم ئىدى، خان-لار شىكارغا چىققاندا، مۇھاپىزەتچى خادىملار ئۇنىڭ ئالدى - كەينىنى قاپساپ ماڭاتتى.

خانلارنىڭ مال - مۈلكى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. شائىر يۈسۈپ بۇ ئەھۋالنى ئەسەردىكى زاھىد، قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىشنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك پاش قىلغانىدى:

«ئەي ئەلىگ، سەن ئۆزۈڭگە (باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن) قاراپ باق، بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن قانچىلىغان نەرسىلەرنى توپلىدىڭ؟

سەن ئۈچۈن دېڭىزدىكى گۆھەرمۇ تۈگىمەيدۇ، (دېڭىز تۈۋىدىكى ئۈنچە (مەرۋايىتلار)مۇ) يەتمەيدۇ.»

«بوز يەر تېگىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى خەزىنەڭگە يىغى-سەن، كۆپلەپ توپلايسەن. بوز يەر ئۈستىدە ئۈنىدىغان دانلارنى يىغىپ، سەن خەزىنە - قازناقلىرىڭنى تولدۇرىسەن.»

«ئۇچار (قۇشلار)، ماڭغۇچى (مەخلۇقلار)، سۇدىكى بېلىق-لار، سەندىن قۇتۇلالمايدۇ، ئەي پەيلى قاتتىق!»

«ئەرەب ئارغىمىقى، ئېسىل تۇلپارلار بىلەن ئېغىل - ئوقۇ-رۇڭ تولدى، كۆز - قارنىڭ تويدىمۇ، قېنى؟»

«تۈمەنمىڭلىغان خىل تۈگىلەرنى توپلىدىڭ، يايلاقلىرىڭ-دا سانسىز ئاتلار، ئوتلاقلاردا قېچىرلار تۇرۇپتۇ.»

«قوي پادىلىرى تاغ - ئوتلاقلارغا ياماراپ كەتتى، قۇل، كېنىزەك، خىزمەتچىلەرمۇ (نۇرغۇن)، ئەي ئاق كۆڭۈل.»

(5361 — 5371 - بېيىتلار)
فېئوداللىق ئوردا ئىچىدە مۈلكىي ئەمەلدارلار بىلەن ھەر-
بىي ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى خانلاردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا
تۇراتتى. ۋەزىرلەر بولسا خاننىڭ مۇشاۋىرى، سىرداش دوس-
تى، قابىلىيەتلىك ياردەمچىسى ئىدى. ئۇلار خانلار تەرىپىدىن
قەدىرلەنگەچكە، يالغۇز سىياسىي ھوقۇققىلا ئىگە بولۇپ قال-
ماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ كاتتا دۆلەتمەنلەردىن ئىدى.
ئۇلارنىڭ قولىدا «قۇل - كېنىزەكلەر، ئات - ئارغىماقلار، يەر -
سۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى» (5781 - بېيىت) بار بولاتتى؛
ئۇلار «يىپەك - تون، تاۋار - دۇردۇنلارنى كىيەلەيتتى» (5799 -
بېيىت)، سىرتقا چىققاندا «يورغا ئارغىماقلارنى، ساپ (نەسىل-
لىك) تايلارنى مىنەتتى» (5803 - بېيىت). ئۇلار «ھالاۋەت
ئىچىدە كۆپ ئارزۇ، نېمەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇقىدەك (سەم-
رىپ)، بويۇن - كۆكسىنى كۆتۈرۈپ» ياشايتتى (5801 -
بېيىت).
ھەربىي ئەمەلدارلار لەشكەر باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىدى-
غان باش قوماندان، تۆھپىسى بار شەخسلەردىن ئىدى. خان-
لار ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ چوڭ - كىچىك-
لىكىگە قاراپ «ئۇلارغا يەر - مۈلۈك ۋە كەنت، قىشلاقلارنى
بۆلۈپ بېرەتتى» (2999 - بېيىت). ھەربىي ئىشلاردىكى مۇنداق
فېئوداللىق سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ھەربىي ئەمەلدارلارنى يەر -
زېمىن، مال - مۈلۈك ۋە قۇل، مالايلارغا ئىگە بولۇش ئىمكا-
نىيىتى بىلەن تەمىن ئېتەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەئەللۇق دائىرە
ئىچىدە نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلالايتتى، ئۇلارنىڭ ھو-
قۇقىمۇ، تەسىر كۈچىمۇ بار ئىدى.
ئوردا خانلارنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان، دۆلەت ئىشلىرى-
نى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئوخشاشلا خانلارنىڭ، مۈلكىي ۋە
ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ باياشاد تۇرمۇشتىن بەھرىمەن
بولىدىغان سورۇنى ئىدى. بۇ يەردە چوڭ - كىچىك زىياپەتلەر-
نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ توغرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ:
«بەگلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئىككى نەرسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ: بىرى
ئۇنىڭ ئىشىكىدىكى توغ - ئەلىمى، بىرى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى داس-
تىخىنى» (2553 - بېيىت) دەپ يازغانىدى. ئىسلام دىنى
ھاراق - شاراب ئىچىشنى چەكلەيتتى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى
ھاراقنى چەكلەشنى زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلغان مىسرالار،
ئادەملەرگە ھاراق - شاراب ئىستېمال قىلىشنىڭ زىيىنىنى قايتا -
قايتا سۆزلىگەن، قاۋاقخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە
چاقىرىق قىلغانىدى. لېكىن ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى بىلى-
گەن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىكى زىياپەتلەردە يالغۇز،
مەززىلىك تائاملا بولۇپ قالماي، لەززەتلىك ھاراق - شارابلار-
مۇ بولاتتى. ئەسەردىكى مىسرالاردا بۇ ئەھۋال: «يېمەك
بار يەردە، ئىچىملىكمۇ بولۇشى كېرەك، يېمەكنى ئىچىملىك
بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك. يېمەكنىڭ يېنىدا ئىچىم-
لىك تەييار بولمىسا، ئۇ تاماق يېگۈچىلەر ئۈچۈن ئوغا بولىدۇ»
(4654 — 4655 - بېيىت) دەپ تەرىپلەنگەنىدى. ئۇلار غەرق
مەست بولغۇچە ئىچەتتى، ئەيش - ئىشرەتتىن ھەرگىز ئۆزىنى
تارتمايتتى. ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان ھاۋايى - ھەۋەس-
تىن خالىي بولۇش، ھاراق - شارابقا يېقىن يولىماسلىق دېگەن-
لەر خانلار ئۈچۈن، بەگ - غوجاملار ئۈچۈن ھېچقانداق رولى
يوق نەرسىلەر ئىدى.

ئوردىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان، شان - شۆھرەت ۋە
راھەت - پاراغەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدىغان ئەمەلدارلارمۇ،
ئۇلارنى كۈتىدىغان، نامرات تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان چاكارلارمۇ بار

ئىدى. مەسىلەن، ساقىيلار، ئاشپەزلەر، بايراقچىلار، گىلەم سالى-
غۇچىلار، قۇش تۇتۇپ ماڭغۇچىلار، ئوۋچىلار، مەرگەنلەر، دىب-
سەكچىلەر مۇشۇ قاتاردىكىلەر ئىدى. ئۇلار ئوردا ئىچىدىكى
مالايلار، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ۋە ئېزىلگۈچىلەر ئىدى.
مالايلارنىڭمۇ ئورۇن - مەرتىۋە، سالاھىيەت جەھەتتە پەرقى
بولاتتى. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» تە: «خىزمەت قىلغۇچى
ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ئەركىن كىشى، يەنە بىرى ئۆمىد-
كۈتكۈچى قۇلدۇر. بۇ قۇل — ئۆزى ئەركىسىز خىزمەتكاردۇر،
خىزمەت قىلمىسا بەگدىن قامچا يەيدۇ. ئەركىن (ئادەمگە) قارا،
ئۆزىنى قۇل قىلىپ خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۆرۈپ،
ئەمگىكىنى تەقدىرلەش كېرەك... ئەركىن (ئادەم) بىلەن قۇل-
نى تەڭ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەركىن (ئادەمنى) ئەركىنلىگىچە،
قۇلنى قۇلچە تۇتۇش كېرەك.» (2987 — 2991 - بېيىتلار»
دەپ يېزىلغانىدى.

قۇللارنىڭ تەقدىرى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى،
ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى بولمايتتى، ئۇلار ئىجتىمائىي
ئورنى تۆۋەن، سۆزلىيەلەيدىغان سايمان قاتارىدا قارالغاچقا،
تاياق - توقماقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايتتى. «قۇتادغۇبىلىك»
بىلەن زامانداش بولغان يەنە بىر گىگانت ئەسەر «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا «قۇللارنى ئۇرۇش»، «قۇللارنى تېپىش»،
«قۇللارنى ئېلىپ - سېتىش» دېگەن سۆزلەرنىڭ پات - پات
تىلغا ئېلىنغانلىقىمۇ يۇقىرىدىكى پاكىتنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.
قۇللار ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ قىيىنىشى ۋە ھاقارەتلىشىگە چىداپ
تۇرالماي قېچىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ پات - پات يۈز بېرەتتى.
«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى مۇشۇ كىتابىدىكى «قۇل
يېغا، ئىت بۆرە» دېگەن تەمسىلگە بەرگەن ئىزاھاتتا، قۇللار
ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن قارشىلاشقاندا، پۇرسەت تاپسىلا

قىچىشىنىڭ كۈيىدە بولاتتى① دەپ يازغانىدى. قۇللارنىڭ قىچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خوجايىنلار ئۇلارنىڭ بوينىغا زەنجىر سېلىپ قوياتتى②.

يۇقىرىقى ھادىسىلەر، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقى يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. غەربىي يۇرتتىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان قۇللار يەنىلا كۆپ ئىدى.

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەنزىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى خانلار ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ۋەكىل قىلغان دۆلەتمەن بايلار بولۇپ، ئۇلار يەر ئىگىلىرى، پومېشچىكلار سىنىپى ئىدى؛ بۇ ھوقۇقدار ئېسىلزادىلەر، تاۋار - دۇردۇنلارغا پۈركىنىپ، كۈن بويى دېگۈدەك راھەت - پاراغەت، ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ياشايتتى؛ يەنە بىرى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا كۈن بويى ئېغىر ئەمگەك بىلەن قىينىلىدىغان ئاددىي پۇقرالار بولۇپ، ئۇلار ئاچ - يالىڭاچ ھالدا ئاران - ئاران تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئەڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قۇللارنىڭ زىممىسىدە ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىگە بولىدىغىنى تاياق - توقماق ئازابى بىلەن بوينىغا سېلىنغان زەنجىردىنلا ئىبارەت

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى 1 - توم، «قول» دېگەن تېمىغا قارالسۇن.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «زەنجىر» دېگەن تېمىغا قارالسۇن. مۇئەللىپ بۇ سۆز ھەققىدە «ئەسىر (bohsuk) ۋە قۇللارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان زەنجىر» دەپ ئىزاھات بەرگەنىدى.

ئىدى، خالاس! خۇددى شائىر يۈسۈپ ئۆز كىتابىدا تەسۋىر-
لىگىنىدەك: ئۇلارنىڭ «بەزىسى زۇلۇم-مۇشەققەت كۆرگەن،
بەزىسى كەمبەغەللىك بىلەن ئەلەم چەككەن، بەزىسى ئاچ،
بەزىلىرى يالىڭاچ، بەزىلىرى بولسا قايغۇ بىلەن نادامەتتە»
هايات كەچۈرەتتى. (5242 — 5243-بېيىتلار).
مانا بۇلار 11-ئەسىردە ياشىغان، ئوردىدىكى خانلار ۋە
ئەمەلدارلار بىلەن ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى بەش قول-
دەك ئېنىق بىلىدىغان گىگانت ئەدىب يۈسۈپ خاس هاجىپ
بىزگە ئۆز قولى بىلەن سىزىپ بەرگەن دەۋر كارتىنىسى. ئوت-
تۇرا ئەسىردىكى غەربىي يۇرتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەھ-
شەتلىك نەسەب-مەرتىۋە پەرقى، گادايلىق بىلەن بايلىق
مانا مەن دەپ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىجتىمائىي رېئاللىق،
بۇ بىر پارچە تەسۋىردىي رەسىمدە شۇنچىكى تەلتۆكۈس بايان
قىلىندى. بۇ قىممەتلىك دەۋر كۆرۈنۈشى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى
غەربىي يۇرت ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىنى،
خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تەھلىل قىلىش ۋە تونۇشتا تەڭداشسىز
قىممەتكە ئىگە.

## ئىككىنچى پاراگراف جانلىنىۋاتقان ئىقتىساد

ئۇيغۇر مىللىتى شىمالدىكى تاغلىق، ئورمانلىق رايونلار-
نى ئۆزىگە بۆشۈك قىلغان، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى
ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئوۋچىلىق بىلەن جان باقىدىغان ئىپتىدائىي
تۇرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىدائىي
قوشاقلىرىدا ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلارنىڭ مېۋە-چېۋە ئۈ-
زۈش، ئوۋچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتىدىغان ئىپتىدائىي ئىشلەپ-
چىقىرىش ئەھۋالى، تۇرمۇش شەكلى جانلىق تەسۋىرلەنگەندى:

يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،
قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى.
قارچىغا بېرىپ قۇشلىتىپ،
تايغان سېلىپ چىشلىتىپ،
تۈلكە، توڭگۇزنى تاش بىلەن ئۇرۇپ،
پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنەيلى.

دەرەختىكى ياۋايى مېۋىلەرنى ئۈزۈپ، ئورمان ۋە يايلاق-
لاردا چېپىپ يۈرگەن ياۋا ئات، ياۋا توڭگۇزلارنى تۇتۇۋېلىپ
شۇنىڭ بىلەن قورساق بېقىشتەك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە
تۇرمۇش شەكلى تولىمۇ ئىپتىدائىي ئەھۋال ئىدى. تېخىمۇ
ئىلگىرى ئىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شىنجاڭدا تەسۋىرلەنگەن
ياۋايى ھايۋانلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئوۋلاشنىڭ ئۆزىلا،
بۈگۈنكى كۈندىن ئىنتايىن يىراقتا قالغان كونا تاش قو-
رال دەۋرىگە مەنسۇپ ئىش ئىدى.
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي شەكىل ئالغان
مېۋە - چېۋىلەرنى ئىرغىتىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ كۈن
ئۆتكۈزىدىغان تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، يايلاقلارغا كۆچۈپ
ئولتۇراقلىشىدىغان چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى.

شۇنچە كۆك، غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالالار بىپايان، كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالدۇ سانسىز چارۋامال
ئەسكەندە شامالLار، ئوتلار ئەگسە باش.

ھەممە يەرگە داڭقى كەتكەن بۇ تۇرا قوشىقى دەل يايلاق-
تىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدىغان مىللەتلەر تۇرمۇ-
شىنىڭ جانلىق تەسۋىرى ئىدى.

مىلادى 9 - ئەسىرگە كەلگەندە، قۇملۇقنىڭ شىمالىي
ئېگىزلىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قاغانلىق — ئۇيغۇر - ئورخۇن
قاغانلىقى پارچىلىنىپ كەتتى، ئۇيغۇرلار زور تۈركۈمدە
غەربكە كۆچتى، ئۇلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي
رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، غەربىي يۇرتنىڭ يېڭى كۆچمەن-
لىرىدىن بولۇپ قالدى. مىللەت ھالىتىدىكى بۇ كۆچۈش تار-
قىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا غايەت زور
ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، ئۇلار يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىغا
ئۆتتى. لېكىن غەربكە كۆچكەندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قانچىلىك ئورۇن تۇتقانلىقى، تەرەققىي
قىلىپ قايسى دەرىجىگە بارغانلىقى توغرىسىدا خەنزۇ يېزى-
قىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئانچە - مۇنچە خاتىرىلەر بول-
غان بولسىمۇ، بىراق بۇ ماتېرىياللار تولۇق بولمىغاچقا، يۇقىرى-
دىكى مەسىلە ئىزچىل رەۋىشتە ئىلمىي ساھەدىكىلەرنى گاڭگى-
رىتىدىغان بىر ئىش بولۇپ كەلگەندى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تېپىلىشى، ئادەملەرنى 11 - ئەسىر
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات
ھالىتىگە قارىتا بۆسۈش خاراكتېرلىك تونۇشقا ئىگە قىلدى.
چارۋىچىلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي گەۋ-
دە ئىدى، دېھقانلار بولسا يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي گەۋدە
ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئورنى ۋە رولى كۆپىنچە ئەھۋالدا يېزا
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقىدىكى ئاسا-
سىي ئامىل بولۇپ قالاتتى. «قۇتادغۇبىلىك» مەخسۇس باب

(53 - باب) ئاجرىتىپ، دۆلەت ۋە پادىشاھلارنىڭ دېھقانلارغا
قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدى، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ يېزا ئىگىلىكى دۆلەت پېلانى ۋە خەلقنىڭ
ھاياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قاراپ، پادىشاھلارنى
دېھقانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندىدى ۋە: «بۇلار بىلەن
مۇ ئارىلاشقىن، مۇناسىۋەت قىلغىن، تاماق جەھەتتە غەمسىز
ياشايسەن، ھەربىر قىمىرلىغان (جان) بۇلاردىن مەنپەئەت ئالى
دۇ، ھەممىسىگە يېمەك - ئىچمەكتىن ھالاۋەت يېتىدۇ.»
(4401 — 4402 - بېيىتلار)، «سەن بۇلارغا قوشۇلۇپ، ئارىلى
شىپ يۈرگىن، ياخشى سۆز قىل، يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت»
(4418 - بېيىت) دېگەنلەرنى يازدى. بۇ 11 - ئەسىردىكى چاغ
لاردا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ھاياتلىقتىكى
ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ قالغانلىقىنى، دېھ
قانلارنىڭ بىر سىنىپ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقى
نى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ جامائەت تەرىپىدىن
ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

يەر - زېمىن، سۇ مەنبەلىرىنى قەدىرلەش، ئۆي، مۈلۈككە
ئەھمىيەت بېرىش يېزا ئىگىلىكىدىكى مۇھىم ئىقتىسادنىڭ
مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» 11 - ئەسىردىكى
ئۇيغۇر ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ يەر - زېمىن، سۇ مەنبەسى،
تۇرالغۇ، ئۆي قاتارلىق مۇھىم مۈلۈككە بولغان قىزىقىشىنى
ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىلارنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالسام دەيدىغان
ئارزۇ - خىياللىرىنى جانلىق رەۋىشتە تەسۋىرلىدى.

پادىشاھلار زور مىقداردىكى يەر - زېمىنغا ئىگە ئىدى،
ئۇلار بۇ يەرلەرنى ھەر يىلى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى
ھەمدە «ئۇنىڭدىن چىققان ئاشلىقنى يىغىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ
ئامبارلىرىنى توشقۇزاتتى.» ۋەزىرلەرمۇ بىر تالاي يەرلەرگە،

مول سۇ مەنبەلىرىگە ۋە نۇرغۇن قۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ھەربىي ئەمەلدارلار جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەندە، دۆلەتنىڭ ئۇلارغا ئۇلۇش ئورنىدا بېرىدىغىنىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا يەر، تۇرالغۇ جاي ۋە شەھەر بازارلىرى بولاتتى. ئۇ زامانلاردا ئۆي - مۈلۈكنىڭ بار - يوقلۇقى بىر ئادەمنىڭ باي ياكى باي ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ قالغانىدى. ئەسەردىكى ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش ئورمانلىق تاغدا زاھىد بولۇپ يۈرگەن ئودغۇرمىشنى تەنقىد قىلىپ: «ساراي، قەسىر، يەر - سۇ سېنىڭدە يوق، ئات - ئۇلاغ، ئوغۇل - قىزلىرىڭ قېنى؟ ئۇلارمۇ سېنىڭدە يوق. كىشىلەرگە ئۇزىتالايدىغان ئەركىن قول يوق، ئۆزۈڭنى تۇتۇپ، ياخشى نامىڭ چىقىشىلا (بولامدۇ)؟ (3439 — 3440 - بېيىت) دېگەنىدى.

ئېقىن سۇ، ياپپېشىل ئوت - چۆپلەرنى قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى توپ - توپ پادىلار ۋە يايلاقلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. بىر ئادەمنىڭ گاداي ياكى باي ئىكەنلىكىنى بىلىشتە، ئۇنىڭ قانچىلىك پادىسى بارلىقىغا، يايلاقلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارىلاتتى. پەقەت مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرلا يەر - زېمىن، ئۆي - مۈلۈك، سۇ مەنبەسى، قۇل - چاكارلارنى ئالاھىدە بىلەتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەر، شۇ دەۋردىكى كۆچمەن چارۋىدارلار سىنىپىنىڭ پومېشچىكلار سىنىپى بولۇپ ئۆزگىرىشىگە ئائىت كۈچلۈك پاكىت بولالايتتى.

ئەسەر بىزگە يەنە مۇنداق بىر ئۇچۇرنى يەنى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئۆي - مۈلۈك، يەر - زېمىن سودىسىنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى يەتكۈزدى. «قۇتادغۇبىلىك»

تە: «ئۆي ئالماقچى بولساڭ، قوشنىسىنى سورا، يەر ئالماقـ
چى بولساڭ، سـۇيىنى سـورا» دېـگەن مىسـرالار بار ئىدى
(4548 - بېيىت). ئۆي - مۈلۈك، يەر - زېمىن سودىسىنىڭ بار-
لىققا كېلىشى، مۇقەررەر يوسۇندا يەرنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇ-
لۇپ كېتىش ئەھۋالىنى كەسكىنلەشتۈرەتتى. بايلارنىڭ قولىدـ
كى يەر، ئۆي - مۈلۈك شۈبھىسىز ھالدا بارغانسېرى كۆپىيەتـ
تى، كۆپ ساندىكى نامرات ۋە ئاجىز كىشىلەر يەر - زېمىن،
ئۆي - مۈلۈكنىڭ مەركەزلىشىپ كېتىشى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھا-
ياتلىق ئاساسىنى، ئۆزىگە تەئەللۇق ھايات بوشلۇقىنى تەدـ
رىجىي يوسۇندا قولدىن بېرىپ قويۇپ، نامرات ياللانمىلاردىن
بولۇپ قالاتتى.
غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار كۆچمەن چار-
ۋىچىلىقنى تۇرمۇش ئاساسى قىلاتتى، گۆش بىلەن سۈتنى
يېمەكلىك قىلاتتى، قىمىزنى ئۇسسۇلۇق قىلاتتى. غەربكە كۆچـ
كەندىن كېيىن ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنى
ئۆزگەرتتى، گۈرۈچ ۋە ئۇن تامىقى يەيدىغان بولدى، ئىچـ
ىدىغان ئىچىملىكمۇ كۆپەيدى. «قۇتادغۇبىلىك» ئوردىدىكى
زىياپەتلەرنى تەسۋىرلەپ: «(كىشىلەر) خالىسا شەربەت، خالىسا
مەيزاپ، خالىسا مېۋە سۈيى، خالىسا جۇلاپ (ئىچەتتى)»
(4656 - بېيىت) دەپ يازغانىدى. مەيلى ئارپا، مەيلى ئۈزۈم،
مەيلى قىزىلگۈل، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەردە بولاتتى. يەپ -
ئىچىش ئادىتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن 11 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمـ
ئىيىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىـ
نى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.
ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئىپادىسى تىلـ
دىمۇ ئەكس ئەتتى. ئالايلۇق: «قۇتادغۇبىلىك» تە: «ئەي
دۆلەتمەن ئەلىگ، دۇنيا، تېرىلغۇ يەردۇر، نېمە تېرىساڭ، كىـ

شى شۇنى ئالدۇ.» (1393 - بېيت) دېگەندەك ئوخشىتىشلار
قايتا - قايتا كۆرۈندى. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشلار-
دىن قوللانغاندا، كۆپىنچە ھالدا ئادەملەر تۇرمۇشتا پىششىق
تونۇش بولغان شەيئىلەر ئوخشىتىش دېتالى قىلىناتتى. «ئېت-
تىز - ئېرىق»، «مايسا كۆچۈرۈش»، «ھوسۇلنى يىغىۋېلىش»
دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
سۆزلەر ئىدى، يېزا ئىگىلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان، ئېتىز-
ئېرىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان مىللەتلا ھېلىقىدەك
ئوخشىتىش دېتاللىرىنى چۈشىنەتتى ۋە بۇ ئوخشىتىشلاردىن
پايدىلىنالايتتى.

11 - ئەسىردىكى يەنە بىر گىگانت ئەسەر «تۈركىي تىل-
لار دىۋانى» دىمۇ، مەزمۇن جەھەتتە يېزا ئىگىلىكى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك ئاز بولمىغان ماقال - تەمسىللەر خاتىرىلەنگەن-
دى. مەسىلەن، «بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ»،
«تۆگمەندىكى چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقمايدۇ»، «قوغۇن
تالانسا، ئىگىسىمۇ ئىككى قولى بىلەن تالار» قاتارلىق
تەمسىلدە قوللىنىلغان «بۇغداي»، «قوغۇن»، «تۆگمەن»،
«خامان»، «سۇغىرىش» دېگەن سۆزلەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان مىللەتلەرگە تونۇشلۇق ھەمدە ئۇلار دائىم ئىش-
لىتىدىغان سۆزلەردىن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە نان،
چۆپ، ئۆگرە قاتارلىق ئۇن بىلەن قىلىنىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ
خاتىرىلەنگەنلىكى، شۇ چاغدا بۇغداي تېرىشنىڭ خېلىلا ئومۇم-
لىشىپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇر دېھقان-
لارنىڭ ئاتىنى ئارپا بىلەن بېقىش ھەققىدىكى خاتىرىلەر، شۇ
چاغدا بۇغداي مەھسۇلاتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىپ بېرەتتى.

يۇقىرىدىكى خىلمۇ خىل ھادىسىلەر ئادەملەرگە مۇنداق بىر پاكىتنى يەنى ئۇيغۇر مىللىتى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىگىلىكتىن ناھايىتى تېز ئارىدىلا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىگىلىككە ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتى. 11 - ئەسىرگە بارغاندا يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى يەنى ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتا قۇرۇپ چىققان ئىككى قاغانلىق، ئۇلار 8 - ئەسىردە قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قۇرۇپ چىققان ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىغا قارىغاندا ماھىيەتلىك سەكرەش ھاسىل قىلدى. ئالدىنقىسى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان قاغانلىق، كېيىنكىسى بولسا يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان قاغانلىق ئىدى.

بىزنىڭ مىلادى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتى يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان مىللەتتىن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتكە ئۆتۈشىنى تەلتۆكۈس تاماملىدى دېگەنلىكىمىز، ئۇيغۇر مىللىتى غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن چارۋىچىلىقنى پۈتۈنلەي تاشلاپ قويدى دېگەنلىكىمىز ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردە، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى دېگەنلىكتىن ئىبارەت، خالاس. ئەمەلىيەتتە، شۇ زاماندىكى چارۋىچىلىق كەسپىمۇ خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار يەنىلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى ئەلچى بولۇپ ئىدىقۇتقا كەلگەندىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بېشبالىقتا ئۇيغۇر ئىدى-

قۇت دۆلىتىنىڭ خېنى ئارسلانخان بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ قاغاننىڭ جەمەتىگە تەئەللۇق ئاتلارنىڭ كەڭ يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى، بۇ ئاتلار ئۆز رەڭگى بويىچە تۈرگە ئايرىلغانىدى. بۇ دەل بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئادەتلىرىنىڭ ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، 11 - ئەسىردىكى قاراخانىلار سۇلالىسىمۇ يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغانىدى. شائىرمۇ پادىشاھ - خانلارنىڭ «تۈمەنمىڭلىغان خىل تۆگىلىرى»، «يايلاقلاردا سانسىز ئاتلىرى، ئوقۇرلاردا قېچىرلىرى»، «تاغ - ئوتلاقلارغا يامراپ كەتكەن قوي پادىلىرى»، «ۋادىلاردا بۇغا، سېيىر، ئۆكۈزلىرى» (5370 — 5372 - بېيىتلار) بارلىقىنى تەسۋىرلىگەنىدى. قاراخانىلار سۇلالىسىدە دېھقانلارمۇ، چارۋىچىلارمۇ بار ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس پادىشاھ، بەگ - غوجاملارنىڭ چارۋىسىنى باقىدىغانلار، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ چارۋىسىنى باقىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شائىر چارۋىچىلارنىڭ سەمىمىي - ساددىلىقىنى، ھارامزادىلىك قىلمايدىغانلىقىنى، ئاقكۆڭۈل كېلىدىغانلىقىنى يېزىپ كېلىپ: «ھەر خىل ھايۋانلارنى ئۇلار باشقۇرىدۇ»، «يېمەك، كىيىم - كېچەك، مىنىدىغان ئات، ئايغىر - بىيە ھەممە يۈك توشۇيدىغان مال - مۈلۈكلەرنى بۇلار يېتىشتۈرىدۇ. قىمىز، سۈت ياكى يۇڭ، ماي ۋە سۈزمە، قۇرت ۋە ئازادە ئۆيلەرگە كېتىدىغان كىگىز - گىلەملەرمۇ شۇلاردىن كېلىدۇ» (4439 — 4442 - بېيىتلار) دېگەنىدى.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، يۇقىرىدىكى مىسرالاردا تىلغا ئېلىنغان چارۋىچىلار باقىدىغان جەڭ ئاتلىرى ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە كۆرە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىزچىل رەۋىشتە ئاتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-

لىك بىلەن سودا مۇئامىلىسى قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئاتنىڭ
ئورنىغا يىپەك، چايلارنى ئالماشتۇراتتى. ئۇيغۇرلار غەربكە
كۆچكەندىن كېيىنمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئات يۆتكەشنى
توختاتمىغانىدى. سۇڭ خاندانلىقىدا جەڭگى-جېدەل توختىما-
گەچكە ئۇلارنىڭ جەڭ ئاتلىرىغا بولغان ئېهتىياجى ئىنتايىن
زور ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ھەر قېتىمدا نەچچە يۈز، ھەتتا
نەچچە مىڭ ئاتنى بىراقلا ھەيدەپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
سۇڭ ئوردىسىغا ئېلىپ باراتتى. 11-ئەسىرگە بارغاندا مۇن-
داق ئات سودىسى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ بارغانىدى.
«سۇڭ دەۋرىدىكى مۇھىم يازمىلار. غەيرىي مىللەتلەر» دىكى
خاتىرىدە، 1085-يىلى سۇڭ خاندانلىقىنىڭ قاراخانىلار سۇ-
لالىسىگە قاراشلىق كىرىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن قىلغان ئات
سودىسىنىڭ پۇلى 1 مىليون 200 مىڭ تىزىق يارماق
بولغانلىقى يېزىلغانىدى. شۇ چاغدا بىر ئاتنىڭ ئەڭ يۇقىرى
باھاسى 50 تىزىق يارماق ئىدى. ئەڭ يۇقىرى باھا بويىچە شۇ
يىلى سۇڭ ئوردىسى قاراخانىلار سۇلالىسىدىن سېتىۋالغان جەڭ
ئاتلىرىنىڭ سانى 24 مىڭ تۇياق بولغانىدى①. ئەگەر تەرەق-
قىي تاپقان چارۋىچىلىق بولمىغان بولسا مۇنداق زور كۆلەمدىكى
ئات سودىسىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تېرىقچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىش
11-ئەسىردىكى غەربىي يۇرت ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلى-
كى بولدى.

---

① «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرىنىڭ داۋامى» 361-جىلدىدا: «يۈەن-
فېڭنىڭ 8-يىلى (1085-يىلى) 11-ئاينىڭ بېشىدا، كىرىيە دۆلىتىدىن كەلتۈ-
رۈلگەن ئاتلارغا 1 مىليون 200 مىڭ تىزىق يارماق بېرىلدى» دېيىلگەن. «سۇڭ
دەۋرىدىكى مۇھىم يازمىلار. لەشكەرلەر» نىڭ 22-سىدە: شىمالىي سۇڭدىكى ئاتنىڭ
باھاسى باۋيۈەننىڭ 2-يىلى (1039-يىل) دىكى نىزامنامە بويىچە ئەڭ يۇقىرى
بولغاندا 50 تىزىق، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 25 تىزىق يارماق ئىدى» دەپ
خاتىرىلەنگەن.

يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ھۈنەر-سەنئەت ماھىرلىرى يېتىشىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر تېخنىكىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. «سۇڭ تارىخى» دا ئۇيغۇرلار «ھۈنەر - سەنئەتتە ئىقتىدارلىق ئىدى. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن ھەر خىل قورال - جابدۇقلارنى ئىشلەشكە، قاشتېشىدىن ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساشقا ئۇستا ئىدى»① دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياساپ چىققان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ھۈنەر - تېخنىكىدىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ھەممە تەرەپكە تونۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خان ئوردىسىغا تەقدىم قىلىدىغان شەيئىلىرى ئوردىدىكى خاسىيەتلىك بۇيۇملار تەرىقىسىدە قەدىرلىنەتتى، ئۇلارنىڭ قاشتېشىدىن ياسىغان ئىگەر، كەمەلدۇرۇك قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى ھەم سۈپەتلىك، ھەم چىرايلىق بولغاچقا، سۇڭ ئوردىسى بۇنىڭدىن بىر نۆۋەتتىلا 500 يۈرۈش سېتىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ توقۇمىچىلىقتىكى نەتىجىسىمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىدى. پاختا، يىپەك ۋە يۇڭدىن توقۇلغان مەھسۇلاتلىرى يالغۇز سۈپەت جەھەتتىلا ياخشى بولۇپ قالماي، ئۇنىڭغا بېسىلغان گۈللەرمۇ ناھايىتى كۆركەم ئىدى. خەنزۇچە يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئۇيغۇرلار «زەر يىپلارنى ئىشلىتىشكە ماھىر، ئۇنىڭدىن نەپىس زىرە ۋە ھالقىلارنى ياسىيالايدۇ، ئۇلار كىمخاپ، شايى، ئاق كەندىر يىپى ئىشلىتىلگەن رەخت، قېلىن-

① «سۇڭ تارىخى» 490 - جىلدقا قارالسۇن.

لانغان يىپەك، ھىلھىلە قاتارلىقلارنى توقۇيالايدۇ، بەش خىل رەڭدىكى يىپ سىپلىنغان پەرىجە - چاپانلارنى تىكىدۇ، بۇنداق چاپانلار ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە زەر يىپلارنى ئىگىرىپ، كىيىملەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە گۈل - گىياھلار شەكلىنى چۈشۈرىدۇ، ئۈنچە - مارجانلارنى بېكىتىپ پارقىرايدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەندى①.

شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەرگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەندى:

«تۆمۈرچى، موزدۇز ۋە نەققاش (ئويمىكار)،
ياكى سىرچى، بېزەكچى (رەسسام) ۋە ئوقياچى —

بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ.
جاھاندا ھەيران قالارلىق ئىشلارنى شۇلار قىلىدۇ.»
(4459 — 4460 - بېيىتلار)

شائىر يەنە «ئۇلار ئۆزىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ھۈنەر قىلىدۇ» (4456 - بېيىت)، «ئىشىڭنى قىلسا، ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرگىن، يېگۈزگىن، ئىچۈرگىن، ئاش - تامىقىنى كەڭ قىلغىن» (4462 - بېيىت) دەپ نەسىھەت قىلغانىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن بىز مۇنۇلارنى بىلىۋالالايمىز: شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تولۇق راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى يىراق - يېقىنلارغا تارقالدى، ئۇلار يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھۈنىرى ۋە ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرەلەيدىغان مۇستەقىل بىر قاتلام بولۇپ شەكىللەندى.

يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، سودىنىڭ راۋاجلىنىـ

① «سۇڭ مونىڭ ئاڭلىغانلىرى» (ئۇيغۇرلار).

شىبغا ئاساس تىكلەپ بەردى.

ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر - ئورخۇن
قاغانلىقى مەزگىلىدىلا ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەتتىكى قابىلى-
يىتىنى نامايان قىلغانىدى. زىرەك ئۇيغۇر سودىگەرلەر دائىم
دېڭىزدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىچكىرى تەرەپلىرىگە بېرىپ،
ئاتنىڭ ئورنىغا يىپەك ۋە چاي تېگىشىپ كېلەتتى. ئۇيغۇرلار
غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، پەۋقۇلئاددە مۇھىم پوت تى-
رەپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە ما-
كانلاشتى. ئۇلار غەربكە كۆچكەن چاغلاردا، غەربىي يۇرتتىكى
كۆپ يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلى، يىپەك يولىنىڭ
تاشلىنىپ قالغىنىغا كۆپ ۋاقىتلار بولغانىدى. سودىنى راۋاج-
لاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈن
كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئوغرى - قاراقچىلارنى تۈگەتتى، يى-
پەك يولىنى راۋانلاشتۇردى، كۆپ يىللار ئىچىدە ئۇيغۇردا يات-
قان بۇ سودا يولىنى ھەرقانداق ئادەم توسالغۇسىز ماڭالايدى-
غان ھالەتكە كەلتۈردى. «قۇتادغۇبىلىك» تىن مەلۇمكى، شۇ
زاماندىكى ئۇيغۇرلار يىپەك يولىغا خېلىلا ئەھمىيەت بەرگە-
نىدى. ئەسەردە خانلارنىڭ زىممىسىدىكى ئۈچ مۇھىم ۋەزىپى-
نىڭ بىرى «بارلىق يوللارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، قاراقچى،
بۇلاڭچىلارنى پاك - پاكىز تازىلاش» (5577 - بېيىت) ئىكەنلى-
كى قايتا - قايتا تەكىتلەنگەنىدى. شائىر بىر دۆلەتنىڭ روناق
تېپىشى ئۈچۈن چوقۇم «شەھەر - بازار، يېزا - قىشلاقتىكى قا-
راقچى - بۇلاڭچىلارنى تازىلاش لازىم، سودىگەرلەرنى ۋە كارۋان-
لارنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك» دەپ قارىغانىدى. بۇلار مىلا-
دى 11 - ئەسىردىكى چاغلاردا، بىلىملىك زاتلارنىڭ يىپەك
يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، كارۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە
ئىگە قىلىش دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ

ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بىر مەھەل
ئۈزۈلۈپ قالغان يىپەك يولى يېڭىباشتىن ئېچىلدى، غەربنى
يۇرتتىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىن خۇددى توسالغۇلار تۈگى-
تىلگەندىن كېيىن تومۇردىكى قانلار ئەركىن ئاققانغا ئوخشاش
قايتىدىن جانلاندى، يېڭى ھاياتىي كۈچ بىلەن تولدى.
سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ھۆ-
كۈمەت تەرەپنىڭ كارۋانلىرىمۇ، ئاۋام ئىچىدىكى كارۋانلارمۇ
بار ئىدى. يۇقىرىسى پادىشاھ - خانلار، تۆۋىنى پۇقرالارغا قە-
دەر ھەممەيلەن سودىغا كىرىشكەنىدى. بۇ خىل مىسلىسىز جان-
لانغان سودا ۋەزىيىتى «قۇتادغۇبىلىك» تە تولىمۇ جانلىق
تەسۋىرلەندى.
پادىشاھلار سودا بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئاساسلىقى ئۆزى-
نىڭ كارۋانلىرىغا تايىناتتى. خۇددى ئەسەردە يېزىلغىنىدەك،
پادىشاھنىڭ كارۋانلىرى «ئەلمۇ ئەل يۈرۈپ، جاھاننى چۆگى-
لەپ، نەگە بارسا شۇ يەردىن تاۋار - دۇردۇن، سۆسەر - تىيىن-
لارنى توپلايتتى.» (5367 - بېيىت). تاشقى سودىغا ئائىت بە-
زى مۇھىم سۆھبەتلەرگە ئۇيغۇر قاغانى ئۆزى بىۋاسىتە قات-
نىشاتتى. «قىتانلار تەزكىرىسى» دە: ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن-
دىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەخمىنەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم
قىتانلار بىلەن بىر نۆۋەتلىك زور سودا تىجارىتى قىلىدىغانلى-
قى خاتىرىلەنگەن ھەمدە مۇنداق چاغلاردا «(ئۇيغۇر) قاغان
قارشى تەرەپنىڭ خېنى بىلەن باھا ھەققىدە بىۋاسىتە سۆزلە-
شەتتى» دەپ يېزىلغاندى.
ھۆكۈمەت شۇغۇللىنىدىغان سودىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى
زور ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كۆپ مىقداردىكى سودا پائالىيىتى يە-
نىلا ئاۋامنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە

ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمىغان دېرى-
جىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى
تارىخىي ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى يېزىپ قال-
دۇرغانىدى. «سۇڭ تارىخى» دا: «ئۇيغۇرلار سوۋغا - سالام
ئېلىپ ماڭغاچ، شەنشىدىكى ھەرقايسى يوللارغا تارقىلىپ كېتەت-
تى، ئۇلار ئاشكارا ھالدا سودا بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇزۇن
تۇرۇپ قېلىپ، قايتىپ كەتمەيدىغانلارمۇ بار ئىدى»؛ «كىرىي-
دىن...مەستىكى رۇمى چىقاتتى، يۇدۇپ كەلگەن ئادەملەر پايدا
ئېلىش مەقسىتىدە سودىگەرلەر بىلەن يەڭ سودىسى قىلىشاتتى؛
ناۋادا ساتالماي قالسا، باشقا ئۆلكىلەرگە بېرىپ، مۇۋاپىق
باھادا قولدىن چىقىراتتى. شۇڭا بۇ تەرەپكە كېلىدىغانلار بار-
غانسېرى كۆپىيىپ كەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇيغۇر سو-
دىگەرلەرنىڭ ۋەدىسى ھەتتا خېبېي، شەندۇڭدەك يىراق جاي-
لارغىمۇ يەتكەنىدى. سۇڭ دەۋرىدىكى جاۋچى دېگەن كىشى
يازغان «مۇڭغۇل، تاتار خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا: «ئۇي-
غۇرلاردىن تىيەن ئىسىملىك بىر باي بولۇپ، سودا بىلەن
شۇغۇللانغاندىن كېيىن تېخىمۇ بېيىپ كەتتى، ئۇ شەندۇڭ
بىلەن خېبېي ئارىسىدا سودا قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى.
ئۇيغۇر سودىگەرلەر سودىغا ماھىر، ھېساباتقا ئۇستا ئىدى. «قۇ-
تادغۇبىلىك» تە: «ئۇلار (سودىگەرلەر) پايدا - زىياننى ھېساب-
لاشتا بەك ئىنچىكە بولىدۇ، ئۇلار بىلەن ئارىلاشقاندا بۇ نۇقتىغا
پەخەس بولۇش لازىم» (4433 - بېيىت) دېيىلگەنىدى.

ئۇيغۇرلار يالغۇز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى جاي-
لاردىلا سودا قىلىپ قالماي، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغا-
نىستان، پېرسىيە شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆ-
لەتلەر بىلەنمۇ قويۇق سودا مۇناسىۋىتىنى تىكلىدى. تارىخىي ما-
تېرىياللارغا قارىغاندا، بەزى چەت ئەللىك سودىگەرلەر، راھىب-

لار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلدى،
كۆپ مىقداردىكى چەت ئەل مېلى ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ قولى
بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پەيدا بولاتتى. ئۇيغۇرلار ئۆزىدى-
كى ھېچكىمدە بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە قاتناش لىنىيىسىنىڭ
پايدىلىق شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، غەرب بىلەن شەرق
سودىسىدىكى ئالاقىچى ئورنىدا، شەرق بىلەن غەربتىن ئىبارەت
بۇ پايانسىز زېمىندا ھەرىكەت قىلاتتى. شائىر يۈسۈپ ئۇلارنى
«شەرقتىن غەربكىچە كېزىپ يۈرىدىغانلار»، «ھاياتلىق ئۈچۈن
پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ يۈرىدىغانلار» دېگەنىدى.

سودىنىڭ گۈللىنىشى، ئادەملەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا رەڭ-
گارەڭ ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى، «دۇنيا (دا) ئارزۇ قىلىدى-
غان (نەرسىلەر)، خەلق گۈزەللىكى (زىبۇ زىننەتلىرى)؛ تال-
لانغان ياخشى نەرسىلەر ئۇلاردا بار» بولدى (4422 - بېيىت).
بۇ ھەقتە شائىر يەنە «جاھان كەزگۈچى سودىگەر بولمىغان بول-
سا، قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتىڭ؟ قىتان كارۋىنى
(يوللاردا) كارۋان چېكىنى تۇزۇتمىغان بولسا، تۈمەن خىل
تاۋارلار قاياقتىن كېلەتتى؟ سودىگەر (جاھان) كېزىپ يۈرمى-
گەن بولسا، ئۈنچە - مارجان تىزىقلىرىنى كىممۇ كۆرەلەيتتى؟؟»
(4425 — 4427 - بېيىتلار) دەپ يازدى. شۇ سەۋەبتىن شائىر
ئادەملەرگە، كارۋانلارغا ۋە باشقا يۇرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر-
گە ياخشى مۇئامىلە قىلىش لازىملىقىنى جېكىلىدى.

يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن
مەملىكەت مىقياسىدا سودا-سېتىققا ئەھمىيەت بېرىشى، سودىغا
ماھىر ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ شەرق بىلەن غەربتىكى ھەرقايسى
ئەللەرنى ئارىلاپ يۈرۈشى، شەرق بىلەن غەربتىن كەلگەن كار-
ۋانلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان غەربىي يۇرت-
تىن ئۆتۈشى، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا قاراپ بولۇۋاتقان بېرىش-

گېلىش ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگىنىگە ئاران ئىككى يۈز يىل بولغان ئۇيغۇرلار، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت، سودا ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى بولغان غەربىي يۇرت سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينايدىغانلاردىن بولۇپ قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ رەسىم، 11 - ئەسىردە غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى، قول ھۈنەرۋەنلىرى، سودىگەرلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە روياپقا چىققان ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان مەنزىرىسىنى بىزگە نامايان قىلىدى. ئۇيغۇر مىللىتىگە ئائىت قەدىمكى ھۆججەت، تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل شارائىتتا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەر ۋە بايانلار، قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك رول ئوينىدى.

## ئۈچىنچى پاراگراف كۆپ مەنبەلىك دىنىي ئېتىقاد

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى شىمالدىكى ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ئىپتىدائىي دىن — شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدى. شامان دىنى بارلىق شەيئىلەرنىڭ روھى بولىدۇ دېگەن نەزەرىيىنى پەلسەپە ئاساسى قىلغان كۆپ تەڭرىلىك ئىپتىدائىي قەبىلىلەر دىنى ئىدى.

ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇرغان چاغدا (8 — 9 - ئەسىر)، ئىراندىكى مانىي دىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقالدى، لېكىن ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى

ئاساسلىقى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەنلا
چەكلەندى، كەڭ ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى يەنىلا شامان دىنىغا
ئېتىقاد قىلىۋەردى.

ئۇيغۇرلار ٩ - ئەسىردە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىما-
لىغا كۆچكەندە، ئۇلار شامان دىنىنى، مانى دىنىنى ئۆزلىرى
بىلەن بىللە غەربىي يۇرتقا ئېلىپ باردى.

غەربىي يۇرت يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى، خەلقئارالىق مە-
دەنىيەتنىڭ تۆت دوقمۇشى، قەدىمدىن تارتىپلا ھەر خىل دىنى-
لارنىڭ توپلاشقان جايى ئىدى، ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى،
ئىراننىڭ زاراۋۇ ئاستىرا دىنى، غەربتىكى كاتولىك دىنى، ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددىستلارنىڭ ئىدىيىسى غەربىي يۇرتتا
ئۆزىگە لايىق ئورۇن ئىگىلىگەنىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھىندىس-
تاننىڭ بۇددا دىنى تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان
دىن ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچكەن ۋاقىت-
تا، بۇددا دىنىنىڭ بۇ يۇرتقا كىرگىنىگە يەتتە - سەككىز يۈز
يىلدىن ئاشقان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاق-
تى ئىدى. ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلى (قەشقەر)، كۇسەن (كۇچا)،
ئىدىقۇت (تۇرپان) بۇتخانىلىرى ھەددى - ھېسابسىز، راھىبلىرى
تۇمەن-مىڭغا يەتكەن بۇددا مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. نەگىلا
بارسا بۇتلار، مىڭئۆيلەر كۆزگە چېلىقاتتى، بۇددانىڭ تۇغۇ-
لۇشى ھەققىدىكى ھېكايە ئادەملەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن
ئالغان بولۇپ، بۇ يەردە بۇرۇندىن تارتىپ ياشاۋاتقان مۇت-
لەق كۆپ ساندىكى ئاھالە ساداقەتلىك بۇددا مۇخلىسلىرى
ئىدى. ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردىن كۆچۈپ،
غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىقلاردىن ئورۇن ئالدى، شامان دىنى-
نىڭ ئانا يۇرتىدىن بۇددا دىنى جەۋلان قىلىۋاتقان مەشھۇر
بىر جايغا كەلدى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىر

قورشاۋى ئارقىسىدا، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلدى.
شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىسلام دىنى تەكلىماكاندىن جەنۇبىي رايونلىرىغا ئېقىپ كىردى، ئۇ دەسلەپتە قەشقەرگە، ئارقىدىنلا يەكەن، خوتەن رايونلىرىغا قەدەر تارقالدى. بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە قاراشلىق جايلار ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۈچى خېلى بىر زامانلارغىچە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى رايونلار بىلەنلا چەكلىنىپ، قاراخانىلار سۇلالىسىگە قاراشلىق جايلاردىن ھالقىپ چىقالمىدى.
«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەن چاغدا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئەمدىلەتتىن تارقالغان ئىسلام دىنى بىلەن مۇشۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇش پەيدا بولدى، ئىسلام دىنى قىلىچ ۋە يالقۇن بىلەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقتى.
ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچكەندىن كېيىن بۇ يەردە قۇرۇپ چىققان ئىككى ئۇيغۇر قاغانلىقى ئارىسىدا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە پارچىلىنىش يۈز بەردى: غەربتىكى قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ كۆتۈرۈپ چىقتى؛ شەرقىي تەرەپتىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقى بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلدى. ئىسلام دىنى بۇتقا باش ئۇرۇشقا قارشى ئىدى، بۇددا دىنى بولسا بۇتقا چوقۇنىدىغان دىن ئىدى، مۇشۇ سەۋەبلەرگە كۆرە، ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايتتى. قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش باھانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ،

ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىغا «غازات» ئېلان قىلىدى.

شائىر «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىسلام دىنى مۇخلىسىنىڭ مەيدا-نىدا تۇرۇپ، بۇ بىر مەيدان دىنىي توقۇنۇشنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغانىدى:

بۇ كاپىرلار ئۈچۈن قوشۇن - ئەسكەر توپلا،
قورال تەييارلا، كاپىرلار بىلەن (بولغان)
جەڭدە ئۆلسە، ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ.
ئۆي ماكانلىرىنى كۆيدۈر، بۇتلىرىنى سۇندۇر،
ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت - جامە (بىنا) قىل.
ئوغۇللىرىنى قۇل، قىزلىرىنى چۆرە قىلغىن،
ئۇنىڭدىن (ئولجا) ئالغان نەرسىلەر بىلەن
خەزىنە توپلا. مۇسۇلمانلىقنى يولغا قوي،
شەرىئەتنى تەرغىب قىل، (شۇنداق قىلساڭ)
ياخشى نام قازىنىسەن، ئۇلۇغ بولىسەن.
(5485 — 5488 - بېيىتلار)

ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىش-شىشلار توغرىسىدا، 11 - ئەسىردىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ مۇنداق تەسۋىرلەر بار ئىدى:

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى دىنىي جەڭ ئادەتتىن تاشقىرى قەھرىلىك ۋە دەھشەتلىك يوسۇندا ئېلىپ بېرىلدى. «ئۈزۈلگەن باشلار ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتى»، «قىپ-قىزىل قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى»، «قېتىپ كەتكەن قاننىڭ دەستىدىن قىلىچلار قىنىغا پاتمىدى». ئىسلام دىنى قان ياللۇقۇنلىرى ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى، لېكىن ئۇمۇ بۇد-دا دىنى كۈچلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. «قۇتاد-

قۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەن چاغدا، ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئېلىشىشى غەربىي يۇرت سەھنىسىدە قانات يېيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كىمنىڭ يېڭىش، كىمنىڭ يېڭىلىش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى غەربىي تەرەپتە كۈچلۈك ئىدى، بۇددا دىنىنىڭ كۈچى شەرقىي تەرەپتە ئۆز قۇدرىتىنى ساقلاۋاتقانىدى. پەقەت 15 — 16 - ئەسىرگە كەلگەندىلا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئاران دېگەندە تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىغا يېتىپ باralدى.

مىلادى 11 - ئەسىردىكى غەربىي يۇرت، كۆپ مەنبەلىك دىننىڭ توپلىنىش ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈردى: بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى بىر - بىرى بىلەن تىركەشتى؛ شامان دىنى دۇنيا قارىشى ئاۋام خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان پېتى تۇرۇۋەردى؛ ئىراندىكى مانى دىنى، زارۇ ئاستىرا دىنى غەربىي يۇرتتا تارقىلىشتىن توختىمىدى؛ خرىستىئان دىنىغا غەيرىي بولغان كاتولىك دىنىمۇ غەربىي يۇرتتا پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك جايغا ئىگە بولدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۇڭزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغاچقا، ئاۋام پۇقرانىڭ ئېڭىغا سىڭىپ قالدى، بۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپتى. كۆپ خىل دىنىنىڭ بىر جايغا جەم بولۇشىدەك مۇنداق ئەھۋال دۇنيادا ئاز ئۇچرايتتى. شۇڭا بۇ، دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى، ئۆزئارا سىڭىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# تۆتىنچى باب شەرقتىكى غايىۋى دۆلەت

## بىرىنچى پاراگراف ئەلنى خاتىرجەملەندۈرۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەركىزىي تېمىسى

«قۇتادغۇبىلىك» كە قارىتا ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ پىكرىدە ئىزچىل ئوخشىماسلىق بار. بۇ شېئىرىي ئەسەر نىسبەتەن قويۇق ئىسلام مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغانلىقتىن، بەزى ئالىملار ئۇنى دىن خاراكتېرلىك نەسىھەتنامە دەپ قارايدۇ؛ شۇنداقلا بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبىدا پارس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، بەزى ئالىملار ئۇنى تۆۋەنلىتىپ پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى، يېڭى پىكىر كەمچىل دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىدىكى بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر توغرا ئەمەس. بۇ ئالىملارنىڭ نەزەرى پەقەت ئەسەرنىڭ يۈزەكى قاتلاملىرىدىلا توختاپ قالغان، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەن. ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولغان چاغلاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە بولغان چۈشەنچىسى يېتەرسىز، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى ئوبدان بىلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسەر توغرىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

خۇددى ئالدىنقى پاراگرافلاردا بايان قىلغىنىمىزدەك

شائىر يۈسۈپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭ داۋالغۇش، چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئۇلۇغ تارىخىي دەۋردە ياشىغانىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مىللىتى يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرمۇشقا ئۆتتى. تارقاق قەبىلىلەردىن بىرلىككە كەلگەن قاغانلىقنى قۇردى، سۇ ۋە ئوت - چۆپنى دەپ تۇرۇپ قالغان يايلاقتىن بوستانلىقتىكى شەھەر - قىشلاقلارغا كۆچۈپ ماكانلاشتى. بۇ بىر قاتار ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئىدىيىولوگىيە ساھەسىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىشى مۇقەررەر ئىدى.

تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئازابى، ئۇرۇشنىڭ جاپاسىنى يەتكۈدەك تارتقان خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد يالقۇنى ياندى، تەرەققىپەرۋەر بىر پادىشاھنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى، ئەقىلگە مۇۋاپىق، كۆڭۈلدىكىدەك بىر پادىشاھلىق دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەلپۈندى، ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن دۆلەتتە ئاسايىشلىق، خەلقتە خاتىرجەملىك بولىدىغان تۇرمۇشقا ئىنتىزار بولدى.

لېكىن، ئىلگىرى پايانسىز يايلاقتا قامچا ئوينىتىپ چەۋەندازلىق قىلغان، ھەرقايسى قەبىلىلەرنى باشلاپ تەرەپ - تەرەپتە جەڭ قىلغان ئۇيغۇر قاغان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، چەكسىز زېمىنى بار، جۇملىدىن ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فېئودال قاغانلىققا ھۆكۈمران بولۇش، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شۇنچە كۆپ پۇقرانى باشقۇرۇش، ئاۋات شەھەرلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تەجرىبە كەم ئىدى. چارە - تەدبىرمۇ يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇلار تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان فېئودال قاغانلىقنى

كۆپ ھاللاردا يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى باشقۇرغان ئۇسۇل بىلەنلا باشقۇراتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپلا ئىچكى نىزا-جاڭجاللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، چوڭ-كىچىك جەڭگە-جېدەللەر بېسىقمىدى. ھۆكۈمرانلارنىڭ يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىگە قايسى تەرىقىدە ماسلىشىشى، چەكسىز زېمىنغا ئىگە قاراخانىلار سۇلالىسىنى قانداق ئىدارە قىلىشى، ھەر خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھايات-ماماتىغا، خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ۋە جىددىي بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن قايغۇرىدىغان شائىر، مۇتەپەككۇر، سىياسىئون ئىدى. ئۇ «تۇغرىلىقنىڭ يوقالغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىگەنلىكى» (6475 - بېيىت)، «ۋاپا قەھەتچىلىكى يۈز بېرىپ، دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىق بىلەن تولغانلىقى» (6558 - بېيىت)، «كىچىكلەردە ئەدەب يوق، ئۇلۇغلاردا بىلىم يوق، قوپال - نادانلار كۆپىيىپ ئەدەبلىكلەرنىڭ ئازايغانلىقى» (6469 - بېيىت)، «كەمبەغەل، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەت قىلغۇچى يوق، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچىلەرنىڭ چىقمىغانلىقى» (6487 - بېيىت) دىن ئىبارەت رېئاللىقنى كۆرۈپ، ئاۋام خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن دىشۋارچىلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، جاھاننىڭ بۇزۇلۇپ كېتىپ بارغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ مۇشۇنداق پەيتتە ئىنسانپەرۋەر بىرەر قەھرىماننىڭ مېھرىبان پادىشاھنىڭ مەيدانغا چىقىپ، قانۇن-قائىدىلەرنى تۈزۈپ، مەنمەنچى نادانلارنى تەلتۆكۈس تازىلىشىنى خىيال قىلدى. لېكىن، خىيال يەنىلا خىيال ئىدى. رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭغا

ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئوقۇمۇشلۇق پادىشاھنىڭ بولمايدىغانلىقىنى،
ئادىل سىياسىينىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

يۈسۈپ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، نەزەر دائىرىسى كەڭ-
رى كىشى ئىدى. ئۇ شەرق بىلەن غەربىنىڭ مەدەنىيىتىدىن
تولۇق خەۋەردار، يۈكسەك سىياسىي مۇددىئا بىلەن ياشىغان
بولغاچقا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى توغرىسىدا
كۆپ ئويلىناتتى. ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتكە
ئاسايىشلىق، خەلققە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىش جەھەتتە
مۇكەممەل تەسەۋۋۇرلىرى بار ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» دەل
ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللار ئىزدىنىشى، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن-
لىكىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ قالدى. ئۇ، بۇ شېئىرىي ئەسەردە تۆت
پېرسوناژنى ئۆزىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىسىگە دېتال قىلدى،
تۆت پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ
سىياسىي ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادى-
لەپ، كىشىلەر ئۈچۈن سېھرىي گۈزەللىككە ئىگە بىر غايىۋى
دۆلەتنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ بەردى.

سىياسىي ئارزۇ - ئىستەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش، سىيا-
سىينىڭ قانۇنىيلىقى، پۇقرالارنىڭ باياشاتلىقىدىن ئىبارەت
دۆلەتنى ئىدارە قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، بۇلار
شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلىشتىكى ئاساسىي
مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى، ئەلنى خاتىرجەملەندۈرۈپ، دۆلەتنى
ئىدارە قىلىش «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەركىزىي تېمىسى، بۇنى
ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەممىدە ئەسەر-
نىڭ مەزمۇنىدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە تۆت پېرسوناژ بار. ئۇلار ئادالەت
سىمۋولى كۈنتۇغدى ئىلىگ، بەخت سائادەت سىمۋولى ئاي-
تولدى ۋەزىر، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش، قانا-

ئەت سىمۋولى زاھىد ئۇدغۇرمىشلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ بىرى ھۆكۈمدار پادىشاھ، ئىككىسى ۋەزىر، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى ئاساسەن دېگۈدەك ئوردىنىڭ ئىچى. پېرسوناژلارنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەيدانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى ھۆكۈمدار بىلەن ۋەزىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ مەزمۇنى نىسبەتەن يىغىنچاق بولۇپ، ئۇلار مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن مۇستەسنا ئەمەس، يەنى ئۇ ھۆكۈمدارلاردا قانداق پەزىلەت بولۇش كېرەك؛ ۋەزىر ۋە ئوردىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار قانداق ئادەملەردىن بولۇش كېرەك؛ ھۆكۈمدار پادىشاھ دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش كېرەك، پۇقرالارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئەلنى خاتىرجەملەندۈرۈش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەركىزىي تېمىسى دېگەن بۇ مەسىلىگە قارىتا، تېخى نەچچە يۈز يىللار بۇرۇنلا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي ئەدىب - ئالىملىرى شۇنداقلا شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشىغان ھەر مىللەت كىتابخانلىرى ئىنتايىن روشەن تونۇشقا كېلىپ بولغانىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىككى پارچە مۇقەددىمىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراشلار خاتىرىلەنگەنىدى: «بۇ كىتاب سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە گۈزەل بولغاچقا، ئۇ قايسى پادىشاھلىقتا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتمىسۇن، غايەت ئۇزلۇقى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى، ماچىن مۇلكى-

نىڭ ھېكمەتلىرى «ئاينۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» دەپ ئات قويدى، بەزىلىرى «پەندنامەئى مۈلۈك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى، تۇرانلىقلار «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدى. «قۇتادغۇبىلىك» پۈتۈن جاھان ئەھلى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەرقايسى ئەل ھېكمەتلىرى، ئالىملىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئەسەر مەزمۇنى بويىچە قويغان ئات ۋە لەقەبلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «پادىشاھ» ۋە «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» دېگەن پىكىردىن نېرى كېتەلمىدى، ئۇلار بۇ كىتابقا «پادىشاھلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى» دېگەن نۇقتىدىن ئويلىنىپ، بىر ئېغىزدىن ھېلىقى ئاتلارنى قويغانىدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شەك - شۈبھىسىز ھالدا شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلىشتىكى مۇددىئاسى ئۆزىنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىش، ئۆزىنىڭ سىياسىينىڭ قانۇنىيلىقى، دۆلەتنىڭ ئاسايىشلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاشكارىلاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭ داۋالغۇش، چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان دەۋرنىڭ مەھسۇلى، 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسىنىڭ ئىنكاسى، چوڭقۇر سىياسىي نەزەر، مول ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە شانلىق ئەسەر. «قۇتادغۇبىلىك» نى «دىن خاراكتېرلىك نەسىھەتنامە»، پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسى دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق.

# ئىككىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي قارىشى

لېنىن «دۆلەت توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا ئېنىق قىلىپ: «دۆلەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان باشقۇرۇش ئورگىنى»① دېگەنىدى. دۆلەت شەكىللەنگەن كۈنىدىن باشلاپلا، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ئىچكى فۇنكسىيە ۋە تاشقى فۇنكسىيە دەيدىغان ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپتى. قانۇن تۈزىتىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش دۆلەتنىڭ ئىچكى فۇنكسىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولدى، ئارمىيىنىڭ قورۇلۇشى، چەتتىن بولغان تاجاۋۇزچىلىققا تاقابىل تۇرۇش دۆلەتنىڭ سىرتقا قاراتقان ئاساسلىق فۇنكسىيىسى بولدى.

شائىر يۈسۈپ 900 يىل ئىلگىرىلا، ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابىدا دۆلەتنىڭ ئىچكى-تاشقى فۇنكسىيىسىگە بولغان قاراشلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر شەرھلىگەنىدى:

ئەلنىڭ تىرىكى، ئۇلى (ۋە) مۇستەھكەملىكى،
ئاساسى، نېگىز-يىلتىزى ئىككى نەرسىدۇر؛

بىرى خەلقنىڭ ئۇلۇشى بولغان قانۇن،
(يەنە) بىرى ئەسكەر-خىزمەتچىلەرگە كۈمۈش تارقىتىش.

قانۇن بىلەن خەلقى خۇشال ياشىسا،
كۈمۈشنى كۆرۈپ، ئەسكەر-خىزمەتچىلەرنىڭ چىرايى
ئېچىلىدۇ.

(2132—2134 - بېيىتلار)

① «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 4-توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى، 45-بەت.

ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇنداق يازغانىدى:

قايسىبىر بەگ خەلققە قانۇن يۈرگۈزمىسە
خەلقنى قوغدىمىسا، تالان - تاراج قىلسا،

(ئۇ) خەلقنى ئۇتقا تىققانلىق، ئېلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ،
بەگلىكنىڭ ئۇلىمۇ شۈبھىسىز يىقىلىدۇ.

(2136 — 2137 - بېيىتلار)

قايسى بىر بەگ ئەسكەرنى خەزىنە تېچىلىرىنى سۆيۈندۈرمىسە،
قىلىچلار قىنىدىن چىقمايدۇ.

(2138 - بېيىت)

قىلىچ تەۋرەيدىكەن، دۈشمەن تەۋرىيەلمەيدۇ، قىلىچ
قىنىغا كىرىدىكەن، بەگكە ئامانلىق بولمايدۇ.

(2144 - بېيىت)

شائىر يۈسۈپ ئالاھىدە تەكىتلەپ، مۈلكىي ئەمەلدارلار بىلەن ھەربىي ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئوڭ - سول قولى، ئۇلاردىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنىڭ پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىلىگكە بولغان نەسىھىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى، دۆلەت فۇنكسىيىسىگە بولغان چوڭقۇر تونۇشىنى ئىپادىلىدى. ئۆگدۈلمىش ۋەزىر كۈنتۇغدى ئىلىگكە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ يوللىرىنى سۆزلەۋېتىپ، مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدى:

بىرى ۋەزىر، ئىككىنچىسى قوشۇن قوماندانى،
بىرى قىلىچ تۇتسا، بىرى قەلەم تۇتىدۇ.

ئەلنىڭ تىزگىنىنى بۇ ئىككىسى تۇتىدۇ.
بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، ئۇنى كىم بۇزالايدۇ.

بۇلار بەك خىللانغان كىشلەر بولۇشى كېرەك،
ئەگەر بەگكە بويۇن تولغىسا، بېشى كېتىدۇ.
(2418 — 2420 - بېيىتلار)

بىز يۇقىرىدا ستاتا كەلتۈرۈلگەن مىسرالاردىن شائىر يۇسۇپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىچكى - تاشقى فۇنكسىيىسىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۇبدانلا چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇ يالغۇز دۆلەتنىڭ ئىچكى فۇنكسىيىسىنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىكەنلىكىنى، تاشقى فۇنكسىيىسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى دۆلەت فۇنكسىيىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇش - بولماسلىقى، مۈلكىي ۋەزىپە، ھەربىي ئەمەل ئۆتەيدىغانلارنىڭ ياخشى ئادەملەردىن بولۇش - بولماسلىقى، دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ دېگەنلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.

لېنىن دۆلەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سۆزلىگەندە: «دۆلەت دېگىنىمىز «زوراۋانلىق يۈرگۈزىدىغان ۋە ئادەملەرنى زوراۋانلىققا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان پەۋقۇلئاددە ئورگان» «بۇ خىل زوراۋانلىق ئورگىنى قوراللىق قىسىم، تۈرمە ۋە باشقىلارنىڭ ئىرادىسىنى زوراۋانلىققا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان باشقا تەدبىرلەردىن ئىبارەت»① دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى.

① «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 4 - توم، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1972 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 44 — 45 - بەتلەر.

شائىر يۈسۈپ دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان باشقۇرۇش ئورگىنىدىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە، كۈچلۈك بىر ھەربىي قوشۇن قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكرار رەۋىشتە تەكىتلىگەن ھەمدە ئۆز كىتابىدا «ئۆگدۈلمىش ئېلىگكە قوشۇن قوماندانىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ» دەيدىغان مەخسۇس بابنى ئاجراتقانىدى. شائىر بۇ يەردە ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى شەرھلەپ، كۈچلۈك ئەسكەر ۋە باتۇر قوماندان بولغاندىلا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بەختەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، پادىشاھ ئارمىيىنى قاتتىق تىزگىنلىگەندە، ئۇنى ئاندىن ياخشى باشقۇرالايدۇ دېگەن قاراشقا كەلگەنىدى. شائىر مۇنداق مىسرالارنى يازدى:

بەگلەر قىلىچ بىلەنلا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ،
قىلىچسىز بىخۇد بەگ ئېلىنى باشقۇرالمايدۇ.

قىلىچ ـ پالتا ئەلنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر،
خەلق باشچىسى قىلىچ بىلەن ئەل ئالىدۇ.

(2139 — 2140 - بېيىتلار)

قولغا قىلىچ ـ پالتا ئالغان ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ بار - يوقلۇقىدىكى ئاچقۇچ، پولاتتەك ئىنتىزامنىڭ بار - يوقلۇقىدا. شائىر يۈسۈپ ئىنتىزامنى كۈچەيتكەندىلا ئارمىيە ئاندىن دۈشمەننى تارمار قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ: «قوشۇن ئىشى سىياسەتكە باغلىق. سىياسەت يۈرگۈزسە قوشۇندا ئىنتىزام بولىدۇ، ئىنتىزام بولسـ

لا، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ» (2300 — 2301-بېيىتلار) دەپ يازدى.

شائىر يۈسۈپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە، قانۇن-تۈزۈمنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ قانۇن - تۈزۈم «مەملىكەتنىڭ ئاساسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئۇقتىسى» (2015 - بېيىت) دەپ قارىدى. ھالبۇكى، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ھەم مۆمىن پۇقرالارغا ئادىل سىياسەت قوللىنىش، ھەم بۇزۇق ئادەملەرنى قانۇن بىلەن تىزگىنلەپ، قاتتىق جازالاش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كۈنتۇغدى ئىلىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ، ئادىللىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇن - تۈزۈم ئۇقتىسىنى مۇنۇ سۆزلىرىدە مۇنداق ئوخشىتىش قىلغانىدى:

شېكەر - زورلۇققا ئۇچراپ، ئىشىكىمگە كېلىپ،
مەندىن ئادالەت تىلىگەن كىشى ئۇچۇندۇر.

ئۇ كىشى شېكەردەك لەززەت بىلەن قايتىدۇ،
سۆيۈنچ تېپىپ، چىرايى ئېچىلىدۇ.

زەھەر ئۇتىنى ھەقىقەتتىن تەزگەن،
ئۆزى زوراۋان كىشىلەر ئىچىدۇ.

(ئۇلار) جاڭجاللىشىپ ماڭا كەلسە، مەن
ئادالەت بىلەن (ھۆكۈم) قىلسام، ئۇلارنىڭ
زەھەر ئىچكەندەك ئازابلانغانلىقىنى كۆرىمەن.
(812 — 815 - بېيىتلار)

ئودغۇرمىش ۋەزىر ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى ئىلىگكە دۆلەت-نى ئىدارە قىلىشنىڭ يوللىرىنى سۆزلىگەندە، مۆمىن پۇقرالارغا مېھرىبان بولۇش، بۇزۇقلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك دەپ تەكىتلەپ، مۇنداق دېگەندى:

يامانىنىڭ پەيلىنى، جازا بىلەن تۈزەت،
يامانغا يامان يارىشىدۇ، سەنمۇ شۇنداق قىل،

ئەي تاش يۈرەك، ياخشىلارنىڭ (ئازادە)
يۈرەلىشى ئۈچۈن، يامانلارنى يا زەنجىردە،
ياكى زىنداندا تۇتۇش كېرەك!

(5549—5548 - بېيىتلار)

بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت بېزەيدۇ،
بەگ سىياسەت بىلەن ئېلىنى تۈزەيدۇ.

يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك،
خەلقىنىڭ مالىمانىنى سىياسەت باسىدۇ.

(2131 — 2130 - بېيىتلار)

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئادىل سىياسەتنى تەرغىب قىلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا، ئەگەر بىر دۆلەتتە ئارمىيە بولمىسا، تۈرمە بولمىسا، بۇزۇق ئادەملەر-نى قانۇنىي جازا بىلەن ئەدەبلىمىسە، ئادىل سىياسەتنى يولغا قويۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتكەنىدى. بىرەر دۆلەتتە پەقەت ئەلەم بىلەن قەلەم تولۇق بولغاندىلا، قانۇن - تۈزۈم مۇكەممەل بولغاندىلا، پادىشاھ-

لار قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يامانلىقنى تىزگىنلىگەندىلا، ئاندىن «سىياسىي روشەن، قانۇن - تۈزۈم يوللۇق، دۆلەت روناق تاپقان، خەلق بەختلىك بولغان» ۋەزىيەت بارلىققا كېلەلەيتتى. 11 - ئەسىردە ياشىغان بىر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە مۇشۇنداق چوڭقۇر، سىستېمىلىق تونۇشتا بولالىشى، ھەقىقەتەنمۇ ئىنتا- يىن قىممەتلىك ئىدى.

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە دۆلەتنى شەكىللەندۈ- رىدىغان خادىملارنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار دەيدىغان ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىدى.

ھۆكۈمرانلار قاتلىمى، يەنە مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىلاتتى:

1. ئالىملار، ھېكىملار. يۈسۈپنىڭ قارىشىچە ئالىملار، ھې- كىملار ئىنسانىيەتنىڭ سەرخىلى، ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۈس- تۈن تۇرىدىغانلار ئىدى. ئۇلار ئۆزىدىكى بىلىم بىلەن جاھان ئەھلىگە يول كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى، دۆلەتتە تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىيالايتتى. يۈسۈپ ئالىملارۋە ھېكىملارنى «(گويا) قوي پا- دىسىنىڭ سەركىسى، دەپ ھېسابلا، (سەركە) قوي پادىسىنى باشلاپ، توغرا يول بىلەن ماڭىدۇ» (4353 - بېيىت) دەپ تە- رىپلىگەن ھەمدە يەنە «بۇلار ھەقىقەت، دىنىنىڭ تايانچىسىدۇر، ئۇلارنىڭ بىلىمى چىن شەرىئەتنىڭ ئاساسىدۇر. دۇنيادا ئالىم - دانالار بولمىغان بولسا، يەردە مېۋە تېكىلىپ، زىرائەت ئۈنمە- گەن بولاتتى.» (4345 — 4346 - بېيىتلار) دېگەنىدى. ئۇ ئادەم- لەردىن «بۇلارنى قەدىرلەڭلار»، «رەت قىلماي، ئېگىلىڭلار»، «نېمە دېسە شۇنى قىلىڭلار» (5552 - بېيىت) دەپ تەلەپ قىلدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، تۆمەن مىڭلى- غان خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھ چوقۇم ئالىم، ھې-

كىم بولۇشى لازىم ئىدى، ئۇ بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى چوقۇم بىلىمى بار، ئەقىل - پاراسىتى بار ئادەم بولۇشى كېرەك دەپ كۆپ مەرتىۋە تەكىتلىدى. ئۇ «جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىق ئەر كېرەك، خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك. جاھان تۇتقۇچى جاھاننى ئىدراك بىلەن تۇتتى، خەلقنى باشقۇرغۇچى ئىلىم بىلەن باشقۇردى» (217 — 218 - بېيىتلار) دەپ يازدى.

بۇ قاتلامدىكى كىشىلەر ناھايىتى ئالىيجاناب ئىدى، لېكىن ئۇلار بەكمۇ ئاز ئىدى، خۇددى شائىر ئېيتقاندەك: «بىلىملىكلەر ناھايىتى ئاز، بىلىمسىزلەر كۆپ؛ ئىدراكسىزلار كۆپ، ئىدراكلىقلار كەم» (199 - بېيىت) ئىدى.

2. ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىلىرى بولۇپ، ئۇلار پادىشاھنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى يۆلەكچىلىرى ئىدى. ئوردىدا بۇلاردىن بۆلەك يەنە قوشۇن قوماندانى، مۈلكىي ئەمەلدارلار، ئۇلۇغ ھاجىپلار، ئىشىك ئاغىلىرى، تاشقى ئىشلار ئەلچىلىرى، كاتىب، مىرزىلار، ئوردا خەزىنىچىلىرى قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارمۇ بولاتتى. ئۇلارغا يەرلىك بەگلەرمۇ قوشۇلاتتى. ئۇلارنىڭ سانى پۈتۈن دۆلەتكە نىسبەتەن ئۇنچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇق ئىنتايىن زور ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ مىقداردىكى يەر - زېمىنى، مال - مۈلكى بولاتتى، ئۇلار ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى.

3. خوجىلار، دىنىي قائىدە مۇپەتتىشلىرى. ئۇلار دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئىدى. خوجىلار پەيغەمبەر ئەۋلادى بولۇپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئەرەبىستاندىن كەلگەنلەر ئىدى، ئادەملەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارنى سوۋغا - سالام بىلەن تەمىنلەيتتى. دىنىي قائىدە مۇپەتتىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قازىلىرى بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس ھالدا دىنىي قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان مۇسۇلمانلارنى جازالايتتى.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇخلىسى بولغان شائىر يۈسۈپ، بۇ دىنىي ۋاتىلارنىڭ قولىدىكى ناھايىتى زور مۇقۇققا ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھ ئەمەلدارلار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىمۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچىگە قويۇش لازىم دەپ تونۇغانىدى.

ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئاددىي پۇقرالار ئىدى. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، بۇ ئاددىي پۇقرالار دېھقان، چارۋىچى، سودىگەر، ھۈنەرۋەن دەپ ئايرىلاتتى. بۇلار جەمئىيەتكە بايلىق ياراتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ئاۋام خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشىيالمايتتى. خۇددى يۈسۈپ ئۆز كىتابىدا كۆرسەتكەندەك: «ھەر بىر قىممىلغان (جان) بۇلاردىن مەنپەئەت ئالاتتى» (4402 - بېيىت)، «بارلىق نەپەس ئالغۇچىلار، ئاچلار ۋە توقلار — تىرىك جانلارنىڭ ھەممىسى — بۇلارغا مۇھتاج» (4403 - بېيىت) ئىدى. شۇ ۋەجىدىن شائىر يۈسۈپ ھۆكۈمرانلارغا: «سەن بۇلارغا قوشۇلۇپ ئارىلىشىپ يۈرگىن، ياخشى سۆز قىل، يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت» (4418 - بېيىت) دەپ نەسىھەت قىلغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئاددىي پۇقرالارنى ئۇلارنىڭ باي - گادايلىقىغا قاراپ مۇنداق ئۈچ دەرىجىگە ئايرىدى، بۇلار: دۆلەتمەن بايلار، ھاللىقلار، كەمبەغەل نامراتلار ئىدى.

شائىرنىڭ قارىشىچە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بۇ ئۈچ تەبىقىنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇشى لازىم ئىدى. ئومۇمىي پرىنسىپ بويىچە، ئالدى بىلەن كەمبەغەل نامراتلارنى ھىمايە قىلىش ۋە يۆلەش كېرەك ئىدى. ئۇ: «كەمبەغەللەرنى ئاسرىسا، ئوتتۇراھال بولىدۇ، ئوتتۇراھاللار ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا، بايلىققا ئېرىشىدۇ. كەمبەغەللەر ئوتتۇراھال بولسا، ئوتتۇراھاللار بېيىيدۇ،

ئوتتۇراھاللار بېيىسا، ئېلىڭ بايلىققا تولدۇ» (5566 — 5567 - بېيىتلار) دېيگەنىدى.

ئاددىي پۇقرالار ئادەم سانى كۆپ بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى. شائىر يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلارنىڭ نامرات تۇرمۇش شارائىتىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلدى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىدىكى خەلقچىللىقنى ئەكس ئەتتۈردى.

لېكىن، شائىر يۈسۈپ نەسەب - مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئۇنىڭ سىنىپىي مەيدانى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ھۆكۈمران سىنىپلار تەرەپتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاددىي پۇقرالارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ھەم ھېسداشلىق، ھەم مەنسىتمەسلىك مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇلارنى «ئۆرپ - ئادەتكە رىئايە قىلمايدۇ»غان، «ئەدەب - قائىدىنى بىلمەيدۇ»غان (4321 - بېيىت)، «قىلىقى سەت» (4323 - بېيىت)، «يېيىشلا، قورسىقى تويسىلا بولىدۇ»غان (4325 - بېيىت) نادان تومپايلار دەپ تەسۋىرلىدى. شائىرنىڭ نەزەرىدە، ئەقىل - پاراسەت، بىلىم ئۇلارغا تەئەللۇق ئەمەس ئىدى، ئۇلار پەقەت جىسمانىي ئەمگەككىلا لايىق ئىدى. لېكىن تۇرمۇشتا ئۇلاردىن ئايرىلسا بولمايدىغان، ئۇلارغا يېلىنىدىغان جايلار بولغاچقا «ئۇلارغا ياخشى سۆز قىلىشقا» بولاتتىكى، «دوست - سىرداشلاردىن بولۇشقا بولمايتتى (4448 - بېيىت). «ئاۋامنىڭ قىلىقلىرى قاپقارا بولغاچقا، قارىسى يۇقماسلىق ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئارىلاشماسلىق، ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتىش» كېرەك ئىدى (4323 - بېيىت).

دېھقانلار، چارۋىچىلار، سودىگەرلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن، باشقىلار كەمسىتىدىغان تەبىقە بول-

سىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئىنسانىي ئەركىنلىك بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئەركىن پۇقرالار قاتارىغا كىرەتتى. ھۆكۈمران-لىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر قۇللار بو-لۇپ، ئۇلاردا ئىنسانىي ئەركىنلىك يوق ئىدى، ئۇلار قاتتىق خورلۇق ئىچىدە ياشايتتى، ئۇلار پەقەت گەپ قىلالايدىغان سايمان دەپ قارالغاچقا، ئۇلارنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ئېچىنىش-لىق بولاتتى. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» تە: «ئەركىن (ئادەم) بىلەن قۇلنى تەڭ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەركىن (ئادەمنى) ئەر-كىنلىكىچىسە، قۇلنى قۇلچە تۇتۇش كېرەك» (1991 - بېيىت)، «بۇ قۇل — ئۆزى ئەركىسىز خىزمەتكاردۇر، خىزمەت قىلمىسا بەگ-دىن قامچا يەيدۇ» (2988 - بېيىت) دېگەن مىسرالار بار ئىدى. بۇ قۇللارنىڭ ياكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەنلەر بولۇشى، ياكى قۇللۇق تۈزۈمىدىن قالغانلار بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈم-رانلىق قىلىنغۇچىلار ئارىسىدا يەنە بىر ئوتتۇرا قاتلام بار ئىدى، بۇ قاتلامدىكىلەر دوختۇرلار، پىرىخونلار، پالچىلار، مۇنەج-جىملەر بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، ھۆكۈمرانلارمۇ ئۇلارنى ئەتىۋارلايتتى. بىراق، ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ ئۇلارغا ھاجىتى چۈشىدىغان چاغلار بولاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇلارمۇ ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەتتى. بۇ ئادەملەر ياكى ھۆكۈمران سىنىپلار كاتېگورىيىسى-گە كىرمەيتتى، ياكى ئاددىي پۇقرالار قاتارىدا ھېسابلانمايتتى، ئۇلار پەۋقۇلئاددە ئوتتۇرا قاتلام ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» يالغۇز شائىر يۈسۈپنىڭ دۆلەتنىڭ ما-ھىيىتىگە بولغان تونۇشىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ دۆلەت گەۋدىسى توغرىسىدىكى ئويلىنىشلىرى ۋە تەسەۋ-ۋۇرلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى. دۆلەت گەۋدىسى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دۆلەتتىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتاتتى، شا-

ئىر ئۆز كىتابىدا بۇ ھەقتىمۇ كۆپ توختالدى.

دۆلەتنىڭ ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرى بار ئىدى. بۇ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى، پادىشاھلىق تۈزۈمى دېگەنلەرگە ئايرىلاتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شائىر يۈسۈپنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى پادىشاھلىق تۈزۈمنى يولغا قويۇش ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەتنى پادىشاھ ئۆز قولىدا تۇتۇشى لازىم. پادىشاھلارنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن ئالىي بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى.

يۈسۈپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى، شۇنداقلا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، سىياسىئون. «قۇتادغۇبىلىك» ناھايىتى يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە داڭلىق كلاسسىك ئەسەر، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ يەنە مول ئىجتىمائىي سىياسىي مەزمۇنغا ئىگە. ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان مەشھۇر كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى پاراگراف شەرقىتىكى غايىۋى دۆلەت

ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە سىياسىئون. خەلقنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئەلنىڭ ئاسايىشلىقى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بىر قاتار مۇكەممەل، سەلتەنەتلىك تەسەۋۋۇرلىرى بار كىشى. ئۇ ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» ئىچىگە يېزىق بىلەن خاتىرىلىدى، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ۋە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرىنى، سەلتەنەتلىك سىياسىي تەسەۋۋۇرلىرىنى بەدىئىي سۈرەتلەش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەپ چىقتى. «قۇتادغۇبىلىك» تە بىزنى شەرقتىكى غايىۋى دۆلەتنىڭ چېرتيوژى بىلەن تە-

مىن ئەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇرماقچى بولغان غايىۋى دۆلەت، قەدىمكى يۇناندىكى پىلاتوننىڭ غايىۋى دۆلىتىگە ئوخشىمايتتى، شۇنداقلا 16 - ئەسىردىكى ئەنگلىيىلىك مورنىڭ ئۇتوپىيىسىدىنمۇ بۆلەكچە ئىدى، بۇ 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدىكى شەرقچە ئالاھىدىلىكى بولغان غايىۋى دۆلەت ئىدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە سىزىپ چىققان غايىۋى دۆلەت چېرتيوژى زادى قانداق ئىدى؟ بايان قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بىز ئۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن ئىزاھلايمىز:

## غايىۋى پادىشاھ

شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، پۇقرا ئاق كۆڭۈل بولمىسا، ئۇنى پادىشاھلارنىڭ ئەيىۋەشكە كەلتۈرۈشى لازىم ئىدى. پادىشاھلار ئاق كۆڭۈل بولمىسا، ئالەم بۇزۇلاتتى. شۇڭا، ئەلنىڭ ئاسايىشلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى، دۆلەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئامانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى. شۇ دۆلەتتە كۆڭۈلدىكىدەك بىر پادىشاھنىڭ بولۇشىغا باغلىق ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئادالەتنىڭ سىمۋولى كۈنتۇغدى ئىلىگكە دەل شائىر يۈسۈپنىڭ قەلبى ئاستىدىكى غايىۋى پادىشاھنىڭ ئوبرازى ئىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ بۇ غايىۋى پادىشاھقا كۈنتۇغدى دەپ ئات قويۇشىمۇ، خۇددى بۇ ئەسەردە پادىشاھنىڭ ئۆزى: «مېنىڭمۇ قانۇنىيىتىم شۇنداق، ئۆزۈم يوقالمايمەن، ئادىتىم ۋە سۆزلىرىم بارچە خەلق ئۈچۈن بىردەكتۇر» (828 - بېيىت)، «مېنىڭمۇ ئادىتىم شۇنداقتۇر، مەندىن ھەممىگە باراۋەر ئۇلۇش تېگىدۇ» (832 - بېيىت)، «مېنىڭ قانۇنۇم قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا، ئۇ ئەل قۇرام تاشلىق يەر بولسىمۇ، ئاۋاتلىشىدۇ. چىققان كۈن ياخشى - يامان دېمەيدۇ، ھەممىگە (بىر-

دەك، يورۇقلۇق بېرىدۇ، تۈكسۈپ قالمايدۇ» (830 — 831 -
بېيىتلار) دەپ بايان قىلىنغىنىدىن بولغان. كۆنتۇغدى ئىلىگنىڭ
يۇقىرىدىكى سۆزىدىن، شائىر يۈسۈپنىڭ قەلبىدىكى غايىۋى
پادىشاھتا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتنىڭ ئالدى بىلەن دۆلەتنى
قانۇنغا تايىنىپ ئىدارە قىلىش، قانۇننى ئادىل يوسۇندا ئىجرا
قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

غايىۋى پادىشاھ قانۇننى ئۆلچەم، ئادالەتنى ئاساس قى-
لىش كېرەك ئىدى. خۇددى كۆنتۇغدى ئىلىگكە ئېيتقاندەك:

مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم، تونۇشۇم
بولسۇن، مەيلى يولۇچى، ئۆتكۈنچى ياكى مېھمان بول-
سۇن، قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىسى مەن ئۇچۇن بىردەك،
ھۆكۈم قىلغاندا، (ھېچبىرى) مەندە پەرق تاپالمايدۇ. قا-
را، بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق - ئادالەتتۇر، بەگلەر ئادىل
بولسا، ھاياتتا (ھالاۋەت) بولىدۇ» (817— 819-بېيىتلار)

دېگەن بويىچە ئىشلەش لازىم ئىدى.

غايىۋى پادىشاھنىڭ ئىككىنچى شەرتى، ئۇ زوراۋانلىق سى-
ياسىتىنى ئەمەس، خەيرخاھ سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك
ئىدى. «خەيرخاھ» سىياسىتى دېگەن نېمە؟ شائىرنىڭ نۇقتىئى-
نەزىرى بويىچە بولغاندا، خەيرخاھ سىياسىتى دېگەن «خەلق
ئىشىنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇش» ئىدى (457 - بېيىت).
ئەسەردە ئۆگدۈلمىش ۋەزىر كۆنتۇغدى ئىلىگكە نەسىھەت قى-
لىپ مۇنداق دەيدۇ:

پۈتۈن خەلققە (چىن) دىلىڭدىن كۆيۈمچان بول،
دائىم ياخشىلىق قىل، ئۆزۈڭمۇ ياخشىلىققا ئېرىش. خەلققە
ياردەم بېرىپ، پايدا كەلتۈر، زىيان سالما، ئىش-
ھەرىكىتىڭ ياخشى بولسۇن، يامانلارنىڭ زىيىنىنى يوقات.
(2160 — 2161 - بېيىتلار)

«قۇتادغۇبىلىك» تە تەرغىب قىلىنغان خەيرخاھ سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى قىسقا بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ «كۆيۈمچان بولۇپ، ئەلنى پۇختا قىرغداش» دېگەنلىك ئىدى (2169 - بېيىت).

خەيرخاھ سىياسىتىنىڭ قارشى تەرىپى زوراۋان سىياسىتى ئىدى. زوراۋان سىياسىتىنىڭ زىيىنى چەكسىز ئىدى، شۇڭا شائىر ئۆز كىتابىدا: زۇلۇم - زورلۇق كۆيەر ئوتتۇركى، (يېقىنلاشسا) ئادەم كۆيىدۇ» (2032 - بېيىت)، «زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ» (2034 - بېيىت)، «زالىم ئۆز ئېلىنى ئۇزۇن سورىيالمايدۇ» (2031 - بېيىت)، «بىرى زۇلۇم، يەنە بىرى بىخۇدلۇق قىلىش، بۇ ئىككىسى بىلەن بەگ ئېلىنى خاراب قىلىدۇ» (2024 - بېيىت) دەپ كۆرسەتتى.

زوراۋان سىياسىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى پادىشاھلارنىڭ پەزىلىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنىڭغا كۆرە شائىر يۈسۈپ دەل جايىغا تەگكۈزۈپ، بەگلەرنىڭ غاپىللىقى، خەلقنى يېتەكلىگۈچىنىڭ بوشاڭلىقى، ئۇلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى (3109 — 3110 - بېيىتلار) زوراۋان سىياسىتىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى دەپ كۆرسەتتى. زوراۋانلىقنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن «بەگلەرنىڭ ناھايىتى ھوشيار ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك» ئىدى، «بەگ بىخۇد بولسا، ئۇنى پالاكەت باساتتى» (2014 - بېيىت)، «بەگلەر، ھايالىق، ئېسىل كىشى بولۇشى كېرەك» ئىدى، «ھايالىق كىشىنىڭ ئىشلىرى بۇزۇلمايتتى، مۇكەممەل بولاتتى» (2005 - بېيىت)» كىمدە ھايا بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولاتتى، ھەرخىل نامۇۋاپىق ئىشلارغا قول تەگكۈزمەيتتى» (2006 - بېيىت). ئەڭ ئاخىرىدا، شائىر پادىشاھنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەي ئەل باشقۇرغۇچى بەگ، ئەلنىڭ ئامانلىقىنى تىلىسەڭ، ئېلىڭنىڭ ھەممە تەرىپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەت-

كىن» (2020 - بېيىت)، «ئوشيارلىق بىلەن ئانۇن بەگلىكنىڭ ئۇقتىسىدۇر، بۇئىككىسى تولۇق بولسا، بەگ بەگلىك قىلالايدۇ» (2018 - بېيىت) دېدى.

غايىۋى پادىشاھنىڭ ئۈچىنچى شەرتى، ئۇ ھەم ئەقىل - پاراسەتلىك، ھەم بىلىملىك بولۇشى كېرەك ئىدى. شائىر يۈسۈپ «جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىق ئەر كېرەك، خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك. جاھان تۇتقۇچى جاھاننى ئىدراك بىلەن تۇتۇش كېرەك، خەلقنى باشقۇرغۇچى ئىلىم بىلەن باشقۇرۇش كېرەك» (217 — 218 - بېيىتلار)، «قايسى بەگ دانا، بىلىمگە يېقىن بولغان بولسا، ئۇ بىلىملىك كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتىدۇ؛ (ئۇ) قولىغا ئالغان ھەربىر ئىشنى دىققەت بىلەن ئىشلەيدۇ، ئىلىمنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى باشلايدۇ» (254 — 255 - بېيىتلار) دەپ قارىدى.

ئەگەر پادىشاھ بىلىملىك بولسا، ئەقىل - پاراسەتلىك بولسا، ئۇ چوقۇم ئالىم - ھېكىملارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارنى قەدىرلەيتتى، ئاقىللارنىلا ئىشقا قوياتتى.

كىم ئەقىل - ئىدراكلىق بولسا، ئۇنى چاقىرتتى، كىم بىلىملىك بولسا، ئۇنى يۈكسەلدۈردى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۇنيادىكى خىل، ئەقىل - ئىدراكلىق، بىلىملىك كىشىلەر زىچ توپلاندى.

(416 — 417 - بېيىتلار)

پادىشاھقا بىر توپ ئالىم - ھېكىملار ياردەم بەرسە، دۆلەت گۈللەپ ياشنايتتى.

غايىۋى پادىشاھنىڭ تۆتىنچى شەرتى، ئۇنىڭدىكى ئالىيجاناب پەزىلەت ئىدى. شائىرنىڭ قارىشى بويىچە، غايىۋى پادىشاھ ئالىي تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئېگىز بوي، ئۇتتۇرا بوي، پاكارمۇ ئەمەس، يارـ

شىملىق ساقال ـ بۇرۇتى بار، كېلىشكەن كىشى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ياۋاش، مۇلايىم، ئېغىر ـ بېسىق، خۇش پېئىل (1416 ـ بېيىت)، «خۇش چىراي، شېرىن سۆز، مۇلايىم، ئىش-ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ، كۆڭلى كەمتەر، قولى ئوچۇق، بۇلارغا يارىشا سادىق ـ كۆيۈمچان، ھەر خىل پەزىلەتلەرنى تۈگەل بىلىدىغان، يارىماس ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرىدىغان» (2072 — 2074 ـ بېيىتلار) بولۇشى لازىم ئىدى.

غايىۋى پادىشاھ ھاكاۋۇر ئادەملەر بىلەن بىر يولدا ماڭمايتتى، بۇزۇق ئىشلاردىن نېرى تۇراتتى، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆزىنى بۇلغىمايتتى، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمەيتتى. ئۇ بىر دىل ـ بىر نىيەت بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، يامانلىقنى توسۇپ، ياخشىلىقنى يولغا قوياتتى، ئۇ پانىي ئالەمدىكى سەرخىللاردىن، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە ئادەملەردىن ئىدى.

سىياسىيىدىكى
سۈزۈكلۈك، ئەلنىڭ
ئاسايىشلىقى، خەلق-
نىڭ خاتىرجەملىكى

شائىر يۈسۈپنىڭ غايىۋى پادىشاھلىقىدا، يالغۇز پادىشاھلا ئادىل، مېھرىبان بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىرلەرنىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئايتولدى ۋەزىر بىلەن ئۆگدۈلمىش ۋەزىرگە ئوخشاش ئەقىللىك بولۇشى، جان دىلى بىلەن دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئىشلىشى، پادىشاھقا سەممىي ـ ساداقەت بىلەن يار ـ يۆلەك بولۇشى لازىم ئىدى. ئوردىدىكى ھەردەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭمۇ پاك ـ دىيانەتلىك، سادىق بولۇشى كېرەك ئىدى. قوشۇن قوماندانى، لەشكەر ـ چەۋەندازلار باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى؛ مۈلكىي ئەمەلدارلار، كاتىپ، مىرزىلار ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى؛ باشقا ئەللەرگە

ئەلچىلىككە بارغانلار سۆزگە ئۇستا بولۇشى؛ ئوردىدىكى خەزىنە باشقۇرغۇچىلار ئىشەنچلىك بولۇشى، مەنسەپدار بەگلەرنىڭ «ئۆزىدىكى چوڭلارغا خىزمەت كۆرسىتىش، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە شېرىن سۆزلۈك بولۇشى» (706 - بېيىت) تەلەپ قىلىناتتى.

دۆلەتنىڭ ئاۋام خەلقنى ئاسراپ، كەمبەغەللەرنى ھاللىقلارغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى، ھاللىقلارمۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، باي بولۇشى لازىم ئىدى. پۇقرالار ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ، دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆز ۋاقتىدا باج - ئىجارە تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە بىزگە تەسۋىرلەپ بەرگەن غايىۋى دۆلىتى: قانۇن مۇكەممەللەشكەن، سىياسىي سۈزۈك بولغان، دۆلەت روناق تاپقان، ئالەمدىكى بارلىق ئاددىي پۇقرالار غەم - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەتتىن خالاس بولغان قوزىچاق بىلەن بۆرىلەر بىرلىكتە ئوينىيالايدىغان، پادىشاھ، ۋەزىر، خەلق بىر - بىرى بىلەن ئىجىل ئىناق ئۆتەلەيدىغان دۆلەت خەزىنىسى ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىق بىلەن تولغان، ھەممە يەردە شەھەر - بازارلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئالەم تىنجىغان، ھەممە ئادەم بېيىغان، پادىشاھ شادلانغان پارلاق مەنزىرىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ئىدى.

(1039 — 1044 - بېيىتلار)

### بىلىمنى قەدىرلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش

ئەقىل بىلەن ئىلىم گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسى، بىلىمسىزلىك بىلەن نادانلىق بارلىق جىنايەتنىڭ، رەزىل قىلمىشنىڭ مەنبەسى. بۇ «قۇتادغۇبىلىك» كە باشتىن - ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي ئىدىيە. شائىر ئەقىل بىلەن ئىلىم بولغاندىلا مېھرىبان بولغىلى، ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى، جىنايى قىل-

مىشلاردىن نېرى تۇرغىنى بولىدۇ دەپ قارىدى. ھەرقانداق دۆلەتتە، پەقەت ئىلىم قەدىرلەنسىلا، ھەممە ئىشنى رەتكە چۈشۈرگىلى، ئۇزۇن يىللاپ ئامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى.

پادىشاھ بىلىملىك بولغاندا، ئادەملەرنى لايىقىدا ئىشلىتەلەيتتى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چارە-تەدبىر تاپالايتتى، قانۇننى ئىجرا قىلغاندا ئادىل بولالايتتى. بىلىمسىز پادىشاھ مۇقەررەر ھالدا زوراۋان، بىخۇد بولاتتى، بۇزۇق ئادەملەرنى ئىشقا قويۇپ، دۆلەتنى خارابلاشتۇراتتى.

ئاددىي پۇقرالار بىلىملىك بولسا، ئىش-ھەرىكىتىنى توغرا يولغا سالالايتتى، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە بولالايتتى، بەخت-سائادەتمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولالايتتى. بىلىمسىز، نادان پۇقرالار يوق يەردىن چاتاق تېرىپ، ئەبەدىلئەبەد باش كۆتۈرەلمەيتتى.

شائىر يۇسۇپ لايىھىلىگەن غايىۋى دۆلەت، ئىلىمنى قەدىرلىگەنلىكتىن، يۇقىرىسى پادىشاھ، ۋەزىردىن تارتىپ، تۆۋىنى ئاددىي پۇقرالارغا قەدەر، ياخشى ئىش قىلىشنى شەرەپ، رەزىل قىلمىشنى نومۇس دەپ بىلەتتى؛ ئۇلار پاكىز ۋە ئىددىتلىق، پاك ۋە دىيانەتلىك بولۇشقا، ئاچكۆزلۈك، شاللاقلىق، ئەيش-ئىشرەت ئىچىدە ئۆزىنى تۆگىتىشكە قارشى تۇرۇشقا ئىمكانىيەت ئىزدەيتتى؛ ھەممە ئادەم ئەدەبلىك، مۇلايىم، شېرىن سۆز، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان بولاتتى؛ ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشىلىنىپ، ئالىيجاناب پەزىلەت دەۋران سۈرەتتى.

شائىرنىڭ قارىشىچە، ئىلىم قانداقتۇر ئىلاھ ياكى تەڭرى ئاتا قىلغان نەرسە ئەمەس ئىدى. «ئادەم تۇغۇلغاندا بىلىمسىز بولۇپ، ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن بىلىملىك بولاتتى». ناۋادا بىرەر ئادەم بىلىملىك بولۇشنى ئويلىسا، چوقۇم كىچىك

چېغىدىن تارتىپلا جاپالىق ئۆگىنىش بىلەن بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇ ۋەجىدىن، يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتىدە مائارىپ مۇھىم ئورۇننى تۇتتى. ئۇ ئۆز كىتابىدىكى «ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەر تەربىيىسى» دېگەن بابتا، باللارنى كىچىكىدىنلا بىلىملىك قىلىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بولغان تەربىيىنىمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئاتا - ئانىلارغا نەسىھەت قىلدى ۋە «ئوغۇل - قىزىڭغا بىلىم ۋە ئەدەب ئۆگەتكىن» (4506 - بېيىت)، پەرزەنتىڭنى ھەرگىز ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ، لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپ بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىپ تۇر، بولمىسا ئۆز ئۆمرىنى بوش ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ» (4509 - بېيىت) دەپ يازدى. كىچىك چاغدا ئۆگەنگەن بىلىم، مەڭگۈ ئېسىتىن چىقمايدىغان بولۇپ ساقلىنىپ قالاتتى. شۇڭا ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيە قاتتىق بولۇش كېرەك ئىدى. ئۇلارنى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن تەن جازاسى قوللىنىشقىمۇ بولاتتى. ئەسەردە بۇ توغرىدا

«ئوغۇل كىچىك بولسا، ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگەت، كىچىكىدە بىلىم بىلسە، قولى ئۈستۈن بولىدۇ. ئايىما ئوغۇل - قىزغا قامچا تەگكۈز، قامچا ئوغۇل - قىزغا بىلىم ئۆگىتىدۇ» (1493 — 1494- بېيىتلار) دەپ يېزىلغانىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە دېيىلىۋاتقان بىلىمنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى خېلى كەڭ ئىدى. ئۇنىڭدا ھەم ئاسترونومىيە، فىزىكا، گېئومېترىيە، ماتېماتىكا، ھەم تىل - يېزىق، پەلسەپە، تارىخ بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىدىغان چاغدىكى قائىدە - رەسىم ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە بىزگە سىزىپ بەرگەن غايىۋى

دۆلەت تۈغرىسىدىكى چۈشەنچىسىدىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئا-
سىي كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئېنىقلىيالىغان ھالدا بىلەلەيمىز
ۋە تونۇيالايمىز.

يۈسۈپ ياشاپ ئۆتكەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇر مىللى-
تىنىڭ تارىخىدىكى چوڭ داۋالغۇش، چوڭ ئۆزگىرىش تارىخى
مەزگىلىگە توغرا كەلگەنىدى. ئۇيغۇر مىللىتى تارقاق ئولتۇر-
غان يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن، بىرلىككە كەلگەن
مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇر-
مۇشقا ئۆتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ
بېغىشلىدى. لېكىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى تۈپەيلى، دىن
تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان پۈتمەس-تۈگىمەس «غازات»لار،
ئوردا ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش جەڭلىرى بارغانسېرى ئەدەپ،
ئىچكى-تاشقى نىزا-جاڭجالنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھۆكۈم-
رانلار ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپادىن خالىي بولمىدى، ئاد-
دىي پۇقرالار بولسا جېنىنى باقالمايدىغان ئېغىر كۈنلەرگە
قېلىپ، كەمبەغەللەر بىلەن بايلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق يوغى-
ناپ كەتتى.

ھەق ۋە ئادالەت كويىدا يۈرگەن ۋىجدانلىق شائىر يۈ-
سۈپ، تەڭسىزلىك، نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي رېئاللىق دۆلەت
كۈچى ئاجىزلىغان، ئاۋام خەلق ئۇرۇش ۋە كەمبەغەللىكنىڭ
دەستىدىن ئىڭراۋاتقان ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، يۈرەك-باغرى
غەم-ئەندىشە بىلەن تولدى، ئۇ قەلبىگە رېئاللىقنى ئۆزگەر-
تىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇنى پۈكۈپ، ئىدراك ۋە مەڭگۈ-
لۈك ئادالەت بولغان بىر غايىۋى دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشقا ۋە
بۇ ئارقىلىق نامۇۋاپىق رېئاللىقنى كۆزدىن يوقىتىشقا تەلپۈن-
دى. ئۇ نامۇۋاپىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈمىدىنى بىر
ئادىل پادىشاھقا يەنى كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى،

ئۇ، «(ئادىل پادىشاھ) ئەلنى تۈزسە، خەلق بېيىيدۇ» (449-
بېيىت)، ئادىل پادىشاھ ئادالەتنى ياقلىسا، مېھرىبان بولسا،
جەمئىيەت سۈزۈلىدۇ، دۆلەت ئۇزۇن يىللىق ئامانلىققا يۈز-
لىنىدۇ دەپ قارىدى. كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئوبرازىغا، شائىر يۈ-
سۈپنىڭ غايىۋى پادىشاھ ھەققىدىكى تەلپۈنۈشلىرى، سۆزۈك-قا-
نۇنىي سىياسەتكە بولغان تەشنالىقى مۇجەسسەملەشكەنىدى. بىز
كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئوبرازىدىن، شائىر يۈسۈپنىڭ دۆلەتتە
قانۇن-تۈزۈمنى يولغا قويۇش، پادىشاھ ۋە خەلق قانۇن ئالدى-
دا باپباراۋەر بولۇش، شۇنداقلا ئىلىمنى قەدىرلەش، مائارىپ-
قا ئەھمىيەت بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەتلەردىكى ئىدى-
يىسىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرەلەيمىز. بۇ، 11-ئەسىردىكى
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خېلىلا ئىلغار تەشەببۇس ئىدى، شۇنداقلا
مۇھىم ئويغىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر ئىش ئىدى. بۇ تەشەب-
بۇسلار، شۇ چاغدىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ غايىۋى
ئىستەكلىرىنى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. شا-
ئىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ياراتقان غايىۋى دۆلەت، ئوخ-
شاشلا كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدىكى غايىۋى دۆلەت ئىدى.

لېكىن، يۈسۈپنىڭمۇ تارىختىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ مۇتەپەك-
كۇرلارغا ئوخشاش، ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنىڭ چەكلىمىسى-
دىن ھالقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۈسۈپنىڭ غا-
يىۋى دۆلىتى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك-
نىڭ مەھسۇلى ئىدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر جەمئىيىتى يايلاق
كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرمۇشقا ئۆتكەن پەۋقۇلئاددە تارىخىي
دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ غايىۋى دۆلەتتە ئىپادىلەنگەن
بىر قاتار تەشەببۇسلار، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، قەدىمكى
دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئىدىيە كاتېگورىيىسىدىن چىقىپ كېتەلمى-

گەندى. قاتمۇ قات قىيىنچىلىق ئىچىدە قىينىلىۋاتقان دېھ-
قانلار سىنىپى ئۆز ئۈمىدىنى ھامان بىرەر ياخشى پادىشاھنىڭ
ئۈستىگە يۈكلەيتتى. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بۇ تەرىقىدە نامرات-
لىققا قېلىشى، ئالەمنىڭ مۇنچىۋالا تەڭسىز بولۇشى پادىشاھلار-
نىڭ قاپاقباشلىقىدىن، زالىملىقىدىن بولغان دەپ جەزم قىلاتت-
تى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئادالەتنى ياقلايدىغان، ئادىل ئىش بېج-
جىرىدىغان، مېھرىبان بىر پادىشاھ مەيدانغا چىقسىلا، ئالەمنىڭ
رەڭگى باشقىچە بولاتتى، تۇرمۇشمۇ ئوڭشىلاتتى. جۇڭگو تارى-
خىغا ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر سالساق، تارىختىكى دېھقانلار قوزغى-
لىڭىنىڭ ھەممىسى پادىشاھلارنى ئالماشتۇرۇش، سۇلالە يېڭىلاش
بىلەنلا تاماملانغانىدى. دېھقانلار گەرچە زور كۆلەمدىكى
قوزغىلاڭلارنى ئېلىپ بارغان، قولىرىغا قورال-
ياراغ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار فېئوداللىق
تۈزۈمنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تەگمىگەچكە، ئەڭ ئاخىرىدا
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆز پېتى قېلىۋەرگەنىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ
ئىدىيىسى تارىختىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسلىرى
بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئىلغارلىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ،
لېكىن ئومۇمىي گەۋدە يېقىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ غايىۋى
دۆلىتى يەنىلا ئادىل پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىدا
قۇرۇلغان، قەدىمكى دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئىدىيە كاتېگورىيىسىدىن
ئايرىلالمىغانىدى. ئېكسپىلاتاتورلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇ-
چىلارنىڭ ئۆزئارا قارشىلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جەمئىيەتتە،
پادىشاھلار ئېكسپىلاتاتورسىنىپلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇلار «قۇتادغ-
ۇبىلىك» تىكى كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئوخشاش، ئېكسپىلاتات-
سىيە قىلىنغۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى قۇياش بولالمايتتى.
ئەسەردىكى ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئودغۇرمىش، مەيلى
ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى باشقىلاردىن قانچىلىك ئۈستۈن

بولسۇن، ئىقتىدارى باشقىلاردىن قانچىلىك يۇقىرى بولسۇن، سىنىپىي زىددىيەت كەسكىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فېئودال-لىق جەمئىيەتتە، ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىمنىڭ ئالەمنى ئۇيان - بۇيان قىلالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتى خىيالىي، ئەمەلگە ئاشمايدى-غان پادىشاھلىق ئىدى. غايىۋى دۆلەتتىكى باش قەھرىمان غايىنىڭ سىمۋولى، ئەمەلىي تۇرمۇشتا يوق ئىدى. بۇ نۇقتا شائىر يۈسۈپنىڭ ئۆزىگىمۇ بەش قولدەك ئايان ئىدى، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلاۋىسىدە، ئۆز كىتابىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىباتلار ئىكەنلىكىنى، ناۋادا ئۇلارنى ئىنسان دېگەندە، ئۇلارنىڭ بەكمۇ مۇكەممەل ئ[illegible]لىكىنى، ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ مەينەتلىك ئىچىدە بولغىنىپ كەتكەنلىكىنى، تاش يۈرەك بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالغاندى. شۇ توپەيلى، شائىر ئەپسۇسلىنىپ: «ئەي دانا، ئەگەر بىز ئادەم بولساق، ئۇلارنى شۇبھىسىز پەرىشتە دېيىش كېرەك» (6428 - بېيىت) دېگە-نىدى. دەرۋەقە، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى باش قەھرىمانلار غايىۋى دۆلەتتىن چۈشكەن پەرىشتىلەر ئىدى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى غايىۋى دۆلەت، شائىر يۈسۈپنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك يۈرەك قېنى ۋە ئىدىيىسىدىن تەييارلانغان كاھىشلارغا ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق مىڭبىر مۇشەققەتتە قورۇپ چىقىلغانىدى.

## ئۆتىنچى پاراگراف يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتىنىڭ ماھىيىتى

دۇنيادا ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى غايىۋى دۆلەتلەر

ولغانىدى، پىلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلىتى»، مورنىڭ «ئوتوپىـ
ىە» سى، كامپانىللانىڭ «قۇياش شەھىرى» مۇشۇلاردىن ئىدى.
ۇ غايىۋى دۆلەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپە، ئىدىيە
ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى مۇھىم بايلىقى قاتارىدا دۇنيا
ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بىر تالاي ئالىملارنى چوڭقۇر تەتـ
ىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا جەلپ قىلدى.

پىلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلىتى» مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 -
ئەسىردە پەيدا بولدى. ئۇ يۇناندىكى قۇلدار سىنىپلار مەغلۇپ
بولۇش ئالدىدا تۇرغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، قۇلدارلار
سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلىگەنىدى؛ ئەنگلىيىدىكى مورنىڭ
«ئوتوپىيە» سى بىلەن ئىتالىيىلىك كامپانىللانىڭ «قۇياش
شەھىرى» 16 — 17 - ئەسىردىكى كاپىتالىزم ئىشلەپچىقىرىشى
تېخى ئۇنچە تەرەققىي قىلمىغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى،
ئۇلار تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن پرولېتارلار سىنىپىنىڭ
ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا بولغان دەسلەپكى ئارزۇلىرىنى ئەكس
ئەتتۈردى. ياۋروپا ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىدىيىسىنىڭ مەھـ
سۇلى بولغان بۇ غايىۋى دۆلەتلەر ئىچىدە شەرق تىپىغا
ياتىدىغانلىرى كەمچىل ئىدى. ئۇلار قۇللۇق تۈزۈم دەۋرى
بىلەن كاپىتالىزم دەۋرىنىڭ مەھسۇلاتى بولغاچقا، فېئودالىق
دەۋرگە ئائىت غايىۋى دۆلەت تېخى بىر بوشلۇق ھالىتىدە
تۇراتتى.

لېكىن، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ ئوتـ
تۇرىلىرىدا، يوقىلىپ كېتىپ 900 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن
گىگانت ئەدەبىي ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بايقىلىشى ۋە
ئېلان قىلىنىشى بىلەن يۇقىرىدىكى كەمتۈكلۈك تولۇقلاندى.
«قۇتادغۇبىلىك» پۈتۈن دۇنياغا فېئودالىلىق ئىگىلىكىنىڭ
تەرەققىيات مەزگىلىدىكى، قويۇق شەرق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
بىر غايىۋى دۆلەتنى نامايان قىلدى.

مىلادى 11 - ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈيۈك شائىرى،
شھۇر مۇتەپەككۇرى، سىياسىئونى يۈسۈپ خاس ھاجىپ
ەرىپىدىن ئۆلمەس ئەدەبىي ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» تە يارىت-
ىلغان غايىۋى دۆلەت، ھەققانىيلىق، باراۋەرلىك، ئىنسانپەر-
ەرلىك بىلەن تولغان، ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان، مائارىپقا
ۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەممە ئادەم تەربىيلەنگەن ئالىيجاناب
ىشىلەر دۆلىتى ئىدى. بۇ غايىۋى دۆلەت، ئۇيغۇر مىللىتى
ايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن مۇقىم ئولتۇراق-
لىشىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىگىلىككە ئۆتكەن، فېئودال
ئىگىلىك ئۇچقاندەك راۋاجلانغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى،
ئۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دېھقانلار سىنىپى بىلەن شەھەر
پۇقرالىرى قاتلىمىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئارزۇلىرىغا ۋەكىللىك
قىلاتتى.

گەرچە شائىر يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتى ئادىل پادىشاھ-
لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئومۇمىي گەۋدە
يېقىدىن ئالغاندا ئىدىيىسى تېخى قەدىمكى دېھقانلار سىنىپى-
نىڭ ئىدىيە كاتېگورىيىسىدىن ئايرىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇن ئالدىدا
ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك مۇئامىلە قىلىش تەشەببۇسى
ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ خەلق ھوقۇقى، خەلق تۇرمۇشىنى ئەلا
بىلىش، ئىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، مائارىپقا ھۆرمەت قىلىش
ئىدىيىسى تارىختىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇس ۋە
ئىدىيىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىغان، بەلكى نىسبەتەن
روشەن ئويغىنىش ئىدىيىسى ۋە گۇمانىستارلىق تۈسىنى ئالغا-
نىدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ياۋروپادىكى ئەدەبىيات -
سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلانغان ئويغىنىش
مۇتەپەككۇرلىرى ۋە گۇمانىستارلىرىنىڭ ئىدىيىسى، تەشەببۇس-

لىرى، بىر نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى شەرقتە، ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپنىڭ شېئىرىي ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تىل ئاللىقاچان كۆرۈنۈش قىلىپ بولغانىدى.

بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى، يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتى خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ تۆت دوقمۇشىدا، جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش تۈگۈنىدە، غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر شەھەر قەشقەردە بىنا بولدى. شۇڭا، بۇ غايىۋى دۆلەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىسى ئاساسىدا زور تۈركۈمدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەن مەدەنىيىتىنى، ھىندىستان مەدەنىيىتىنى، پارس - ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى ھەمدە قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئوزۇقلىرىنى قوبۇل قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى پەۋقۇلئاددە مول بولدى ۋە رەڭگا رەڭ تۈس ئالدى، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى. يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتىدە ھەم كۆڭزىچىلارنىڭ ئەخلاقنى چوڭ بىلىش، پادىشاھلارغا سادىق بولۇش ئىدىيەسىنىڭ روشەن تامغىسى، ھەم غەربنىڭ ئىدراكنى چوڭ بىلىش، دىئالېكتىكىغا ماھىر بولۇش تەسىرى بار ئىدى؛ ھەم ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قويۇق ئىزنالىرى، ھەم ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر خىل مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە مۇجەسسەم قىلىپ، دۇنيادىكى ئۆزگىچە نۇر چاچىدىغان غايىۋى دۆلەت بولۇپ قالىدى. ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇش تارىخى، غەربىي يۇرت پەلسەپىسى، ئىدىيىسى، ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا، بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتتى.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھەر خىل قول يازما نۇسخىسى

1 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ چېلىقتۇرۇلدى
ه ئېلان قىلىندى. هالبۇكى، نىسبەتەن مۇكەممەل قول يازما
ۇسخىلىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى، يېقىنقى ئون
ەچچە يىل مابەينىدىكى ئىش، شۇنىڭدىن كۆرە، يۇسۇپنىڭ
ايىۋى دۆلىتى ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېتەرلىك
دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماي قويىدى. نۆۋەتتە، ئۇ تېخى
ئېچىلمىغان بوز يەردەك ئەھۋالدا تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئىلمىي
ۋە مەدەنىيەت قىممىتىمۇ ئادەملەر تەرىپىدىن تونۇپ يېتىلمىدى.
لېكىن، بىز يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە، يۇسۇپنىڭ غايىۋى
دۆلىتى پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەتى»، مورنىڭ «ئوتوپىيە»
سى، كامپانىللانىڭ «قۇياش شەھىرى» گە ئوخشاش، پۈتۈن
دۇنيانىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولىدىغانلىقىغا، دۇنيانىڭ ئىدىيە
تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزىگە يارىشا مۇھىم ئورۇننى ئىگى
لەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

# بەشىنچى باب بىلىم ۋە بەخت

## «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئېتىكىلىق قاراش ئۇستىدە ئىزدىنىش (1)

### بىرىنچى پاراگراف پەزىلەت — ئەقىل، پەزىلەت — بىلىم

شائىر يۈسۈپ ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئەسىرىگە «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويىدى، بۇ ئاتنىڭ ئۆزىلا شائىرنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قارىشىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئەقىل بىلەن بىلىمگە ئوقۇلغان مەدھىيە. شائىر يۈسۈپ بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ ئېتىكىلىق قاراشلىرىنى چوڭقۇر شەرھىلىدى. ئۇ ئەقىل بىلەن بىلىم ھەممە گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقنىڭ يىلتىزى، بەخت ۋە سائادەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارىدى. ئەقىل بىلەن بىلىم يالغۇز ئادەملەرنىڭ قىممىتىنىلا بەلگىلەپ قالماي، بەلكى دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» كە «ئىدراك (ئەقىل) كىشى ئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشىدۇر» (1830 - بېيىت)، «كىشىنىڭ بىلىم ئېلىشى ياخشى پەزىلەتتۇر» (2719 - بېيىت) دېگەنلەرنى تېما قىلدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى ئىچىدە «پەزىلەت» چۈشەنچىسى ئادەملەر ئارىسىدىكى بارلىق گۈزەل،

ئالىيجاناب پەزىلەتنى، ئالايلۇق، تۈزلۈكنى، ئاق كۆڭۈللۈك-
نى، سەممىيلىكنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، كەمتەرلىكنى، ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىشنى، پاكلىقنى، باتۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
يۈسۈپ بۇ گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىلنى يىلتىز
قىلىدۇ، ھەممىسى بىلىم بىلەن شەكىللىنىدۇ دەپ تونۇيتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» «ئادىل بولۇش»، «تۈز بولۇش» تىن
ئىبارەت بۇ پەزىلەتنى ئالاھىدە زور كۈچ بىلەن تەكىتلىدى.
شائىرنىڭ قارىشىچە، بۇ پەزىلەت مەيلى بىر دۆلەتنىڭ پادى-
شاھى ئۈچۈن بولسۇن ياكى ئاددىي پۇقرالار ئۈچۈن بول-
سۇن ئوخشاشلا مۇھىم پەزىلەت ھېسابلىناتتى. بۇ پەزىلەتكە
قانداق قىلىپ ئېرىشكىلى بولاتتى؟ شائىرنىڭ قارىشىچە،
ئەقىللىك ۋە بىلىملىك ئادەملەرلا «تۈز ئىش قىلاتتى»
(1745 - بېيىت)، «ھەققانىيلىق ئادەم ئۈچۈن ئادىمىلىكنىڭ
بېشى ئىدى»، «ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ سۆزى ماختاشقا لايىق»
ئىدى، چۈنكى «ئۇلار توغرا، تۈز بولۇپ، ئۆزىنى ئاشكارا
تۇتاتتى» (6356 - بېيىت).

ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك بىر - بىرىگە قارشى قاراش،
شۇنداقلا ئادەملەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىغا باھا بېرىشتىكى ئۆل-
چەم ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستىدە «پەزىلەت»
بىلەن «ياخشىلىق» قا «adgü» دېگەن ئوخشاش بىر سۆز
قوللىنىلغانىدى. بۇ شائىر يۈسۈپنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قارىشى
ئىچىدە، گۈزەللىكنىڭ ياخشىلىق، ياخشىلىقنىڭ گۈزەللىك
ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان
پۈتۈن بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. گۈزەل
پەزىلەت ئەقىل بىلەن بىلىمدىن ئايرىلمايتتى، ئاق كۆڭۈللۈك
بىلەن ياخشىلىق تەبىئىي رەۋىشتە ئەقىل بىلەن بىلىمدىن ئاي-
رىلمايتتى. شائىر «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزە-

رىنى ۋايىتا - ۋايىتا تەرغىب قىلىپ، «بارلىق ياخشىلىقلار ئىدراك (ئەقىل) دىن كېلىدۇ» (1841 - بېيىت)، «ئىدراك (ئەقىل) بارلىق ياخشىلىققا يول باشلىغۇچىدۇر» (1851 - بېيىت)، «ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر» (208 - بېيىت) دېيدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، ئالەمدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئالەمدىكى بارلىق گۈزەل، ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە ئىشلار، بىر تۇتاش ھالدا ئەقىلنى يىلتىز، ئىلىمنى ھەمراھ قىلاتتى. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئەقلى بولمىسا، بىلىمى بولمىسا، ئۇنىڭدا پەزىلەتنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ناۋادا بىرەر دۆلەت ئەقىلگە ھۆرمەت قىلمىسا، ئىلىمگە ھۆرمەت قىلمىسا، رەزىللىك، سەتلىك، زالىملىقنىڭ يامراپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن، كىشىلەر ئەقىل بىلەن ئىلىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئېتىكىلىق قاراشلار ئىچىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. «ئەقىل» دېگەن سۆز، «قۇتادغۇبىلىك»تە قەدىمكى ئۇيغۇر سۆزلۈكىدىكى «okux»، «ɵg» بىلەن ئىپادىلەنگەن، «ئىلىم» سۆزى بولسا يەنە بىر قەدىمكى ئۇيغۇر سۆزلۈكى «bilik» بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى «ئىلىم» (bilik) سۆزى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ھەم «ئىلىم» مەنىسىنى، ھەم «ئەقىل» مەنىسىنى بېرەتتى. «ئىلىم» (bilik) سۆزىنىڭ سۆز يىلتىزى «bil» پېئىل بولۇپ، ئۇ «بىلىش»، «چۈشىنىش»، «ئوقۇش» دېگەننى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان سۆزلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تە تەكرار كۆزگە

چېپىلىقىدىغان «bilgə» سۆزىنىڭ مەنىسى ئەقىللىك، بىلىملىك ئادەم دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە مەنىسىمۇ «ئەقىللىك» دېگەن سۆز ئىدى. ئېلىمىزدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر بىلگە قاغان bilgəbəg نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى، ئەگەر ئۇنى خەنزۇ تىلغا تەرجىمە قىلساق، ئۇنىڭدىن «ئەقىللىك قاغان» دېگەن مەنە چىقاتتى. سۆز يىلتىزى «bil» دىن بۆلۈنۈپ چىققان يەنە بىر مۇھىم سۆز bilik سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق سۆز مەنىسى «ئىلىم» بولاتتى، لېكىن قەدىمكى دەۋردە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ «ئەقىل» دېگەن مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى. شۇڭا، بەزى قەدىمكى ھۆججەت ۋە كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدە، bilik سۆزى بەزى ھاللاردا «ئىلىم» دەپ تەرجىمە قىلىنىدى، بەزىدە بولسا «ئەقىل» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدى. ئوخشاشلا بىر ئەسەردىمۇ بەزى جايلاردا «ئىلىم» دەپ ئېلىنسا، يەنە بەزى جايلاردا «ئەقىل» دەپ ئېھتىمال قىلىنىدى. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تەرجىمىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت. كىتابنىڭ نامىنىلا مىسال ئالساق، ئەسلى تېكىستتىكى «Kudatoqu bilik» نىڭ «Kudat» سۆزى «بەخت - سائادەت» نى، «bilik» سۆزى ھەم «ئىلىم»، ھەم «ئەقىل» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى، داڭلىق ئالىم فېڭ جىياشىڭ ئەپەندى ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ بېكىتتى، ئۇنى «قۇتادغۇبىلىم» دەپ تەرجىمە قىلمىدى. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ رەسمىي تېكىستىدە «bilik» سۆزى ئاساسەن «ئىلىم» دەپ ئېلىنىدى. «bilik» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدە

«ئەقىل» دەپ قىلىنغان ئەھۋال خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.①

يەنە بىر خىل ئەھۋالمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى «ئىلىم» (bilik) بىلەن «ئەقىل (ogü okux) چۈشەنچە ۋە مەنە يېقىندىن قىسمەن پەرق قىلىسىمۇ، لېكىن بەزى ھاللاردا ئۇلارنىڭ چۈشەنچە ۋە مەنە جەھەتتىكى پەرقى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا دېگۈدەك ئاز، مەسىلەن، «ئەقىل» بىلەن «ئىلىم» نەڭ ئىستېمال قىلىنغان بەزى سورۇنلارغا قاراپ باقايلى: «ئىدراكلىق (كىشى) ئىسىل ئەر بولمىغان دېسە بولالايدۇ، بىلىمى بولغان ئەر بەگلىك قىلالىسىمۇ قىلالايدۇ» (300- بېيىت)، «ئەقىل-ئىدراك ساڭا ياخشى ۋە ئىشەنچلىك ئاداشتۇر، بىلىم ناھايىتى مېھرىبان قېرىنداشتۇر» (317 - بېيىت)، «بىلىم گويا كىمىيادۇركى، (پۈتۈن) نەرسىنى ئەتراپىغا يىغىدۇ، ئۇ ئىدراك ئوردىسى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا جەملىنىدۇ» (310 - بېيىت)، «كىشىنى ياخشى تاللاش ئۈچۈن ئىدراكلىق بولۇش كېرەك، ئىشنى ياخشى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن بىلىملىك بولۇش كېرەك» (327 - بېيىت)، بۇنداق مىسال «قۇتادغۇبىلىك»تە ھەددى-ھېسابسىز كۆپ. يۇقىرىدا مىسالغا ئالغان شېئىرلاردىن قارىغاندا، بەزى ھاللاردا «ئىلىم» بىلەن «ئەقىل»نىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقى ئۇنچە چوڭ

---

① قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «onkuqlügbiliglig uoqan arzilar» دېگەن بىر مىسرا بار. ئۇ خەنزۇچىدا «ئەقىللىك بىر ئەۋلىيا ئون كۈچلۈكتىن ئەلا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ يەردىكى «biliglig» دېگەن سۆز «ئەقىللىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە مەسىلەن: «turkara odunkongl bilig ba sutqiliqin» خەنزۇچىغا «دائىم دېگۈدەك ئەقىلنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ» دەپ ئېلىنغان. بۇ يەردىكى «bilig» «ئەقىل» دېگەن سۆز. گېڭ شىمىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 69-، 70-، 83-، 84 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئەمەس، ھەتتا بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن دېسەكمۇ بولىۋېرىدۇ.

لېكىن، بەزى ھاللاردا «ئىلىم» (bilik) بىلەن «ئەقىل» (ogü okux) ئارىسىدا قاتتىق چەك، ماھىيەتلىك پەرق بار. بۇ ئاساسلىقى ئەسەردىكى «ئىلىم» بىلەن «ئەقىل» نىڭ مەنىسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان بايانلاردا كۆرۈلىدۇ.

ئەقىل — پەزىلەتنىڭ يىلتىزى، ئۇنداقتا ئەقىل نەدىن كەلگەن؟ پەلسەپە ساھەسىدە، ئەقىلنىڭ مەنبەسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايغان بەس-مۇنازىرە قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر تۈگىمىدى. بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر يىغىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى ئەقىل كۆڭۈلدىن بىنا بولغان دېگەن تەلىمات بىلەن ئەقىلنى ئىلاھ ئاتا قىلغان دەيدىغان ئىدېئالىزمچە قاراش؛ بىرى ئەقىل ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ دەيدىغان ماتېرىيالىزمچە قاراش.

شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە «ئەقىل-ئىدراكنى ئىنسانلار ئۆگەنمىگەن، (ئۇنى) خۇدا ئەسلى تەبىئىتىگە قوشۇپ يارىتىدۇ» (1682 - بېيىت)، «بىلىم ياكى ھۈنەر-پەزىلەتنى كىشى ئۆگىنىدۇ، ئىدراك بولسا ئەسلى تەبىئىتىدىن بولىدۇ» (1825 - بېيىت)، «كىشى ئۆگەنسە بىلىمى كۆپىيەپ ئاشىدۇ» (1827 - بېيىت)، «ئەقىل-ئىدراكنى خۇدا (يارىتىشتىن) بېرىدۇ» (1828 - بېيىت). ناھايىتى روشەن، شائىر يۈسۈپ ئەقىلنىڭ مەنبەسى، شەكىللىنىشى جەھەتتە، ئۇنى ئىلاھ ئاتا قىلغان دەيدىغان ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەرگە ۋارىسلىق قىلغان.

ئەقىلنى خۇدا بېرىدۇ دېگەندە، خۇدانىڭ ئۇنى ئۇنچە كۆپ ئادەملەرگە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، خۇدامۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەركە پەرزەنتلىرىگە — ھېكىملىرى، ئەقىللىك كىشى-

ئىرىگىلا بېرىدۇ. ئەقىلنىڭ چوققىسىغا ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرلا سىغىدۇ، كەڭ ئاۋامنىڭ پېشانىسىگە ئەقىلنىڭ چوققىسىغا چىقىش پۈتۈلمىگەن.

بىراق، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئومۇمىي گەۋدە يېقىدىن قارىغاندا، شائىر يۈسۈپنىڭ قەلبىدىكى تارازىدا «بىلىم» نىڭ سالمىقى «ئەقىل»دىن ئېغىر ئىكەنلىكى كۆزگە چۈشىدۇ. بۇ نۇرغۇن تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇئەللىپ شېئىرىي ئەسەرگە ئات قويىدىغان چاغدا، ئىلاھ ئاتا قىلغان «ئەقىل» (okux) سۆزىنى قوللانماي، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىلىم» (bilik) سۆزىنى ئىشلەتكەن، بۇ شائىر يۈسۈپنىڭ كۆز قارىشىدا، بەخت يولىغا تۇتىشىدىغان كۆۋرۈكنىڭ ئىلاھ ئاتا قىلغان «ئەقىل» دىن ئەمەس، بەلكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆگەنگەن «ئىلىم» دىن بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تە «ئىلىم» ھەققىدىكى بايان، روشەن ھالدا «ئەقىل» توغرىسىدىكى بايانىدىن كۆپ، «ئىلىم» توغرىسىدىكى بايان جانلىق، ئېنىق، كونكرېت، ھالبۇكى «ئەقىل» توغرىسىدىكى بايانلار بولسا نىسبەتەن ئابستراكت، مۇجمەل. «ئەقىل» بىلەن «ئىلىم»نىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا، شائىر ئۆزىنىڭ «ئىلىم»گە تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىدىغان نۇقتىئىنەزىرىنى ھەرگىز يوشۇرمايدۇ، «بىلىم بولمىسا، ئەقىل ئىشقا يارىمايدۇ» (1968 - بېيىت) دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىلاھ ئاتا قىلغان «ئەقىل» پەقەتلا «ئىلىم» ئۆگىنىش، ئۇنى ئىگىلەش جەريانىدا، باشقىلاردىكى ھېچكىمدە بولمايدىغان بەزى شارائىتقا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە دەپ تونۇيدۇ. ئەلۋەتتە ئەگەر ئەقىللىك ئادەملەر تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، جاپاغا چىداپ ئىلىم ئالمىسا، تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان ئەقلىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلالمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا،

ئەقىلنىڭ قىممىتى ئۆگىنىش، ئىلىم ئىگىلەش ئارقىلىقلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالايدۇ. ناھايىتى روشەن، شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويغان «ئەقىل پەزىلەتنىڭ يىلتىزى»، «ئىلىملىك بولۇشنىڭ ئۆزى پەزىلەت» دېگەن ئىككى تېما ئىچىدىكى «ئىلىم — پەزىلەت» دېگەن سۆز، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئېتىكىلىق كۆز قاراشنىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىلىم — ئادەتتىكى مەنە يېقىدىن ئالغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى تونۇش، جەمئىيەتنى تونۇشتىكى ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى. «قۇتادغۇبىلىك»تە دېيىلىۋاتقان بىلىم ھەم ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت بىلىمنى، شۇنداقلا ئىنسانىي مۇناسىۋەت، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا ئائىت بىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. شائىر يۈسۈپ بۇ بىلىم ئادەملەردە تۇغۇلۇش بىلەن تەڭلا پەيدا بولمايدۇ، بەلكى كېيىنكى چاغلاردا ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ دەپ قارىغانىدى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە «(ئادەم) بىلىمسىز ھالدا تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ» (1680 - بېيىت)، «كىشى تۇغۇلۇشىدا دانا تۇغۇلمايدۇ، ئۆگىنىدۇ» (4021 - بېيىت) دەپ يازغان ۋە «ئانىدىن تۇغۇلغاندا بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆركە چىقىدۇ» (1681 - بېيىت) دېگەنىدى. شائىر يۈسۈپ دەل مۇشۇنداق تونۇش نەزەرىيىسى بويىچە، مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپلا بىلىم ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ۋايىغا يېتىپ، پەزىلەتلىك ئادەملەردىن بولالايتتى. شائىر ئەمەلىيەت، مۇھىت ۋە مائارىپنىڭ بىلىمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جۇغلانما بولۇشىدا

ئويناىدىغان ھەل قىلغۇچ رولىنى تونۇپ يەتكەندى. يۈسۈپنىڭ تونۇش نەزەرىيىسىدە ساددا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ شانلىق نۇرى چاقنايتتى، شۇنداقلا ئۇ شائىرنىڭ ئەزەلىيەت نەزەرىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنىڭ ھەمدە شائىرنىڭ ئىلغار ئويغىنىش ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولغانىدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ تونۇش نەزەرىيىسىدە يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك بار، يەنى ئۇ بىلىمنى تەبىئەتنى تونۇش، جەمئىيەتنى تونۇشتىكى بىر خىل ۋاستە دەپلا قارىماي، بەلكى ئۇنى ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ھەققىدە ھۆكۈم قىلىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ۋاستە دەپمۇ قارايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىلىم يالغۇز تونۇش ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى يەنە قىممەت ۋاستىسى.

يۈسۈپ «كىشى بىلەن كىشىنىڭ زور پەرقى بار، بۇ پەرق بىلىمدىلا (كۆرۈنىدۇ) دەيمەن» (201 - بېيىت) دېگەن تونۇشتا بولدى. بىلىمى بار ئادەملەر ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتەلەيتتى. بىلىمى بار ئادەملەر ياخشى ئىشلارنى قىلالايتتى، بىلىمى بار ئادەملەر يەنە پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بولالايتتى. شۇڭا شائىر «ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر، مىسالى بىلىم بىلەن كۆككە (مۇ) يول ئېچىلىدۇ» (208 - بېيىت). «جاھاندا بىلىمدىن قىممەت نەرسە بولمايدۇ، بىلىمسىزلىك كىشى ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىشتۇر» (206 - بېيىت) دەپ يازدى. شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، بىلىمى يوقنىڭ پەزىلىتىمۇ بولمايتتى، «بىلىمسىزنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى ئەدەبتىن يىراقتا ئىدى» (579 - بېيىت). ئۇ يۇقىرىقىلاردىن، بىرەر ئادەمنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشى يالغۇز ئۇنىڭ ياخشى - يامانلىقىنىلا بەلگىلەپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە قىممىتىنىمۇ

بەلگىلەيدۇ، دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى. مۇشۇنىڭغا كۆرە ئۇ ئۆز ئەسىرىدە: «(شان ـ شەرەپ) قەدىر ـ قىممەتنىڭ ھەممىسى بىلىم ئۈچۈندۇر» (264 ـ بېيىت)، «ھەممە كىشى بىلىمى بىلەن بۈيۈك بولىدۇ» (209 ـ بېيىت)، «كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ» (289 ـ بېيىت)، «ئىنسان ئوغ-لىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن بولىدۇ» (6 ـ بابنىڭ تېمىسى) دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بىلىم ھەققىدە سۆزلىگەن بايانلىرىدا خېلى دۇرۇس پىكىرلەر بولغاچقا، ئۇ ئىلمىي پەلسەپە ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئاتاقلىق بىر پەيلاسوپ يۈسۈپنىڭ بىلىم قارىشىغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «قۇتادغۇبىلىك» بىلىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇ بىلىمنى يالغۇز تەبىئەتنى تونۇشنىڭ نەتىجىسى دەيدىغان بىر نۇقتا بىلەنلا توختىتىپ قويماي، بەلكى ئۇنى ھەم تەبىئەتنى تونۇيدىغان، ھەم ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىر خىل ۋاسىتە دەپ بىلگەن دېدى. ھازىرقى زامان پەلسەپە تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بىلىم ھەم بىر خىل تونۇش ۋاسىتىسى، ھەم بىر خىل قىممەت ۋاسىتىسى، بىلىم تونۇش ۋاسىتىسى بىلەن قىممەت ۋاسىتىسىنىڭ بىرلىكىش نۇقتىسى. 11 ـ ئەسىردىلا مۇشۇنداق چوڭقۇر قاراشنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەلۋەتتە ئىنتايىن قىممەتلىك بىر ئىش ئىدى①.

ئىدېئالىزملىق پەلسەپە قارىشىدا، بىلىم ھاياتلىقنىڭ

---

① جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى، تەتقىقاتچى شىلك بېنىسى 1986 ـ يىل 8 ـ ئايدا قەشقەردە چاقىرىلغان مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزدىن.

نىشانى ئىدى. ئۇلار ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى سائادەت بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈش، مەخسۇس بىلىم بىلەنلا ھەپىلىشىش» دەپ قارايتتى①. ئۇلار بىلىمگە نوقۇل بىلىشنىڭ ئىدراكىي ئۇقتىسىنەزەرى بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى ۋە بىلىمنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنىۋى لەززىتى دەپ بىلەتتى. ھالبۇكى، شائىر يۈسۈپ بىلىمنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىك رولىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى، بىلىمنى تاختىبىشىغا ئېلىپ قويۇشقا قارشى تۇردى، بىلىمنى ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ئالەمنى تۈزەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ «ئۆگىنىپ تامامەن بىلىملىك بولغان بولساڭ، ئەمگەك سىڭدۈرۈپ ئەمدى ئۇنى ئىشلەت» (3220 - بېيىت). «بىلىم ئالغانلار ئەۋلىيا بولۇر، بىلىملىك بىلەن ئەلگە بەخت يارات» دېدى. ئۇ بىلىمنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى تەڭداشسىز ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم رولىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. «جاھاننى (قولدا) تۇتماق ئۈچۈن، كىشى ناھايىتى ئىدراكلىق بولۇش كېرەك، خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كىشى بىلىم بىلىشى كېرەك» (224 - بېيىت)، «جاھان تۇتقۇچى جاھاننى ئىدراك بىلەن» تۇتسۇن، «خەلقنى باشقۇرغۇچى ئىلىم بىلەن» باشقۇرسۇن (218 - بېيىت) دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، ئاددىي پۇقرالارنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشى، پەقەت شۇ شەخسنىڭ پەزىلىتى بار - يوقلۇقىغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىدى؛ ھالبۇكى دۆلەت پادىشاھىنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشى، شۇ دۆلەتنىڭ بەختى ياكى نادامىتىگە بىۋاسىتە تاقىشاتتى. پادىشاھنىڭ

① T. J. deBoer يازغان «ئىسلام دىنى پەلسەپە تارىخى»، تەيۋەن شاڭۋۇ باسمىخانىسى تەرجىمىدىن 1980 - يىلى بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ 110 - بېتىگە قاراڭ.

ئۆزى بىلىملىك بولسا، ئۇ شۇ چاغدىلا بىلىمنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەتتى، ئاقىللارنىلا ئىشقا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايتتى، شۇ چاغدىلا «كىم ئەقىل - ئىدراكلىق بولسا، شۇنى چاقىرىپ كېلەلەيتتى، كىم بىلىملىك بولسا، ئۇنى يۈكسەك ئورۇنغا چىقىرالايتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۇنيادىكى خىل، ئەقىل - ئىدراكلىق، بىلىملىك كىشىلەر زىچ توپلىنالايتتى» (416 — 417 - بېيىتلار). ھالبۇكى، ئاقىل ھېكىملارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دۆلەتكە ئاسايىشلىق، خەلققە خاتىرجەملىك بېرىش، سىياسىينى سۈزۈكلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىدى، پادىشاھلار بىلىملىك بولغاندا، ئادىل، تۈز كۆڭۈل، دىيانەتلىك، ھاۋايى - ھەۋەستىن قولىنى تارتقان ئادەمگە ئايلىنىپ، ھەر خىل پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىشتۈرەلەيتتى. بىلىمى بار ئاقىل پادىشاھ، دۆلەتنى ۋە خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيتتى، دۆلەتكە ۋە خەلققە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلەلەيتتى. بىلىمسىز ۋە ئەقىلسىز قاپاقباش پادىشاھلار دۆلەت ۋە خەلقنى جىنايەتنىڭ گىردابىغا تاشلاپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇراتتى. شۇ تۈپەيلى، شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەقىل بىلەن بىلىم يالغۇز شەخسلەرنىڭ پەزىلىتى بار - يوقلۇقىنىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىستىقبالى بىلەن تەقدىرىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ قايتا - قايتا تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بىلىم پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش قوينىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى.

شائىر يۈسۈپ ئەقىل - پاراسەتنى قەدىرلەيدىغان، بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، ئىدراكنى قەدىرلەيدىغان مۇتەپەككۇر، سىياسىئون. ئۇنىڭ غايىسىدىكى پادىشاھلىق ئەقىل - پاراسەت، بىلىم ۋە ئىدراك بىلەن لىق تولغان پادىشاھلىق. ئۇ پادىشاھ

ئەقىل بىلەن بىلىمگە تايىنىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش لازىملى-
قىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى، ئەقىل بىلەن بىلىم پەزىلەت-
نىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ
بۇ خىلدىكى ئېتىكىلىق قارىشى ئۇيغۇر مىللىتى ياپلاقتىكى
كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان
يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىغا ئۆتكەن 11 - ئەسىردە، تەرتىپكە
چۈشكەن فېئودالىق جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىشتا ئىنتايىن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

يۈسۈپنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرىدا جۇڭگودىكى
ئېتىكىلىق ئىدىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى بار. جۇڭگونىڭ
ئېتىكا ئىدىيىسى دەسلەپتىن تارتىپلا سىياسىي، پەلسەپە
ئىدىيىسى بىلەن زىچ بىرلەشكەن ھەمدە ئەخلاقىي تەربىيىلە-
نىش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنىدى. «ئۆزىنى
تۈزەش» بىلەن «ئادەمنى ئىدارە قىلىش»، «ئۆزىنى تەربىيە-
لەش» بىلەن «دۆلەتنى باشقۇرۇش» بىر - بىرىگە ئىزچىل
ھالدا باغلىنىشلىق ئىدى. جۇڭگونىڭ ئېتىكا ئىدىيىسى بىلەن
غەربنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ پەرقمۇ
مۇشۇ يەردە ئىدى. يۈسۈپنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسى جۇڭگو
ئېتىكا ئىدىيىسىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. سىياسىيغا
ئەھمىيەت بەردى. ئۇ يالغۇز شەخسنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى
بىلەن «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش»، «ئادەمنى باشقۇرۇش» نى
بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى
«دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» بىلەن «ئادەمنى باشقۇرۇش» نى
ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنى شەرھلەشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە
ئاخىرقى يەكۈنى قىلىپ، ئېتىكىلىق قاراشنىڭ دۆلەتنى ئىدارە
قىلىش، خەلقنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى تېخىمۇ
گەۋدىلەندۈردى.

براق، يۈسۈپنىڭ ئېتىكىلىق قاراشلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى جۇڭگو ئېتىكىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئارىسىدا بەزى ئوخشىماسلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە غەربنىڭ ئەقىل - پاراسەتنى ئەتىۋارلاش پەلسەپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپمۇ پلاتوننىڭ «ئەقىل ھەممىدىن ئەلا»، «بىلىم ھەممىدىن ئۇلا»، «ئالىملار، ھېكىملار ھەممىدىن ئەلا» دەيدىغان قاراشلىرىنىڭ تەسىرى خېلىلا چوڭقۇر ئىدى. ئەقىلنى ئەتىۋارلاش پەلسەپىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا ئالىملار، ھېكىملار ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئەمگەكچى خەلق ھەممىدىن چاكىنا دەيدىغان خاتا خۇلاسىگە ئېلىپ كېلەتتى.

ئەقىل بىلەن بىلىمنى تەكىتلەش، ئىدراكنى تەشەببۇس قىلىش، مەدەنىيەتنىڭ، ئىلغارلىقنىڭ ئالامىتى، لېكىن بىلىم ھەممىدىن ئەلا نەزەرىيىسى توغرا ئەمەس. بىز قەدىمكى ئادەملەرگە ھەددىدىن زىيادە تەلەپ قويمايمىز، ئايىنىڭ دېغى ئۇنىڭ نۇرىنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ. يۈسۈپ 11 - ئەسىردە تەرغىب قىلغان بىلىمنى قەدىرلەش ئېتىكىلىق ئىدىيىسى، شۇ دەۋردە ئىلغار مەنىگە ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ كېيىنكىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى.

## ئىككىنچى پاراگراف بەخت ۋە بىلىم

ھەرخىل كىتاب نامىلىرى بولىدۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى كىتابلارنىڭ نامى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ قويۇلىدۇ، بەزى كىتاب نامىلىرى خۇددى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكتەك، ئەسەرنىڭ جەۋھىرىنى، مۇئەللىپنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» دەل مۇشۇ خىلدىكى كىتاب قاتارىغا كىرىدۇ. مۇئەللىپ يۈسۈپنىڭ

ئېنىكلىق قاراشلىرى، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرگە قويغان نامىدىلا تولۇق ئىپادىلىنىدۇ.

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، «福乐智慧» «Kudatqubilik» نىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نامى، تەرجىمىدىكى «智慧» دېگەن سۆز، ئەسلى يېزىقتىكى «بىلىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كىتابنىڭ نامىغا قاراپلا بىلىمىز. بەخت ۋە بىلىم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش ۋە ئۇ ھەقتىكى ئىزاھاتلار بۇ پەلسەپىۋى خاراكتېر ئالغان ئېپىك شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنى. ۋەھالەنكى، بەخت توغرىسىدىكى ئىزدىنىش قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئېتىكا ئىلمى ئوخشاشلا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە، شۇنداقلا ئېتىكا ئىلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

بەخت توغرىسىدىكى قاراش ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمايدۇ، سىنىپلار ئارا ھەم ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەخت قارىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىش ۋە تونۇپ چىقىش ئۈچۈن، كىتابتىكى «بەخت ـ سائادەت» دېگەن سۆزنىڭ ئەمەلىي يېزىقتىكى «Kudat» بولۇپ ئىستېمال قىلىنغان ئەسلى مەنىسىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە كۆپ ئۇچرايدىغان «بەخت»، «بەخت ـ سائادەت،»، «ئامەت»، «تەلەي» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەسلى يېزىقتىكى شەكلى پەقەت بىرلا، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «Kut» (بەخت، ئامەت) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى. مۇشۇ ئاساسىي سۆزدىن بۆلۈنۈپ چىققان پۈتۈنلەي ئوخشاش مەنىدىكى ياكى ئاساسەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆزلەرمۇ ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، «Kudat» (بەخت، بەخت ـ سائادەت)، «Kutluq» (بەختلىك، ئامەتلىك)

قاتارلىقلار، ئومۇمەن «Kut» تىن بۆلۈنۈپ چىققان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا «بەخت»، «بەخت - سائادەت»، «ئامەت» دېيىدىغان مەنىلىرى بار①.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى كۈچلۈك سىمۋوللۇق بار، كۈنتۇغدى» ئىلىگ «ئادالەت» نىڭ سىمۋولى، «ئۆگدۈلمىش» ۋەزىر «ئەقىل-پاراسەت» نىڭ سىمۋولى، ئۆگدۈلمىشنىڭ دادىسى ئايتولدى ۋەزىر «بەخت - سائادەت» نىڭ مەھسۇلى. ئەسەردە: «ئايتولدى دېگىنىم بەخت - سائادەتتۇر» (355 - بېيىت) دەپ يېزىلغان. ئايتولدى ۋەزىر ئۆزىمۇ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئۆزىنىڭ بەخت سىمۋولى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان (796 - بېيىت). تەرجىمىدىكى «بەخت - سائادەت» بىلەن «بەخت» ئەسلى تېكىستتىكى «قۇت» (Kut)، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئايتولدىدىن ئىبارەت بۇ ئوبراز، دەل «Kut» نىڭ سىمۋولى.

بۇنىڭدىن باشقا، شېئىرنىڭ تەرجىمىسىدە «ئەي بەختلىك ئادەم (بىردەملىك) بەختكە مەغرۇرلانمىغىن، ئەي ئاتاقلىق ئادەم سەن بەختكە ئىشىنىپ كەتمىگىن» (668 - بېيىت) گە ئوخشاش «تەلەي»نى تەسۋىرلەيدىغان مىسرالار كۆپ ئۇچرايدۇ، ھالبۇكى «تەلەي» دېگەن سۆزگە ئەسلى تېكىستتە ئىشلىتىلگىنى يەنىلا «Kut» ئىدى.

«Kut» ئۇيغۇرلاردىكى ئىنتايىن قەدىمكى سۆز. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىچىدە خېلى كەڭ تۈردە قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر مۇھەببەت قوشاقلىرىدا، مۇھەببەتكە نائىل بولغانلار بەختلىك ئادەملەر، مۇھەببەتنى قولىدىن كەت-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرىدىكى «قۇت» (kut) نىڭ ئىزاھاتىدا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى، 1 - توم، 402 - بەت.

كەنلەر بەختسىز ئادەملەر دەپ قارىلاتتى. مۇھەببەتتە قولىدىن كەتكەنلىك ھەققىدە ئېيتىلغان بىر قوشاقتا «قاچقان بەختنى ئىزدىدىم، (كۆزۈم) يامغۇردەك قان چاچار»① دەيدىغان مىسرالار بار ئىدى. بۇنىڭدىكى «بەخت» سۆزىمۇ، ئەسلى تېكىستتە «Kut» دەپ ئېلىنغانىدى.

«Kut» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرىدىمۇ كۆپ چىقىدۇ. ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن مانى دىنى قەسىدىلىرىدە «بىز دىن ھامىيسى مانىدىن ۋە ھەرقايىسى پەيغەمبەرلەردىن بەخت تىلەيمىز② دېگەن مىسرالار بار ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى مۇناجاتلىرىدىمۇ: «ئىلاھىم، بۇددا ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلغاي» دېگەن جۈملىلەر يېزىلغانىدى③. مەيلى مانى دىنى قەسىدىلىرىدىكى «بەخت» سۆزى بولسۇن ياكى بۇددا دىنى مۇناجاتلىرىدىكى «بەخت» سۆزى بولسۇن، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلى تېكىستلەر ئوخشاشلا «Kut» بىلەن ئىپادىلەنگەنىدى.

«Kut» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ داۋاملىق قوللىنىلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار ھېيت-ئايەملەردە بىر-بىرىنى تەبرىكلىگەن چاغدا دائىم دېگۈدەك «Bayrimingiz kutluk bolsun» (بايرىمىڭىز قۇتلۇق بولسۇن) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «Kut» سۆزى قەدىمكى ھۆججەت-ماتېرىياللاردىمۇ ئىستېمال قىلىنغان، ئېغىز تىلىدىمۇ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن، قەدىمدىن

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1980-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 360-بەتكە قارالسۇن.

② «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، گېڭ شىمىن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

③ يۇقىرىدىكى كىتاب.

تارتىپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر سۆز. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، مىڭ يىللار مابەينىدە بۇ سۆزنىڭ سۆز مەنىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، بۇ ئەھۋال «بەخت» (Kut) تىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنداقتا، بەخت (Kut) نىڭ ئىچكى مەزمۇنى نېمە؟ قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەخت قارىشى زادى قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟ بۇ، بىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئېتىكا قارىشىنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى «Kut» سۆزىنىڭ ئىستېمال قىلىنغان سۈرۈنلىرىنى شۇنداقلا ئۇ ئىپادىلىگەن مەنىسىنى، «Kut» دېگەن بۇ سۆزنىڭ فولكلور ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئىشلىتىلگەن سۈرۈنلىرىنى شۇنداقلا ئۇ ئىپادىلىگەن مەنىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلساقلا، «بەخت» (Kut) سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا ھەم ماددىي جەھەتتىكى باياشاتلىقنى، ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى راھەت - پاراغەتنى بىلدۈرگەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار بەزىدە خېلى كونكرېت بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئوبدانلا ئابستراكت، بۇنى ئۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئوخشاشلا خۇشاللىققا ئېرىشكەن ۋە قانائەت تاپقانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئومۇمىي ئۇقۇم دەپ قارىساق كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدا گەرچە مۇئەييەن ئابستراكتلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل «بەخت» يەنىلا رېئال گەۋدە.

بەزى ئەھۋاللاردا «بەخت» (Kut) بىر خىل نوقۇل

ئابستراكت ئۇقۇمنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى گەرچە «بەخت» تىن ئايرىلىپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ نوقۇل ئابستراكت ئۇقۇم ھەم كونكرېت ماددا، سەزگۈ ئەزالاردىكى لەززەتلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى خۇشاللىق ۋە قانائەتلىنىشنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ؛ ئۇنىڭ-دىكى رېئال گەۋدە تۇيغۇسى غايىب بولۇپ، بىر خىل ھەردە-كەتچانلىق ئالامىتىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، «Kut» سۆزىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى خەنزۇ تىلىدىكى «ئامەت» كە ئىنتايىن يېقىنلىشىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «anin Kutiugdi» دېگەن بىر گەپ بار، بۇ گەپنىڭ بىۋاستە تەرجىمىسى «ئۇنىڭ بەختى ئۇچۇپ كەتتى» بولىدۇ، مەنە تەرجىمىسى «ئۇنىڭ ئامىتى قولدىن كەتتى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردىكى «Kut» ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قولغا كەلگەن خۇشاللىق ۋە قانائەتلىنىشتىن ئىبارەت رېئال گەۋدە خاراكتېرىدىكى «Kut» بىلەن ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى بىر خىل ئابستراكت، ھەرىكەتچان، مۇقىم تۇرالغۇ جايى يوق بەخت چۈشەنچىسىلا بولۇپ قالىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئىپادىلەنگەن بەخت قارىشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى قاتلاملىق مەزمۇننى يەنى رېئال گەۋدە خاراكتېرىدىكى بەخت قارىشى بىلەن ئابستراكت ھالەتتىكى ئامەت قارىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەزمۇن ئەسەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئىپادىلىنىدۇ.

شېئىرىي ئەسەردە «ئاقار سۇ، راۋان تىل ۋە بەخت تۇرمايدۇ، تىنماستىن يۈگۈرۈپ دۇنيانى كېزىدۇ» (669 - بېيت)، «بۇ بەختكە مەغرۇرلانما، (ئۇ) كېلىدۇ ۋە يەنە كېتىدۇ» (694 - بېيت)، «بەختىيار كىشى ئېھتىياتكار بولۇشى لازىم»

(726 - بېيىت) دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «بەخت»① سۆزى، ئەسلى تېكىستتە «Kut» دەپ يېزىلغان، «Kut» نىڭ بۇ يەردە ئىپادىلەۋاتقىنى، روشەنكى ئابستراكت «ئامەت» مەنىسىدىنلا ئىبارەت.

بۇ ئابستراكت، ھەرىكەتچان، مەڭگۈ تۇراقسىز ئامەت قارىشى، شائىر يۈسۈپنىڭ بەخت كۆز قارىشى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. بۇنى ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ياراتقان «بەخت - سائادەت» سىمۋولى ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ئوبرازىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شائىر ئايتولدى ۋەزىر رەسمىي سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇپ: «بۇ ئايتولدى دېگىنىم بەخت - سائادەتتۇر» (Kut) دېگەنىدى. ئايتولدى ۋەزىرمۇ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئۆزىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى تونۇشتۇرغاندا يۇمىلاق توپنى مىسالغا ئېلىپ: «(مەن) بۇ سۆزنى ئىسپاتلاش (ۋە) ئۆزۈمگە ئوخشاش نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن توپنى يەرگە قويدۇم. چۈنكى، توپ بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ، دومىلاپ كېتىدۇ، دۆلەتمۇ شۇنداق، مەنمۇ دومىلاپ كېتىمەن» (661 — 662 - بېيىتلار) دەپ ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايتولدى دەپ ئات قويغانلىقىمۇ، ئۆزىنىڭ مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، بۇ ھەقتە ئايتولدى ۋەزىر ئۆز ئاغزى بىلەن «مەن ئۆزۈممۇ شۇ (ئاي)نىڭغا ئوخشايمەن، بەزەن بار بولىمەنۇ، بەزەن يوق بولىمەن» (735 - بېيىت)، «ئاينىڭ بۇرجى سەرەتاندۇر، بۇ (ئۆي) ئايلىنىدۇ، ئۆيى ئايلىنىدۇ ھەم ئۆزى چۆگىلەيدۇ. بۇ ئاي قايسى ئۆيگە كىرسە تېزلا چىقىدۇ، تېز چىقماق ئۈچۈن، ياتقان يېرىنىمۇ بۇزىدۇ. قارا، مەن ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا

① يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان «ئامەت»، خاۋ گۈەنجۇڭ، ليۇبىن، جاڭ خۇڭچاۋلارنىڭ تەرجىمىسىدە «تەلەي» دەپ ئېلىنغان.

ئوخشايمەن، قىلىقىم بەزىدە تۆۋەنلەش، بەزىدە يۇقىرى ئۆرلەش. كېلىمەن، كېتىمەن، (ھەممىدىن) بۇرۇن يۈرىمەن، دۇنيانى كېزىمەن، مېنىڭ (تۇراقلىق) ئورنۇم يوق» (744 — 747 - بېيىتلار) دەپ سۆزلىگەنىدى. چۈنكى، ئاينىڭ تولىدىغان ۋاقتىمۇ، تۇتۇلىدىغان ۋاقتىمۇ بولاتتى، ئاي تولغان چاغلاردا، ئادەمنىڭ پېشانىسىگە بەخت يار بولاتتى. ئاي تۇتۇلغاندا بولسا، بەختمۇ ئادەم بىلەن خوشلىشاتتى؛ ئاي مەڭگۈ ھالدا يۇمىلاق بولۇپ تۇرىۋەرمەيتتى، بەختىڭمۇ بىر ئادەمنىڭ بېشىغا مەڭگۈ قونۇپ تۇرىۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ بىر دۆلەتنىڭ زېمىنىدىمۇ ئەبەدىلئەبەد بولۇۋەرمەيتتى. بەخت ئىچىگە ئاپەت يوشۇرۇناتتى، خۇشاللىق ئىچىدە دەرد-ئەلەم بولاتتى. بەخت-سائادەت سىمۋولى ئايتولدى ۋەزىر ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، يالغۇز ئۆزىلا ئالىي مەرتىۋە، يۇقىرى ئىنئامىدىن بەھرىمەن بولۇپ قالماي، بەلكى كۈنتۇغدى ئىلىگكە ياردەملىشىپ ھاكىمىيەت باشقۇردى، دۆلەتتە سىياسىي جەھەتتىكى قانۇنىيلىقنى شەكىللەندۈردى، دۆلەت باي، خەلق قۇدرەتلىك بولغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ ئۆزىمۇ، دۆلەتمۇ بەختكە ئېرىشتى. لېكىن، تولۇن ئايمۇ ئۆز پېتى تۇرىۋەرمەيتتى، ئادەم ھەرقانچە بەختلىك بولغان بىلەنمۇ، ئەڭ ئاخىرىدا قېرىلىق ۋە كېسەللىكنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايتتى. ئايتولدى ۋەزىر ئاغرىپ قېلىپ، بەك قىينالدى، ئاقىۋەت، ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزەلمەي، خورلىنىش ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بەخت قارىشىنى يەنى دۇنيادا مەڭگۈلۈك بەختنىڭ بولمايدىغانلىقىنى شەرھلىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت كۆز قارىشىدىكى ئابستراكت

«ئامەت» بىلەن رېئال گەۋدە خاراكتېرىنى ئالغان «بەخت»نىڭ كۆزدە تۇتقانلىرى ئارىسىدا يەزەن پەرقلەر بار ئىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ئەسلى تېكىستىدىكى ھالىتى ئەمەلىيەتتە Kut دەيدىغان بىرلا سۆز بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپادىلىگەن مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئىنتايىن يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئامەت» بىلەن «بەخت - سائادەت» ئارىسىدا تولىمۇ زىچ ئىچكى باغلىنىش بار ئىدى. ئۇنداقتا ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت زادى نېمە؟ تەڭ قاتاردىكى مۇناسىۋەتمۇ ياكى بىر - بىرىگە بېقىندى بولىدىغان مۇناسىۋەتمۇ؟ بۇمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەخت كۆز قارىشى ئىچىدە چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

ئەسەردە بۇ ھەقتىمۇ بەزى بايانلار بار. ئايتولدى ۋەزىر ئوخشاشلا ئامەتنىڭ سىمۋولى. ئۇ: «مەن قەيەردە بولسام، ھەممىسى ئارزۇ قىلىدۇ، مەن بىلەن بىللە يۈرىدۇ ۋە ماڭا باغلىنىدۇ. راھەت مەن بىلەن، مۇشەققەت مېنىڭدىن تانىدۇ، خۇشاللىق مەن بىلەن، قايغۇ ماڭا يولىمايدۇ» (676 — 677-بېيىتلار) دەپ كېلىپ «بەخت (Kut) كەلسە ئىنسان ھەقىقىي سائادەتكە ئېرىشىدۇ، تۈمەن ئارزۇسىغا يېتىپ ھالاۋەتتە ياشايدۇ» (682 - بېيىت) دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. بۇنىڭدىن شائىر يۈسۈپنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا باشقىچە پىكىردە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. شائىرنىڭ قارىشىچە، «Kut»نىڭ «ئامەت» ۋە «بەخت - سائادەت»تىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇنى تەڭ ئورۇندا ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىگە بېقىندىلىق ئورۇندا ئىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «بەخت - سائادەت»، «ئامەت»كە بېقىناتتى. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت كۆز قارىشىدىكى يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك ئىدى.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «ئامەت»، «بەخت»، «بەخت ـ سائادەت» ئۇقۇملىرى، مۇتلەق كۆپ ئەھۋالدا «Kut»، «Kudat» بىلەن، ئايرىم ئەھۋاللاردا بولسا «dəwlət» سۆزى بىلەن ئىپادىلەندى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «Kut» بىلەن «dəwlət» مەنىداش سۆزلەردىن ئىدى.

ئادەملەر ئەزەلدىنلا بەختكە تەلپۈنگەن. لېكىن، بەختكە قانداق قىلىپ ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، ئوخشاش بولمىغان ئېتىكىلىق قاراشلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان چۈشەندۈرۈشلىرى بولۇپ كەلدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بەخت پەزىلەتلىك ئادەملەرگىلا ئەسىرار بولىدۇ دەپ تونۇدى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «بەخت»نىڭ سىمۋولى ــ ئايتولدى ۋەزىر كۈنتۇغدى ئىلىگكە، ئامەت دېگەن ئاي ـ دالادىكى تۇتۇق بەرمەيدىغان بۆكەنگە ئوخشايدۇ، ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئوڭايغا چۈشمەيدۇ دېگەنىدى. لېكىن، ئۇنى پەزىلەت بىلەن يەنى تۈز كۆڭۈللۈك، دىيانەت، تەمكىنلىك، مېھرىبانلىق، پاكلىق بىلەن تىزگىنلىسە، ئۇ ھېچكىمنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. پەزىلەت، ئامەتنى باغلىۋالىدىغان ئارقان ئىدى، پەزىلەتلىك ئادەملا ئامەتنى تۇتالايتتى، بەختكە ئېرىشەلەيتتى.

بىرىنچى پاراگرافتا بايان قىلغىنىمىزدەك، پەزىلەت بىلىمدىن ئايرىلالمايتتى، بىلىملىك ئادەملەرلا پەزىلەتلىك بولالايتتى. شۇڭا، بىلىملىك بولغاندىلا، بەختكە ئېرىشكىلى بولاتتى. بۇ خىل ئېتىكا ئىدىيىسى ئۇيغۇر خەلقىدە قەدىمدىن تارتىپلا ماكانلاشقانىدى. بۇ ھەقتە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن مۇنداق بىر قوشاقمۇ بار ئىدى:

بىلىم ئۆگەن، بىلىملىك بول،

بولسۇن بىلىم ھەمراھ ساڭا،
بىلىم تاپسا كىمكى ئەگەر
بەخت ھامان ھەغدا ئۇڭا.①

بۇنىڭدىن بۆلەك، قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدە «بەخت بەلگىسى بىلىم» (Kut bəlgisi bilik) دەيدىغان گەپمۇ بار ئىدى②.

شائىر يۈسۈپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىي كىتابىغا «Kudatoqu bilik» دەپ نام بەردى، ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەرجىمىسى «بەخت بىلىمى» بولاتتى (بۈگۈنكى كۈندە ئۇ «بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى» دەپ ئاتالدى). شېئىرىي ئەسەرنىڭ نامىدىنلا، شائىرنىڭ بەخت بىلەن بىلىمنى بىر گەۋدىگە ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. شائىر شېئىرىي ئەسەرنىڭ رەسمىي تېكىستى باشلىنىدىغان بابلاردا ئۆز پىكرىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ: «كىتابىنىڭ نامىنى ‹قۇتادغۇبىلىك› قويدۇم، ئوقۇغانلارنى بەختلىك قىلسۇن ۋە يول كۆرسەتسۇن» (350 - بېيىت) دەپ يازدى. ئۇ بىلىم بىلەن بەختنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ: «بىلىم بىلسە كۈندىن - كۈنگە كۈنى قۇتلۇق بولىدۇ» (1814 - بېيىت)، «بەخت يۈزلەنسە، ھەممىگە يارىشىدۇ» (1707 - بېيىت)، «ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىگە بەخت خوپ يارىشىدۇ» (1778 - بېيىت)، «(ھەر) ئىشنى ئىدراك بىلەن چۈشىنىپ، بىلىم بىلەن بىل، كۈنۈڭ قۇتلۇق، يىللىرىڭ

① گېيك شىمىن تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» نىڭ 1982 - يىل خەنزۇچە نەشرى 41 - بېتىدىكە قارالسۇن.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 557 - بەتكە قارالسۇن.

سائادەتلىك بولسۇن» (2626 - بېيىت) دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بىلىملىك ئادەمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشى تۈز بولاتتى؛ «ئادەم دىلى ۋە تىلىنى توغرا تۇتسا، ئىش-ھەرىكىتىدە بەختلىك بولاتتى» (2759 - بېيىت)، «بىلىملىك كىشىلەر دۇرۇس ۋە توغرا» كېلەتتى، «توغرا ئادەم قەيەردە بولسا، كۆڭلى يورۇق بولاتتى» (2789 - بېيىت).

يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، ماددىي جەھەتتىكى باياشاتلىقنىڭ بەخت بولۇشى ناتايىن ئىدى، ئۇنىڭچە بولغاندا، مەنىۋى بايلىققا ئېرىشكەن ھېكىملار، ئالىملار بەختلىك ئادەملەردىن ئىدى. بەخت پەقەت ھېكىملار ۋە ئالىملارغىلا ھەمراھ بولاتتى، چۈنكى ئۇلار بىلىملىك ئىدى. يۈسۈپ يەنە، بىلىمنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بىلىملىك كىشىلەرمۇ كۆپىيىپ بارىدۇ، بەختلىك ئادەملەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ دەپ قارايتتى. شائىرنىڭ ھېكىملار، ئالىملارنى كۈچىنىڭ بارىچە قەدىرلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، «بۇ ئالىملار بىلەن كىشىلەر بەخت، دۆلەتكە ئېرىشەلەيتتى» (5551 - بېيىت).

شائىر «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۆزىنىڭ بەخت قارىشىنى ئىزاھلىدى، ئۇنىڭ بەخت قارىشىدا بىلىم، پەزىلەت مۇھىم ئورۇندا ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قارىشى، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا «پەزىلەت ئەقىل بىلەن بىلىمنى مەنبە قىلىدۇ؛ ئەقىللىك، بىلىملىك ئادەملەرلا پەزىلەتلىك بولىدۇ؛ پەزىلەتلىك ئادەملەرلا بەختكە ئېرىشەلەيدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنى ئەقىل بىلەن بىلىم پەزىلەتكە مەنبە بولىدۇ، پەزىلەت بەختكە مەنبە بولىدۇ، بىلىملىك ئادەم بولۇش پەزىلەتلىك ئادەم بولغانغا تەڭ، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇش، بەختلىك ئادەم بولغانغا تەڭ دەيدىغان فورمۇلغا يىغىنچاقلاشقا بولاتتى.

شائىر يۈسۈپ ئۆز كىتابى «قۇتادغۇبىلىك»تە كۆپ سەھىپە ئىشلىتىپ، بىلىم، پەزىلەت، بەخت مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆزلىدى. شەخسلەرنىڭ ئەخلاقى تەربىيىلىنىشى ۋە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش يولى توغرىسىدا گەپ قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى مەقسىتى بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولىدا ئىدى. ئۇ، ئەگەر بىرەر دۆلەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھەممىلا ئادەم بىلىمنى قەدىرلىسە، ھېكمىلار، ئالىملارنى قەدىرلىسە، ئۇنداقتا بۇ دۆلەتنىڭ كەيپىياتى كۈنسايىن يۈكسىلەتتى. بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئەقىللىك، بىلىملىك ئادەم بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ پادىشاھ تاللانغان ئادەملەرگە تەشنا بولغان، ئاقىللارنىلا ئىشقا قويغان بولاتتى. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار-نىڭ پەزىلىتى ئالىيجاناب بولغاندا، ئۇلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىمۇ تەدبىرلىك بولغان بولاتتى، بۇ ھالدا دۆلەت بېيىپ، خەلق كۈچىيەتتى، جەمئىيەت بەخت - سائادەت نۇرى بىلەن پۈركىنەتتى. يۈسۈپ بەخت ھەققىدە گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ نەزەردە تۇتقىنى يالغۇز شەخسنىڭ بېيىشى-دىكى بەخت - سائادەت ياكى بالايىئاپەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جان - دىلى بىلەن كۆيۈنگىنى دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ بەختى ئىدى.

## ئالتىنچى باب ياخشىلىق

### — «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئېتىكىلىق قاراش ئۈستىدە ئىزدىنىش (2)

شائىر يۈسۈپنىڭ ئېتىكىلىق قارىشى ئىچىدە «بەخت» ئەبەدىيلىككە ئىگە قاراش ئەمەس ئىدى. ئۇ بىرەر ئادەمنىڭ بېشىدا ئۆمۈرۋايەت تۇرىۋەرمەيتتى، ئۇنىڭ بىرەر دۆلەتتىمۇ ئەبەدىلئەبەد تۇرىۋېرىشى ئەمەلىيەتتىكە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. «بەخت» تولۇن ئايغا ئوخشايتتى، لېكىن ئۇنىڭ تولغان ۋاقتىمۇ قىسقا بولاتتى، ئۇ ئاخىرىدا يېرىم ياكى پۈچۈق بولۇپ قالاتتى، بەختىمۇ ئادەملەردىن يىراق كېتەتتى.

بىراق، يۈسۈپنىڭ ئېتىكىلىق قاراشلىرىدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىمۇ بار بولۇپ، ئۇ «ياخشىلىق» ئىدى. بۇ توغرىدا شائىر «ئۇلۇغلۇق ۋە بەگلىك سەندىن يۈز ئۆرگۈسى، پەقەت ياخشىلىقلا سەندىن يۈز ئۆرمەيدۇ، ئەي باتۇر!» (5089 - بېيىت)، «دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى ئىش - ھەرىكەت (مەڭگۈ) قالىدۇ، ياخشى قىلىق بىلەن ياخشى ئادەت (يوقالمايدۇ)» (5924 - بېيىت)، «ياخشىلىق قېرىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى مەڭگۈلۈك» (1639 - بېيىت)، «كىمكى ياخشىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك ياشىغان بولىدۇ؛ كىمكى يامانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلسا، تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن بولىدۇ» (5923 - بېيىت) دېگەنلەرنى يازدى. «ياخشىلىق» ئېتىكا ئىلمىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى، شۇڭلاقلا «قۇتادغۇبىلىك»

نۇقتىلىق شەرھىلىگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىكى «ياخشى-
لىق»، «ياخشى ئەخلاق»، «ياخشى ھەرىكەت»، «ياخشى نى-
يەت» قاتارلىق سۆز، ئەسلى تېكىستتە «Ədgü» دېگەن بىرلا
سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ياخشىلىقنىڭ
ساۋابى»، «خەيرلىك ئىش»، «ساخاۋەتلىك ئىش»، «ياخشىلىق
قىلغۇچى» دېگەن سۆزلەرمۇ بىرلا «Ədgü» دېگەن سۆزدىن
بۆلۈنۈپ چىققان سۆزلەر ئىدى.

«Ədgü» قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىنتايىن كەڭ
تۈردە قوللانغان قەدىمكى بىر سۆز ئىدى. دەسلەپكى ئۇيغۇر
يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنى قەسىدىلىرىدىكى «ياخشى نى-
يەتلىك تەڭرى» «Təngrimiz Ədgü» ① دەپ يېزىلغانىدى.
«ياخشى نىيەتلىك تەڭرى»دىكى «ياخشى نىيەت»نىڭ ئور-
نىغا «Ədgü» ئىستېمال قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇد-
دا دىنى مۇناجاتلىرىدا ئون تۈرلۈك ياخشىلىقنى مەدھىيىلەيدى-
غان بىر باب بار، بۇ «ئون تۈرلۈك ياخشىلىق» (on Ədgü)②
تىكى «ياخشى ئىش» دېگەن سۆز يەنىلا «Ədgü» بىلەن ئىپا-
دىلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇددا دىنى مۇناجاتلىرىدا يەنە
«ئاق كۆڭۈل دىندار» (Ədgü dintar)③ دېگەن سۆز بولۇپ،
ئۇنىڭدىكى «ئاق كۆڭۈل»مۇ ئوخشاشلا «Ədgü» نى ئىشلەت-
كەن. بۇلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «Ədgü» سۆزىنىڭ
سۆز مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى
«ياخشىلىق» بىلەن بىر خىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تە گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق ئوخشاش
ئىدى. شائىر يۈسۈپ پەزىلەتلىك ئادەملەرلا ئاق كۆڭۈل بولىدۇ،

①②③ «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، گېڭ شىمىن تەرجىمى-
سى، 1982 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 50 -، 64-، 68 - بەتلەر.

ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىك بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ دەپ
قارايتتى. ئۇنىڭ ئېتىكا كۆز قارىشىدا، گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى
ئەقىل بىلەن بىلىم ئىدى، ياخشىلىقمۇ ئەقىل بىلەن بىلىمنى
مەنبە قىلاتتى. ئۇ شېئىرىي مىسرالار ئىچىدە: «بارلىق ياخشى-
لىقلار ئىدراكتىن كېلىدۇ» (1841-بېيىت)؛ «ھەممە ياخشى-
لىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدىندۇر» (208-بېيىت) دەپ يازغا-
نىدى. بىلىم ھەم گۈزەللىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىن-
قى شەرتى، ھەم ياخشىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى
شەرتى ئىدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ ئەقىل بىلەن بىلىمگە مۇنچىۋالا ئەقىدە
باغلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ
پەقەت ئەقىل بىلەن بىلىم چىرىغىنىڭ نۇرى ئاستىدىلا، ئاندىن
ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ يولىنى پەرق
ئېتەلەيدىغانلىقىغا، رەزىللىكتىن ۋاز كېچىپ، ياخشىلىقنى جارى
قىلدۇرالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەقىلسىز، بىلىمسىز
ئادەم قارىغۇ ئادەم ئىدى، مۇنداق ئادەملەر ياخشى-ياماننى
ئايرىيالمايتتى، كۆپىنچە ھاللاردا يامان يولغا كىرىپ قېلىپ،
ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتالمايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شائىر بىر
ئادەمنىڭ ياخشىلىق قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقى، ئۇنىڭ
ئەقلى بار-يوقلۇقى، بىلىمى بار-يوقلۇقىغا باغلىق دەپ
تونۇيتتى.

ئۇنداقتا ياخشىلىق دېگەن زادى نېمە؟ ياخشىلىقنىڭ
ماھىيىتى زادى نېمە؟ بۇ ئېتىكا ئىلمى تەتقىق قىلىدىغان
مۇھىم مەسىلە. ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە
قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ياۋايى ئادەملەر ياخشىلىقنى، كۈچ-
تۈڭگۈرلۈكنى ئەنۋارلايتتى، ئاجىزلىقنى، قېرىلىقنى پەس كۆ-
رەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تامامەن ھەق ئىش ئىدى، ئۇلار

ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قورقمايدىغان، مال ـ بايلىقنى تارتىۋېلىش قولىدىن كېلىدىغان، ئوغرۇق ۋە قەبىلە ئۈچۈن يەر ـ زېمىن، يايلاقلارنى كېڭەيتەلەيدىغان، ئوغرۇق ۋە قەبىلە ئۈچۈن مال-مۈلۈك بۇلاپ كېلەلەيدىغانلارنى قەھرىمان چاغلايتتى. شۇڭا، ياشلىقنى، كۈچتۈڭگۈرلۈكنى ئەتىۋارلاش، ئاجىزلىقنى، قېرىلىقنى يەس كۆرۈش، قىرغىنچىلىق قىلىپ، مال ـ مۈلۈك بۇلاش شۇ دەۋردىكى گۈزەل پەزىلەت ھېسابلىناتتى. سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولغان گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق ئۆلچەملىرى بارلىققا كەلدى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسىدىمۇ ناھايىتى زور پەرقلەر ساقلاندى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ يەنى كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئايتولدى ۋەزىر، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر، ئودغۇرمىش زاھىدلارنىڭ سالاپىتى ۋە ئورنى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كىشىلىك قارىشىدا پەرق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى، ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىگە بولغان قاراشلىرىدىمۇ خېلى زور ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. شۇ تۈپەيلى، شېئىرىي ئەسەردە ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى، ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، پېرسوناژلار ئارا بىر مەيدان بەس ـ مۇنازىرە قانات يايغانىدى.

«ياخشىلىق»نى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان بۇ بەس ـ مۇنازىرىدە، كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ۋەزىر بىر تەرەپ، زاھىد ئودغۇرمىش ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ بولدى. بەس ـ مۇنازىرىنىڭ دەسلىپىدە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىر ـ بىرىگە قارشى بولدى، ئىختىلاپمۇ چوڭ بولدى، ئۇلار ئۆزئارا تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويمىدى، مۇنازىرە ئىنتايىن كەسكىن بولدى. مۇنازىرىنىڭ

قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەر-
لىرى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر-بىرىنىڭكىگە سىڭىپ كى-
رىشكە باشلىدى، مۇنازىرە كەيپىياتى تەدرىجىي يۇسۇندا پەسەي-
دى. مۇنازىرە نەتىجىسىدە، ھەر ئىككى تەرەپتە بىر-بىرىگە
قايىل بولىدىغان جايلار بارلىققا كەلدى.

بۇ مۇنازىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى سالمىقى ناھايىتى
ئېغىر. مۇشۇ مۇنازىرىگە مۇناسىۋەتلىك مىسرالارنىڭ ئۆزىلا
پۈتۈن ئەسەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بىز بۇ مۇ-
نازىرە ئارقىلىق، 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشىلىق توغ-
رىسىدىكى چۈشەنچىسى ۋە تونۇشىنى، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقنىڭ
ماھىيىتى ھەققىدىكى ئويلىنىشى ۋە ئىزدىنىشىنى ئوچۇق كۆ-
رۈۋالالايمىز. بۇ مۇنازىرە گەرچە ئېتىكا جەھەتتىكى مۇنا-
زىرە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي-سىياسىي تۈس
ناھايىتى كۈچلۈك. بۇ مۇنازىرە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ دراما-
تىك خۇسۇسىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنى كۈچەيتىپ،
پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى گەۋدىلەندۈردى، ئەسەرنىڭ
ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئەسەرگە
تېخىمۇ ھۆسن قوشتى.

## بىرىنچى پاراگراف پائال ھالدا خەلققە بەخت يارىتىش
## كېرەكمۇ ياكى ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاش،
## زاھىدلىق قىلىپ باقىي ئالەم ئۈچۈن
## ساۋاب تېپىش كېرەكمۇ

**— ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ تىركىشىشى**

بىر كۈنى ئايتولدى ۋەزىر كۈنتۇغدى ئىلىگكە: «ياخشى-

لىق قانداق بولىدۇ، ياخشىنىڭ مىجەز - خۇلقى قايسى تەرىقىدە بولىدۇ؟» (855 - بېيىت) دەپ سوئال قويىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇنىڭغا: «ياخشىنىڭ مىجەز - قىلىقى پايدىلىق بولىدۇ، خەلققە مەنپەئەتى تېگىدۇ. خەلققە ھەمىشە كۆپ ياخشىلىق قىلىدۇ، كىشىدىن شۆھرەت (تىلىمەيدۇ)، مىننەت قىلمايدۇ. ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەي، كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرىدۇ، بۇ پايدىسى ئۈچۈن بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ» (856 — 858- بېيىتلار) دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، كۈنتۇغدى ئىلىگ ياخشىنىڭ مىجەز - خۇلقى پەقەتلا ئۆزىگە يارىتىش، ئۆز نەپسىنىڭ كويىدا بولماسلىق دەپ قارايتتى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىش ۋەزىردىن ئۇنىڭ بىر جەمەت ئىنىسى زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى بار، قابىلىيەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. ئىلىگ ئۇنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ياردەمچى قىلىش كويىدا، تاغدىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنى ھاكىمىيەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيدۇ ۋە بۇ مەكتۇپنى ئۆگدۈلمىش ۋەزىردىن ئەۋەتىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ زاھىد ئودغۇرمىشقا يوللىغان مەكتۇپتا: ئەگەر سەن بىرەر ساخاۋەتلىك ئىش قىلماقچى بولساڭ «خەلققە پايدىلىق بول، ھاجىتىگە يارا» (3237 - بېيىت)، «كىشىلەرنىڭ قولىنى تۇتقىن، ھازىر جاۋاب، يۆلەنچۈك بول» (3240 - بېيىت) دەيدۇ. ئۇ زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تاغ ئىچىدە يوشۇرۇن ياشاۋاتقانلىقىنى تىنقىدلەپ: «بۈزۈك يالغۇز ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتتۇڭ، ئەي خۇش پېئىل، ناماز، روزا — ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىدۇر، ئۆز پايدىسىنى

ئىلىگۈچى ئېھرىسسىز بولىدۇ» (3242 — 3243 - بېيىتلار)،
«ئۆز پايدىسىنى تىلەيدىغانلار ئادەم بولامدۇ؟ ئەل پايدىسىنى
كۆزلىگەنلەر (ھەقىقىي) ئادەمدۇر» (3931 - بېيىت)، «ياخشىلىق —
خەلققە پايدا يەتكۈزۈش»تۇر (3271 - بېيىت) دەپ يازىدۇ.
ئەگەر كۈنتۇغدى ئىلىگنى ئايتولدى ۋەزىرنىڭ سوئالىدى-
غا جاۋاب بەرگەندە، ئۆزىنىڭ ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىگە بولغان
چۈشەنچىسى باشقىلارغا بەخت يارىتىش ئىكەنلىكىنى شەرھىلىدى
دېسەك، ئۇنداقتا ئۇ زاھىد ئودغۇرمىشقا يازغان مەكتۇپتا
ئۆزىنىڭ ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتىگە بولغان قارىشى يەنى ئۇ تە-
شەببۇس قىلىۋاتقان باشقىلارغا بەخت يارىتىش ئالدى بىلەن
پۇقرالارغا بەخت يارىتىش ئىكەنلىكىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلى-
گەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ تونۇشىچە، ئازاب چېكى-
ۋاتقان نامرات پۇقرالارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، ئۇلارنى
مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش ئەڭ زور ياخشىلىق بولاتتى.
كۈنتۇغدى ئىلىگ، كۆڭلىدە دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپە-
ئەتى بولمىغان ئادەملەر، گەرچە دىنغا ئىنتايىن سادىق بولسى-
مۇ، ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى يەكدىل ھالدا شەخسىنىڭ باقىي
ئالەمدىكى بەختى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، زاھىد بولۇ-
ۋېلىپ، باقىي ئالەم ئۈچۈن ساۋاب تېپىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.
لېكىن، ئەمەلىيەتتە مۇنداق قىلمىش ياخشى ئىش ئەمەس،
ساۋابلىق ئىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر خىل ئۆز نەپسىگە
چوغ تارتىش دەپ كۆرسەتتى. كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ قارىشىچە،
قەلبىگە ئاۋام خەلقنى يۈككەن، غەرەزسىز ھالدا ئۇلارغا
تۆھپە ياراتقان ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىلا، ھەقىقىي ياخشىلىق ئىدى.
شائىر يۈسۈپنىڭ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى بولۇپ تىك-
لەنگەن، دىن تازا ئەۋجىگە چىققان، دىنىي ئىدىيە چوڭقۇر
يىلتىز تارتقان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە، دىنىي قىلمىش

لارنى دادىللىق بىلەن سۆكۈشى، ئەلدىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاي-
دىغان، غار - ئۆڭكۈرلەردىن چىقماي، كېچە - كۈندۈز دۇئا - تى-
لاۋەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، زاھىدلىق يولىدا جېنىنى پىدا
قىلغان سادىق مۇخلىسلارنى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغانلار
دەپ قاتتىق تەنقىد قىلالىشى، ئۇنىڭ بۇ خىل غەيرەت - شىجا-
ئىتى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قايىل قىلىدىغان بىر ئىش ئىدى.
شائىرنىڭ بۇ تەشەببۇسى ۋە ئىدىيىسى، ئويغىتىش ئىدىيىسى-
نىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئىدى.

ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىلەن كۈنتۇغدى
ئىلىگنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىردەك ئىدى. ئۇمۇ باشقىلارغا بەخت
يارىتىش ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى دەپ بىلەتتى. ئۇ كۈنتۇغدى
ئىلىگكە كۆپ مەرتىۋە نەسىھەت قىلىپ: «سۆز سەممىي بولۇش
كېرەك، نىيەت ھالال بولۇش كېرەك، ئۆزىنىڭ خەيرلىك ئىش-
ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارغا بەخت يارىتىش لازىم» دېگەنىدى.
ئۇ زاھىد ئودغۇرمىشقىمۇ: «تىرىك (كىشى) كىشىلەرگە پايدا
يەتكۈزۈشى كېرەك» (3369 - بېيىت)، «تىرىكلىكنىڭ نىشانى—
كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرۈش» (3370 - بېيىت) دەپ ئېيتقانىدى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنىڭ ئىجتىمائىي
تۇرمۇشقا پائال قاتنىشىش، دۆلەتكە ۋە خەلققە بەخت يارىتىش-
نى تىرىكلىكنىڭ نىشانى قىلىش، ياخشىلىققا بولغان ئىنتىلىشنى
مۇشۇنداق چۈشىنىش نۇقتىئىنەزەرى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ
يەنىلا ئاكتىپ، ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. ھالبۇكى، ئۇيغۇر شا-
ئىرى يۈسۈپنىڭ بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن يۇقىرىدىكى تە-
شەببۇسلارنى شۇنچىلىك روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشى
ھەممىدە بۇنى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى قىلىش لازىم دەپ
كۆرسىتىشى ئىنتايىن قىممەتلىك ئەھۋال ئىدى. بۇ شائىر
يۈسۈپنىڭ كەڭ كۆكس - قارىنى، ئالىيجاناب ئىدىيىسىنى ئىپا-
دىلەپ بەردى.

سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ نۇقتىئىنەزەرى نىسبەتەن پاسسىپ ئىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق بىر زاھىدنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مەقسىتى، مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى يەنە بىر خىل ئىدىيىۋى ئېقىمنى يەنى پانىي دۇنيانىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، تەركىدۇنيالىقتا قەدەم قويغان، مۇرەككەپ جەمئىيەت رېئاللىقىدىن ئۆزىنى تارتىپ، يەككە - يېگانە ھالدا دۇئا - تىلاۋەت بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان، باقىي دۇنيانىڭ ساۋابى ئۈچۈن زاھىدلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەھۋالنى تەسۋىرلەش ئىدى.

زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ قارىشىچە، پانىي دۇنيا «ئۆتكۈنچى بولۇتتەك، بىردەملىك ئىش» ئىدى (5324 - بېيىت)، ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ شامالغا ئوخشاش، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتەتتى، ئادەم بۇ دۇنيادا «ئىككى كۈنلا قونۇپ كېتىدىغان يولۇچى» (3618 - بېيىت) ئىدى، مەيلى باي، مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى پادىشاھ مەيلى تىلەمچى بولسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايتتى، مۇشۇ تۈپەيلى ئۇ «دۇنيانىڭ نەرسىلىرى تىرىكلىك ئۈچۈندۇر، تىرىكلىك تۈگىسە، مال - دۇنياغىمۇ ئېھتىياج تۈگەيدۇ.» (4697 - بېيىت) دېگەن نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

شۇڭا، ئۇ تۇراقسىز پانىي ئالەم ئۈچۈن شاپاشلاپ يۈرگەندىن كۆرە، ئەبەدىلىك باقىي ئالەم ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىش لازىم دېگەننى تەرغىب قىلدى. ئۆزىمۇ پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىپ، يەككە - يېگانە تەنھا ياشاشنى ماقۇل كۆردى. ئۇ «بۇ دۇنيانىڭ ئىشىغا ئارىلاشقان كىشى، ئىبادەت بىلەن ئاخىرەت ئىشىنى قىلالمايدۇ» (3340 - بېيىت) دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئەبەدىلىك باقىي ئالەمگە باغلىدى ۋە «مەن ئەمدى قالغان تىرىكچىلىكىمنى سەرپ قىلىپ، ئىبادەت

بىلەن خۇدانىڭ رازىلىقىنى تىلەيمەن، بۇنىڭدىن ئارتۇقسى ھاجەت ئەمەس» (3794 — 3795 - بېيىتلار) دېگەن يەرگە كەلدى.

ئۇ رېئال دۇنياغا نىسبەتەن ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقتىن، ئاۋام خەلققە بەخت كەلتۈرىدىغان ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا، ئەلنى ئاۋات قىلىش، دۆلەتنى تۈزەشلەرگە قىلچە قىزىقمىدى. ئەلدىن ئايرىلىپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە تەنھا ياشىسام «خەلققە ھېچ پايدا يەتمىگەن بولسىمۇ، مەندىن زىيان كۆرمەيدۇ» (3352 - بېيىت)، «ئىككى كۈندىلا داۋاملىشىدىغان ھالاۋەتنى دەپ، ھاياتتا ئېرىشمەككە نېمانچە ئىنتىلىسەن؟» (3618 - بېيىت) دەپ قارىدى. ئۇ ئادەملەرگە بارلىق ئارزۇ - ھەۋەستىن ۋاز كېچىش كېرەك، پانىي دۇنيانىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، دۇئا - تىلاۋەتكە بېرىلىش لازىم، بىردىل - بىر نىيەت بىلەن باقىي ئالەم ئۈچۈن ساۋاب تېپىش كېرەك دېگەنلەرنى تەرغىب قىلدى.

زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە پاسسىپ ھالدا زامانغا ماسلىشىدىغان بۇددا دىنى ئىدىيىسىنىڭ تامغىلىرى ناھايىتى چوڭقۇر بېسىلغان بولغاچقا، ئۇ رېئال دۇنيانى پەس كۆردى، باقىي ئالەمنى ھەممىدىن چوڭ بىلدى، ئۇ باقىي ئالەمدىن ئۈمىد كۈتۈپ، سەمىمىي - ساداقەت بىلەن دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، دەرۋىشلىك يولىنى تۇتۇشنىڭ ئۆزى باقىي ئالەم ئۈچۈن ساۋاب تاپقانلىق دەپ تونۇدى. ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىرىدىكى ئاكتىپ ھالدا يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان، رېئال دۇنيا ۋە كىشىلىك ھاياتقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئۈمىد بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرىدىغان، ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان قارىمۇقارشى ھالەتنى شەكىللەندۈردى.

## ئىككىنچى پاراگراف مۇرەسسەسىز كۆرەش، كەسكىن تالاش-تارتىش

### — ئىككى تەرەپنىڭ مۇنازىرە مەركىزى

ئۆگدۈلمىش ۋەزىر كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۆز قولى بىلەن يازغان مەكتۇپنى ئېلىپ، زاھىد ئودغۇرمىش يوشۇرۇنۇپ ياتقان تاغقا كېلىپ، ئۇنى تاغدىن چۈشۈپ ھاكىمىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەكلىپى ئودغۇرمىش تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. لېكىن ئاقىللارغا تەشنا كۈنتۇغدى ئېلىگ يەنىلا نىيىتىدىن يانماي، ئىككىنچى پارچە مەكتۇپنى يېزىپ، ئۇنى ئۆگدۈلمىش ۋەزىردىن ئەۋەتىدۇ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر تاغقا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، ئودغۇرمىشقا تاغدىن چۈشۈشكە نەسىھەت قىلىدۇ. ئودغۇرمىش بۇ تەكلىپنى يەنە رەت قىلىپ تاشلايدۇ. ئىككى قېتىملىق تەكلىپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن، كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنى يەنە بىر قېتىم يولغا سېلىپ، زاھىد ئودغۇرمىشنى ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. زاھىد ئاران تەستە ماقۇل بولۇپ ئوردىغا كىرىدۇ. ئۇ ئوردىدا ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يۈزمۇيۈز ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ جەرياندا ھەر ئىككى تەرەپ مەكتۇپ يوللاش ۋە يۈزتۇرانە سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە تەشەببۇسلىرىنى تولۇق شەرھلەيدۇ، بىر-بىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ. بەس-مۇنازىرە كەسكىنلىشىپ، ئەسەردىكى زىددىيەتلىك توقۇنۇش كولمىناتسىيون نۇقتىغا كۆتۈرۈلىدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ مۇنازىرە مەركىزى مۇنداق ئۈچ مەسىلىگە يىغىنچاقلانغان:

1. رېئال دۇنياغا مۇئامىلە قىلىش. كىشىلەر رېئال دۇنـ
ياغا قارىتا ھەرخىل پوزىتسىيە تۇتىدۇ، كۆڭرى ئېقىمدىكىلەر
قىزغىن بولىدۇ، تەرەققىيپەرۋەرلەر پىسەنت قىلمايدىغان پوزىتسىيىدە
بولىدۇ. بۇددا دىنىدىكىلەر تەركىدۇنيالىق پوزىتسىيىدە بولىدۇ،
ئىسلام دىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان پوزىتسىيىدە بولىدۇ، مۇنداق
ئەھۋال يۇقىرىدىكىلەر بىلەنلا تۈگىمەيدۇ.

زاھىد ئودغۇرمىش رېئال دۇنياغا ئىنكار قىلىش، ۋاز
كېچىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇ دۇنيانى «پەقەتلا ئۆتكەن
كۆن بىلەن كەلگۈسى كۈننىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قونالغۇ»
(3634 - بېيىت)، ئۇ ئۆتكۈنچى، ۋاپاسىز، غىل - پال كۆرۈنۈش
قىلىپلا غايىب بولىدىغان نەرسە؛ رېئال دۇنيا دېگەن «جىنايەت
سورۇنى، زۇلمەت زىندانى»، «ياخشى ئىشلارنى قىلغۇزمايدۇ، (قىلىشقا) يول قويمايدۇ» (6153 - بېيىت) دەپ
كېلىپ، «ئېرىشىپ (يەنە) تاشلاپ كەتسە، جاھاننىڭ نېمە
كېرىكى؟ (شۇڭا) سەن ئۇنى تاشلا» (4739 - بېيىت) دەپ
نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەقەت باقىي ئالەملا مەڭگۈلۈك،
خۇشاللىق بىلەن لىق تولغان ماكان ئىدى. پەقەت پانىي
ئالەمدىن ۋاز كەچكەندىلا، ئاندىن باقىي ئالەمنىڭ ساۋابىغا
يەتكىلى بولاتتى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ۋەزىر بىر تەرەپ
بولۇپ، رېئال دۇنياغا نىسبەتەن ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولدى،
ئۇلار ئودغۇرمىشنىڭ پانىي ئالەمدىن ۋاز كېچىش، بارلىق ئارزۇ-
ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى تارتىش تەشەببۇسلىرىغا قارشى تۇردى،
ئۇلار «پانىي ئالەمدىكى بەختمۇ يامان ئىش ئەمەس» (3915 -
بېيىت)، «تىرىكلىك يولىنى ئۆزەڭگە ئاچچىق قىلما، بۇ كەڭ
دۇنيانى زورمۇ زور ئۆزۈڭگە تارلاشتۇرما» (3648 — 3649-

بىيىتلار) دەپ قارىدى. ئۇلار پانىي ئالەمدىن ۋاز كېچىش، ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ئۆزىنى تارتىش ئىنتايىن ئەخمىقانە قىلىق، ناۋادا مۇنداق ئىش كېڭىيىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى «دۇنيا خەلقى ھەممىسى شەھەر - كەنتنى تاشلاپ، رىيازەت چېكىپ تاغقا چىقىپ كەتسە، دۇنيا بۇزۇلۇپ، ھەممە يەر قۇرۇق قېلىپ، ئىنسان بالىسىنىڭ نەسلى تۈگىگەن بولاتتى» (3652 — 3653 - بېيىتلار) دېدى.

2. نەپسكە مۇئامىلە قىلىش. ئودغۇرمىش تەركىدۇنياچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان زاھىد. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىشتىھا، ھاۋايى - ھەۋەس، نەپسانىيەتچىلىك دېگەنلەر جىنايەتنىڭ مەنبەسى ئىدى. «(نەپس) ھەممىدىن يامانراق دۈشمەن» (5319 - بېيىت) ئىدى. ئۇ «ئاچچىق - چۈچۈك تائام گالنىڭ لەززىتىدۇر، گال لەززىتىنى قوغلاشقان كىشى ھايۋاندۇر» (4772 - بېيىت)، «دۇنيا تولۇقلۇقىنىڭ ھەممىسى ئاچلىقتۇر، راھىتى، شادلىقى بولسا جاپادۇر» (5317 - بېيىت) دېدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئادەمگە بولغان زىيىنى ھەممىدىن چوڭ ئىدى، «(ھاۋايى - ھەۋەس ۋە نەپس) ئىككىسى ئەرلەرنىڭ كۈچىنى يوق» قىلاتتى، «بۇنىڭغا كىم قۇل بولسا، ئازاب چېكىشكە مەجبۇر» بولاتتى. (6162 - بېيىت). ئودغۇرمىش ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنىڭ خۇشاللىقى، پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ شادلىقى پۈتۈنلەي ئازاب - ئوقۇبەت دەپ تونۇپ، جىسمانىي بەدەننى رەزىل دۈشمەن، ئادەمنى جىنايى تۈزاققا ئىلىندۇرىدىغان تور دەپ قارىغىدى. نەپسانىيەتچىلىكنى بولسا ئادەمنى جىنايەت يولىغا باشلايدىغان، ئادەمنى زەئىپلەشتۈرىدىغان بىر سەۋەب بىلدى. شۇڭا، ئۇ مال - بايلىققا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ: «بۇ دۇنيانىڭ مېلى دىنغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، نەزەر سالساڭ، مال - دۇنيا

يەلە دېنىنى يالماپ ـ يۇتىدۇ» (3539 ـ بېيت)، «بۇ دۇنيانىڭ
نەرسىلىرى زادى ياخشى ئەمەس، ئۇ كىمدە بولسا، خۇي ـ
پەيلىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ» (3562 ـ بېيت) دېدى.

كۆنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ۋەزىرمۇ نەپسىدىن
ئۆزىنى تارتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە،
نەپسىنى يىغىش سىياسىينىڭ پاكىز بولۇشىغا پايدىلىق ئىدى،
لېكىن، ئۇلار ئودغۇرمىشنىڭ تەركىدۇنياچىلىق تەشەببۇسلى-
رىغا قارشى تۇراتتى. شۇڭا، ئاش ـ تاماق ئادەملەرنىڭ ھاياتى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، نەپسى بولىدۇ،
يېمەك ـ ئىچمەكتىن لەززەتلىنىشنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، ھا-
ۋايى ـ ھەۋەس ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىش ئېھتىياجى، «خوتۇن
ئېلىش كېرەك، كۆپ ئوغۇل، قىز تۇغۇلۇشى لازىم. ئوغلى
يوق دېسە، بۇ ئەرگە سەت، ھاقارەتتۇر. ئۇرۇقنىڭ ئۈزۈلۈپ
قالماسلىقىنىڭ چارىسى ـــ خوتۇن (ئېلىش) تۇر» (3371 ـــ
3372 ـ بېيتلار)، ناۋادا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى زاھىد بولۇپ
كەتسە، ئىنسانىيەتنىڭمۇ ئۇرۇقى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ؛ نەپسانىيەت-
چىلىكمۇ ئودغۇرمىش ئېيتقاندەك جىنايەتنىڭ مەنبەسى ئەمەس،
پەقەت بايلىقنىڭ كېلىش يولى مۇۋاپىق بولسا، جايىدا ئىشلى-
تىلسە، ئالدىغا كەلگەن مال ـ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمىسە، قولدىن
كەتكەنگىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ، يۈزىنى پۈرۈشتۈرمىسە» (3446 ـ
بېيت)، ئۇنداقتا بۇ مال ـ مۈلۈك ئادەملەرگە يامانلىق پەيدا
قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇ كۆپ «ياخشىلىققا يول ئاچ-
قۇچى نەرسە» (3979 ـ بېيت) بولۇپ قالىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىش كېرەكمۇ ياكى تەركى-
دۇنيالىققا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ؛ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە
خىلاپلىق قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەلىپىگە
خىلاپلىق قىلىش كېرەكمۇ ياكى تەبىئەتكە ماسلىشىش، ئىنسان

تەبىئىتىگە ماسلىشىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىلەردە، مۇنازىرىگە قاتـ
ناشقان ھەر ئىككى تەرەپتە ناھايىتى چوڭ ئىختىلاپ مەۋجۇت بولدى.

3. باقىي ئالەمدىكى بەختكە بارىدىغان يولغا ئېرىشىش.

قەدىمدىن ھازىرغىچە نۇرغۇن ئادەملەر ئۇ دۇنيانىڭ مەۋجۇتـ
لۇقىغا ئىشىنىپ كەلدى. خرىستىيانلارنىڭ جەننىتى، بۇددا دىـ
نىنىڭ قىبلىياقتىكى پاراغەت ئالىمى، ئىسلام دىنىنىڭ جەننەـ
تۇلمەئۋاسى رېئال دۇنيادىكى قانچىلىغان بەختسىزلەرنىڭ
قەلبىگە ئۈمىد مەشئىلىنى ياقتى. ئۇلار رېئال دۇنيانىڭ
ئازابلىرى ئىچىدە جان تالىشىپ، غىڭ - پىڭ قىلماي بەرداشلىق
بېرىپ، ئۆلگەندىن كېيىن باقىي ئالەمدە ھەممىدىن خالاس
بولىدىغانلىقىغا، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچ
قىلدى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر ئىككىيلەن بىلەن
زاھىد ئودغۇرمىش ئارىسىدا خەيرلىك ئىش، كىشىلىك قاراش
قاتارلىق زور مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشتا ئوخشىماسلىق مەۋـ
جۇت بولسىمۇ، لېكىن باقىي ئالەمنىڭ بارلىقىغا شەك كەلتۈرمەسـ
لىكتىن ئىبارەت بىر نۇقتىدا، ئۇلاردا بىرلىك بار ئىدى.

لېكىن، باقىي ئالەمدىكى بەختكە قانداق يول بىلەن
ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە، ئۇلاردا ناھايىتى زور
ئىختىلاپ بارلىققا كەلدى.

زاھىد ئودغۇرمىش پانىي دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تاغـ
ئورمانلارغا يوشۇرۇنۇپ، شەخسنىڭ تائەت - ئىبادىتىگە يۆلىـ
نىپ دەرۋىشلىك قىلغاندىلا، باقىي ئالەمدىكى بەختكە ئېرىـ
شىشنىڭ يولىنى تاپقىلى بولىدۇ دەپ تونۇيتتى. بۇ ھەقتە
ئۇ: «ھەممە ئارزۇ - تىلەكلەرنى ئۈزۈمدىن نېرى قىلدىم»
(4728 - بېيىت)، «بۈگۈن (كى) ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى تاشلىـ
مىغۇچە، ئەتكى ياخشىلىققا ئىگە بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس»

(4736 - بېيىت) دېدى. ئۇ دۇئا - تىلاۋەت، دەرۋىشلىكنىڭ رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، بۇلارنى باقىي ئالەم ئۈچۈن ساۋاب تېپىشنىڭ ئۇسۇلى دەپ قارىدى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر تەرەپتىكىلەر دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىش، خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، دۆلەتتىكى ئاسايىشلىق، خەلقتىكى خاتىرجەملىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەڭ زور ياخشىلىق دەپ بىلدى. ئۇلار رېئال دۇنيادىكى ياخشىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى، ئۇلار «ساخاۋەتلىك ئىش، ياخشى ئەخلاق پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە بارىدۇ» دەپ چىڭ تۇردى. شۇ تۈپەيلى، رېئال دۇنيادا خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىش يولىدىكى ئىش قانچە كۆپ بولسا، باقىي ئالەمگە بارغاندا قولغا كېلىدىغان بەختمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ دەپ جەزم قىلدى.

بۇ ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر بىر - بىرىنى چەتكە قاقاتتى، بىر تەرەپ زاھىدلىق، دۇئا - تىلاۋەت باقىي ئالەم ئۈچۈن ساۋاب تېپىش، خەير - ساخاۋەت يەتكۈزۈشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ۋە يولى دەپ قارىدى؛ يەنە بىر تەرەپ رېئال ئالەمدە خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىش باقىي ئالەمنى دەپ ساۋاب تېپىشنىڭ ئەڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق يولى دەپ تونۇدى.

ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بەس - مۇنازىرىدە، كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ۋەزىر زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تەركىدۇنيالىق، دۇئا - تىلاۋەت بىلەن ساۋاب تېپىش تەلىماتىغا رەددىيە بەردى. ئۇلار: «قايسى بەندە ئىبادەتكىلا ئىشەنگەن بولسا، تەڭرىنى رازى قىلىش يولىغا ئېرىشەلمىدى» (3249 - بېيىت) دېدى، ئۇلار يەنە ئىبادەتنىڭ ھەممىسى ئۈنۈملۈك بولىۋەرمەيدۇ، «بىلىمسىز (تۇرۇپ) قىلغان

ئىبادەتتىن پايدا بولمايدۇ» (3216 - بېيىت)، بىلىمسىزنىڭ
قىلغان ئىبادىتىگە قارىغاندا، بىلىملىكنىڭ ئۇخلىغىنىنىڭ سا-
ۋابى يۇقىرىدۇر» (3225 - بېيىت) دەپ قارىدى. ئۇلار يەنە
«ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدىمە، بېگىڭنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدە،
بېگى ياخشى بولسا، بۇ خەلق ئۈچۈن پايدىلىق» (3267 -
بېيىت) دېدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىبادەت بىلەن بولۇپ
كېتىش، پائال تۇردە ياخشى ئىش قىلغانغا يەتمەيتتى. شۇڭا،
ئۇلار ياڭراق ئاۋازى بىلەن «قىلمىشىنىڭ ئۆزى ئىبادەت»
(3675 - بېيىت) دەيدىغان ھەيۋەتلىك شوئارنى ئوتتۇرىغا
قويدى.

مۇئەللىپنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ، تاغ - ئورمان-
لارغا مۆكۈنۈپ، ئۆزىگىلا كۆيۈنىدىغان، پەقەت شەخسىنىڭ بەخت
سائادىتى ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلىدىغان دىنىي ھەرىكەتلەرگە
بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇنىڭدىن سەسكەنگەنلىكى، مۇشۇ
يەردە تەلتۆكۈس ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

## ئۈچىنچى پاراگراف ئىككى تەرەپتىكى نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشى

### — بەس - مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى

ھەم قەلەم بىلەن، ھەم گەپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان
بۇ قېتىمقى جەڭدە، ئىككى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى دەلمۇ-
دەل مۇقابىل تۇردى، ھېچقايسى تەرەپ - بىر - بىرىگە يول
قويمىدى، ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئەيىبلىدى. بەس - مۇنازىرە
بىر مەھەل ئىنتايىن قەھرلىك بولدى. لېكىن، ئومۇمىي ھا-
لەتكە نەزەر سالساق، بۇ بەس - مۇنازىرىنىڭ تولىمۇ سىرلىق

ھالدا داۋاملاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز. مۇئەللىپ يۈسۈپ دەس-
لىپىدە بۇ بەس - مۇنازىرىنى دەبدەبىلىك تەرىزدە داۋاملاش-
تۇرۇۋېرىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر
يەرلىرىدىكى ئىككىلىنىش، زىددىيەت تۈپەيلى، ئۇنىڭ بۇ بەس-
مۇنازىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا كۈچى يەتمەي قالدى، مۇ-
نازىرىمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇنۇشى بويىچە ماڭمىدى. ئوت-
تۇرا باسقۇچتىن كېيىنكى مۇنازىرىنىڭ مەنتىقىلىكى روشەن
رەۋىشتە ئاجىزلىدى، ھەدېسىلا تەپەككۇردىكى قالايمىقانچىلىقلار
پەيدا بولۇپ تۇردى، مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسىمۇ كىتابخانلارنىڭ
كۈتكىنىدەك چىقمىدى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر زاھىد ئودغۇر-
مىش بىلەن تۈنجى مەرتىۋە تۇتۇشۇپ قالغان چاغدا، كۈن-
تۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ پىكىر نۇقتىسى روشەن،
دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق، گەپ - سۆزلىرى جانلىق، ھەيۋە-
تى زور ئىدى. زاھىد ئودغۇرمىش ئاران - ئاران ئۆرە تۇر-
غان، لېكىن زەربە بېرىش كۈچىنى يوقاتقان، ئاساسىي جە-
ھەتتىن قوغدىنىش ئورنىغىلا چۈشۈپ قالغان ھالەتتە ئىدى.
بىرىنچى قېتىملىق مۇنازىرىدە، كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش
تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى.

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ، ئودغۇرمىش-
نى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى نۆۋەت تاغقا چىققاندا،
ئىككىنچى نۆۋەتتىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ پەردىسى ئېچىلدۇ.
ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئاشكارا ئوت-
تۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇزۇن زامان تاغدا ياشىغان، دۇن-
يانىڭ ئىشىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن ئودغۇرمىش، ئۆگدۈلمىش
ۋەزىردىن تاغدىن چۈشۈپ ھاكىمىيەت ئىشى بىلەن شۇغۇل-
لانغاندا قانداق بىلىملەرگە ئىگە بولۇشنىڭ لازىملىقىنى سو-

رۋ ئۇربدۇ، ئۇنىڭدىن ئوردىدىكى قائىدە - يوسۇنلارنى ئەستا-
يىدىل سوراپ باقىدۇ. بۇ هال كىشىلەرگە زاهىد ئودغۇرمىش
كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىشكە قايىل بولغاندەك، دەرۋىشلىك
تۇرمۇشىنى تاشلاپ، تاغدىن چۈشۈپ خەلققە بەخت يارىتىشقا
رازى بولغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بىراق، ئۆگدۈلمىش هاكىمى-
يەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يوللىرىنى، دۆلەتنى ئىدارە
قىلىشنىڭ تەدبىرىنى، ئوردىدىكى قائىدە - يوسۇنلارنى، شۇنداقلا
هەر خىل مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىش ئەهۋالىنى ئاغزىغا تەگمەي تەپسىلىي
بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئودغۇرمىشتا قىلچە تەسىرلە-
نىش پەيدا بولمايلا قالماي، ئەكسىچە ئۇنىڭ باقىي ئالەمدىن
ۋاز كېچىش تەشەببۇسى تېخىمۇ چىڭىيىدۇ. ئۇ ئۆگدۈلمىشكە
ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبلەر تۈپەيلى پانىي ئالەمدىن ۋاز كېچىش،
پىنهان هالدا زاهىدلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشنى تاللىۋالغان-
لىقىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي سۆزلەيدۇ، رېئال
جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكنى هەممىدە ئۇنىڭ ئادەملەرگە
ئېلىپ كەلگەن خىلمۇخىل غەم - غۇسسىلىرىنى، قۇتۇلغىلى
بولمايدىغان بىر تالاي ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بىرمۇ بىر سا-
ناپ بېرىدۇ هەممە هەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆلۈمدىن نېرى
بولالمايدىغانلىقىنى، پانىي ئالەمدىكى شان - شۆهرەت، پايدا -
مەنپەئەتنى قوغلىشىپ يۈرگەندىن كۆرە، ئارزۇ - هەۋەسلەردىن
ئۆزىنى تارتىپ، زاهىدلىق ئۈستىدە ئەجىر قىلىپ، باقىي ئالەم-
دىكى ئەبەدىلىك بەخت ۋە پاراغەتنىڭ كەينىگە چۈشۈش
لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئودغۇرمىشنىڭ مەدداهلىقى، بولۇپمۇ ئۇ ساناپ چىققان
پانىي ئالەمدىكى تەڭسىزلىك ۋە غەم - غۇسسىلەر ئۆگدۈلمىشكە
قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، ئۇ «سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، زېهنىڭ بىلەن

چۈشەندىم، سۆزۈم تۈگىدى، ئەمدى سۆزۈڭگە كۆندۈم» (4875 - بېيىت) دەيدۇ. بۇ قېتىمقى مۇنازىرىدە، ئودغۇرمىش رېئال ھاياتلىقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئادەمنى قىينايدىغان، ئازابلايدىغان پاكىتلارنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ پانىي ئالەمدىن ۋازكەچكەنلىكىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆگدۈلمىشنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ، ئودغۇرمىش پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا يۆتكىلىدۇ.

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ قابىل ياردەمچىسى ۋە سىردىشى. ئۆگدۈلمىشنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ كۈنتۇغدىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇقەررەر ئىدى. كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ تەسىرىدە، ئودغۇرمىشنى تاغدىن چۈشۈپ ھاكىمىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلىش پىكرىدىن يانىدۇ، ئۇ ئۆگدۈلمىشكە: «بۇ قېرىنداشنىڭ تامامەن سەگەك ئىكەن، ئۇنى چاقىرىپ، بۇ يەرگە ئەكىلىشىمىز ناتايىن، بىز ئۆزىمىز ھەۋەسكە تۇتقۇنمىز، زامانلار ۋە كۈنلەر بىھۇدە ئۆتمەكتە» (4908 — 4909 - بېيىتلار) دەيدۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىگ زاھىد ئودغۇرمىشنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆگدۈلمىشنى ئۈچىنچى قېتىم ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى مۇددىئاسى ئۇنى تاغدىن چۈشۈپ ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن بولۇشقا قايتا تەكلىپ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئودغۇرمىشنى ئوردىغا چىللاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاش بولىدۇ. قايتا-قايتا زىيارەتتىن كېيىن، ئودغۇرمىش تاغدىن چۈشۈشكە ماقۇل بولۇپ، كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ ئودغۇرمىشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قاتتىق تەسىرلىنىدۇ، كۆزلىرىگە ياش ئالىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەسەردە: «ئىلىگ

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلىدى، دېدىكى: ئەي (غەپلەتتىن) ئويغاق، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى» (5397 - بېيىت)، «مەن توغرا يولدىن ئادىشىپتىمەن، ماڭا توغرا يولنى ئېيتىپ بەردىڭ. ئەي ئودغۇرمىش، ئەمدى ماڭا دۇئا قىل، ياخشىلىق يولىدا خۇدا ماڭا تەۋپىق بەرسۇن» (5400 — 5401 - بېيىتلار) دېگەن مىسرالار بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ بەس - مۇنازىرە كۈنتۇغدى بىلەن ئۆگدۈلمىش تەرەپنىڭ ئەڭ باشتىكى ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىشى، ئودغۇرمىش تەرەپنىڭ يېڭىپ چىقىشى بىلەن تۈگىگەندەك بولىدۇ. لېكىن، ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن كۆپ مۇرەككەپ بولىدۇ.

كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش تەرەپ، يۈزەكى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئودغۇرمىشنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە قايىل بولغاندەك بولىدۇ، ھەتتا رېئال دۇنيانى، پانىي ئالەمدىكى ھاياتلىقنى قارغاپ، ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ۋول ئۈزۈش ھەققىدە بەزى گەپلەرنى قىلىدۇ. لېكىن «دېگىنىمگە باقماي، قىلغىنىمغا باق» دېگەندەك، كۈنتۇغدى ئېلىك بىلەن ئۆگدۈلمىش ۋەزىر ئۈچ قېتىملىق مۇنازىرە تاماملانغاندىن كېيىن پانىي ئالەمدىن ۋاز كېچىدىغان، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە يوشۇرۇنىدىغان ئىشنى قىلمايلا قالماستىن، بەلكى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا پانىي ئالەمدىكى شان - شۆھرەت بىلەن ھەپىلىشىدۇ، خەلققە بەخت يارىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆگدۈلمىش ۋەزىر يەنىلا كۈنتۇغدى ئېلىگكە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يوللىرى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ قائىدىلىرى ھەققىدە ئۇلا سۆزلەپ، كۈنتۇغدى ئېلىگنى ۋۇشۇنى قايىتا تەرتىپكە سېلىش، ۋۇشۇنىڭ قۇدرىتىنى قايتا تىكلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن پانىي ئالەمدىن ۋول ئۈزىدىغان، ئارزۇ - ھەۋەس بىلەن

ئادا - جۇدا بولىدىغان مەنىسى قىلچىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ؛ كۆنتۇغدى ئىلىگىمۇ ئوخشاشلا كۆن بويى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولىدۇ، ھەتتا «ئىش ئۈستىگە ئىش توپلىنىپ، كۆزى يۇمۇلمايدۇ» (5499 - بېيىت)، ئۆزىنى مۇتلەق ھالدا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاتىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىكى ئېتىقادىمۇ تەۋرىنىش يۈز بەرمەيدۇ، ئۇلار باشتىن - ئاياغ دېگۈدەك باشقىلارغا بەخت كەلتۈرۈشنى، ئەلگە ئاسايىشلىق، خەلققە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىشنى ساخاۋەتلىك ئىش دەپ تونۇيدۇ.

ئودغۇرمىشنى ئالساق، بىر مەيدان بەس - مۇنازىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇرۇن ئۇ ئىزچىل ھالدا ئۆزىگىلا ياخشىلىق تىلەپ، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىشتەك ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولماي ئۆتكەن بولسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا كەلگەندە ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تۇساتتىن ئۆزگەرتىپ، باشقىلارغا بەخت يارىتىشنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگدۈلمىشكە ئېرىنمەي سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ: «قارا، كىشىلەرنىڭ سەرخىلى كىشىلەر ئۈچۈن پىدائىي بولىدۇ، سۆيۈملۈك جېنىنى قۇربان قىلىش (بەدىلىگە) كىشىلەرگە شادلىق تىلەيدۇ» (6100 - بېيىت)، «ئالتۇن - كۆمۈش ئۈلەشتۈرسىلا سېخىي بولىۋەرمەيدۇ، سېخىي جېنىنى خەلققە پىدا قىلغۇچىدۇر» (6106 - بېيىت) دەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆگدۈلمىشكە «ئۆز پايداڭنى كۆزلىمە، خەلق پايدىسىنى كۆزلە» (6098 - بېيىت)، «خەلقىڭنى شاد - خۇرام قىلغىن، ئەي ئالىم» (6099 - بېيىت) دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئىلگىرى تەرغىب قىلغان نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن مۇتلەق ئوخشىمايدۇ، ئەكسىچە بۇ سۆزلەر كۆنتۇغدى،

ئۆگدۈلمىشلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ. بۇ چاغدىكى ئودغۇرمىش ئىلگىرىكى پانىي ئالەمدىن ۋاز كېچىدىغان زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تەتۈرىسى بولىدۇ، ئۇ جان تەسلىم قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆگدۈلمىشكە پانىي ئالەمدىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنيا بولۇش، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەققىدە نەسىھەت قىلمايلا قالماي، بەلكى ئۇنى كۈنتۇغدى ئىلىگكە ياردەملىشىپ ئوردىدا جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ ھەممە مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىلا ئاللادىن ئۇنىڭغا ساۋاب تېپىش، تەۋپىق تېپىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇرۇن ئادەملەر ئارىسىدىكى سىياسىي ئىشلار ھەققىدە ھېچ نەرسىنى سورىمايدىغان زاھىد، مۇشۇ ئەسنادا ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، قانۇن - تۈزۈم توغرىسىدا، ئادىمىيلەرچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشكە سۆزلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئويغانغان ھالىتىنى نامايان قىلىدۇ.

«ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى، ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى»نى چۆرىدەپ قانات يايغان بۇ مۇنازىرە، كەسكىن تالاش - تارتىشتىن باشلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشى، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن تۈگەيدۇ.

## تۆتىنچى پاراگراف مۇنازىرىدىن كېلىپ چىققان بېشارەتلەر

«قۇتادغۇبىلىك»تە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئېتىكىلىق ئىدىيە توغرىسىدىكى چوڭ بەس - مۇنازىرە، ماھىيەت جەھەتتە كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى چوڭ بەس - مۇنازىرە ئىدى. ئۇ خۇددى بىر ئالتۇن

ئاچقۇچقا ئوخشاش، شېئىرىي ئەسەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ
قەلبىنى بىر - بىر ئېچىپ، كىتابخانىلارنى ناھايىتى راۋان
ھالدا 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەرخىل پېرسوناژ-
لىرىنىڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقىغا باشلاپ كىردى، كىتابخانى-
لارغا ئۇلارنىڭ ئىلتىجالىرىنى ئاڭلاتتى، كىتابخانلارنى ئۇلارنىڭ
دەردى ۋە شادلىقى، خۇشلۇقى ۋە قايغۇسىدىن خەۋەردار قىلدى،
ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى تېڭىرقاش ۋە زىددىيەتلەر ئۈستىدە
ئىزدىنىشكە يېتەكلىدى. كىشىلەر بۇ ئارقىلىق 11 - ئەسىر ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان
پەلسەپە قارىشى، ئېتىكا قارىشى، سىياسىي قاراش، دىنىي قار-
اشلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى كۆرۈۋالايدۇ،
شۇنداقلا بىزمۇ ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى،
گىگانت ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلگەن دەۋردىكى
ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكلەرنى ھەمدە مۇشۇ ئەسەرنىڭ
چوڭقۇر ئىچكى مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈ-
شىنىۋالىمىز ۋە تونۇپ يېتەلەيمىز.

11 - ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە سا-
ھەسى مىسلىسىز جانلانغان مەزگىل ئىدى. 840 - يىلى ئۇي-
غۇرلار كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندىن باشلاپ، «قۇتادغۇ-
بىلىك» مەيدانغا كەلگەن 1069 — 1070 - يىللارغىچە بولغان
قىسقىغىنا 200 يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئالەم-
نى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باش-
تىن كەچۈردى: تارقاق قەبىلە تۇرمۇشىدىن بىرلىككە كەلگەن
قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
ئۈچقاندەك راۋاجلىنىشى، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، قول
ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن سودا - تىجارەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى،
بوستانلىقلاردىكى شەھەر - قەلئەلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى...

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ روناق تېپىشى ئۇنىڭدىكى ئۇستقۇرۇلمىغا مۇقەررەر ھالدا تەسىر كۆرسىتەتتى؛ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش، مۇقەررەر يوسۇندا ئىجتىما- ئىي ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرەتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولغان ۋاقىت، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مىسلىسىز گۈللىنىش، جانلىنىش پەيدا بولغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى.

غايەت زور ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋرى، كىشىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى قوزغاتتى. رەڭگارەڭ رېئال ھايات، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئۇدۇل قاراشقا قىزىقتۇر- دى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىدىكى غايەت چوڭ ئۆزگىرىش، ئۇلارنىڭ قىممەت يۆنىلىشىگە ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. كىشىلەردىكى غايەت زور ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋرى تۈپەيلى قوزغالغان ئاكتىپلىق، ئۇلاردىكى ئىجادكارلىق كۈچ ھەمدە بىرلىككە تەقەززا بولغان كوللېكتىپلىق ئاڭ بىلەن دۇنياغا پاسسىپ مامىلىشىدىغان، جان ساقلاشنىڭ كويىدىلا بولىدىغان ئەنئەنىۋى دىنىي ئاڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇ- نۇش يۈز بەردى. ئۇنىڭ بىر تەرىپى يېڭىدىن باش كۆتۈر- گەن دىنىدىن خالىي كۈچ، يەنە بىر تەرىپى كونسېرۋاتىپ دىنىي تەسىر ئىدى؛ بىر تەرىپى ئادەملەرنى پائال رەۋىشتە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە، ھاياتقا تىك قاراشقا، جەمئىيەتنى ئۆز- گەرتىش ئەمەلىيىتىگە قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىشقا ئىلھاملان- دۇراتتى، يەنە بىر تەرىپى رېئال دۇنيادىن زېرىككەن، چۈشكۈنلەشكەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئادەملەرنى باقىي ئالەمدىن ئۈمىد كۈتۈشكە ئۈندەيتتى.

«قۇتادغۇبىلىك»تە تەسۋىرلەنگەن كۈنتۇغدى ۋە ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش ئارىسىدىكى مۇنازىرە

ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئەسەر تەرىپىدىن ئېچىپ بېرىلگەن زىددىيەت، توقۇنۇش، ماھىيەتتە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى كونا - يېڭى كۈچلەر ئارىسىدىكى ئېلىشىش ۋە كۆرەشنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ئىدى.

يۈسۈپ يالغۇز بۈيۈك شائىرلا ئەمەس، ئۇ شۇنداقلا يىراقنى كۆرەلەيدىغان مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇ بۇ ئىككى خىل كۈچ ئارىسىدىكى ئېلىشىشنى ۋە كۆرەشنى تولىمۇ سەزگۈر ھالدا بايقىدى ھەمدە بايرىقى روشەن ھالدا دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قەلىمىگە تۆكتى، ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشتۈردى. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆت نەپەر ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ ئىچىدىكى ئۈچەيلەن يەنى كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئايتولدى ۋەزىر، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر ئەلنى گۈللەندۈرۈپ، دۆلەتنى تۈزەيدىغان، سەممىيلىك بىلەن خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان ئوبراز ئىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ ئۆز كىتابى ئىچىگە چوڭ بەس - مۇنازىرىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم كۆرۈنۈشنى مۇنچە ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى مەقسەت، ئۆزى ياراتقان سۆيۈملۈك پېرسوناژ — كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىشلەرگە مۇشۇ مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنى تولۇق شەرھلەش ئىمكانىيىتى بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى، ھالبۇكى كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىشلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ۋە تەشەببۇسلىرى، ئوخشاشلا شائىر يۈسۈپنىڭ ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ۋە تەشەببۇسى ئىدى. گەرچە «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇ شېئىرىي ئەسەردە يەنىلا ئاز بولمىغان چۈشكۈنلۈك، مەيۈسلۈك فونوگراممىلىرى

بولغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئەسەرگە ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر ئاغدۇرۇپ شۇنى كۆرەلەيمىزكى، شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلغان چاغدا، ئۇنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە يېڭى كۈچلەر ھەققىدىكى يۇقىرى ئاۋازلىق مەدھىيە، يېڭى دەۋر ھەققىدىكى غايىۋى ناخشا قىلىپ يېزىپ چىقىشقا ئۇرۇنغانىدى.

بىراق، تارىخ ئادەملەرگە كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىغان جايلارنى خېلى كۆپ قالدۇرۇپ كەتتى. 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەم گۈللەپ راۋاجلانغان، ھاياتىي كۈچ بىلەن تولۇپ تاشقان، ئادەمگە شىجائەت بېغىشلايدىغان، ئادەمنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان ۋە ئارزۇ - ئارمان بىلەن پۈركەيدىغان تەرىپى بار ئىدى، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدا يەنە ھەققەتەنمۇ ئادەمنى غەم - ئەندىشىگە سالىدىغان، مەيۈسلەندۈرىدىغان، ھەتتا ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بىر تەرەپمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئارىسىدىكى جەڭلەر ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋاتاتتى، ئوردا ئىچىدىكى تالاش - تارتىش ۋە ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە ئىدى، ئوردىدىكى ھاكىمىيەت ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، يالت - يۇلت قىلىپ تۇرغان قىلىچ، خەنجەرلەر ئاۋام خەلقنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى، يۇقىرى - تۆۋەننى ئاھۇ پەريات قاپلىغانىدى.

يۈسۈپ 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى، ئۇنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسى ۋە كىشىلىك قارىشىنىڭ ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋردىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ غايىپەرەس ئىدى، قىزغىنلىق، ھاياتنى سۆيۈش، تولۇپ تاشقان ئىنسانپەرۋەرلىك روھ، تۇرمۇشقا بولغان گۈزەل ئارزۇ - ئارمان ۋە ئۈمىد، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپتىكى كىشىلىك قاراشنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى ئىدى. لېكىن رېئال تۇرمۇش، مۇنداق

گۈزەل، مۇنداق يېقىملىق مۇزىكىدەك بولالمايتتى، قىرغىنچى-
لىق، قان ئېقتىش، ۋەھشىيلىك، ھىيلە - مىكىر، ساختىلىق،
تەڭسىزلىك ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقاتتى. رەھىمسىز رېئال-
لىق ئۇنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىنى پاچاق - پاچاق قىلىپ تاش-
لىدى، ئۇنىڭ ئوتتەك قىزغىن قەلبىگە مۇزدەك سوغۇق سۇ
چاچتى، ئۇنىڭ ئارزۇ، ئۈمىدلىرىنى يەتكىلى بولمايدىغان نەر-
سىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىسلام دىنىنىڭ سادىق مۇرىتى بولغان،
پېشى بىر يەرگە بارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، ھەدېسىلا
ئۆلۈم تەھدىتىگە دۇچار بولۇپ تۇرغان بۇ بوۋاي، بەزى ھال-
لاردا تەقدىرچىلىك، رېئاللىقتىن قاچىدىغان پاسسىپ، چۈش-
كۈن ئىدىيىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى قاتارلىقلاردىن قۇتۇلالمىدى. بۇ-
نىمۇ يۈتۈنلەي چۈشەنگىلى بولاتتى.

شائىر يۈسۈپ دەۋرنىڭ ئويناق ھاياتىي كۈچىدىن تە-
سىرلەنگەن، غايىۋى دۆلەت بىنالىرىنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن
بەنت بولغان، ھاياتقا نىسبەتەن ئارزۇ - ئارمانلارغا لىق تولغان
چاغلاردا، ياشلىق باھارى كۆۋەجىگەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ
تۇرغان شاھزادە ئىدى؛ ھالبۇكى، دەۋرنىڭ ئىللىتىدىن يۈرەك
باغرى لەختە - لەختە قان بولغان چاغلاردا، ئېغىر يۈكتىن بەل-
لىرى پۈكۈلگەن، تەقدىرگە بويسۇنغان بوۋاي بولۇپ قالدى.
«قۇتادغۇبىلىك»تىكى بەزى ئۆزئارا زىددىيەتلىك جايلارنىڭ
پەيدا بولۇشى، كۆنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشلارنىڭ
ئاجايىپ قالتىس مۇنازىرىلىرى ئەمدىلەتتىن باشلانغاندا، ئىككى
تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ياسىشى،
شۇنداقلا شېئىرىي ئەسەردىكى بەزى مەنتىقىلىك تەپەككۇرلار-
نىڭ قالايمىقان بولۇپ كېتىشى، شائىرنىڭ ئۆزىدىكى ئىدىيىۋى
قايمۇقۇشنىڭ ئەسەردىكى ئىنكاسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دەۋر-
نىڭ ئۆزىدىكى قايمۇقۇشنىڭ ئەسەردە ئەكس ئېتىشىدىن ئىبا-

رەت. يۈسۈپتىكى قوش خاراكتېرنىمۇ دەۋر بارلىققا كەلتۈرگەن، بىزنىڭ شائىردىن ھەددىدىن زىيادە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشقا ھەققىمىز يوق.

كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش، زاھىد ئودغۇرمىش ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى چوڭ بەس-مۇنازىرە، ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. لېكىن، كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئۇنى دىنىي مەزھەپلەر ئارىسىدىكى كۈرەش نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلدى. ئودغۇرمىشنىڭ ئوبرازىنى سوپى مەزھەپدىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىدى، كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىشلەرنىڭ ئوبرازىنى ئەنئەنىۋى سۈننىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ، ئۇلار ئارىسىدىكى كۈرەشنىمۇ ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپ كۈرىشىنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى ئىنكاسى دېيىشتى.

بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلغىلى بولمايدۇ. ئۇ يالغۇز بىر تەرەپلىمە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىمۇ تولۇق ئەمەس. دۇرۇس، ئودغۇرمىشنىڭ ئوبرازى ھەقىقەتەنمۇ خېلى تىپىك دىنىي مۇخلىسنىڭ ئوبرازى. لېكىن، دىنىي مۇخلىسلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىدە دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا دىنىنىڭ قائىدىلىرى بولۇۋەرمەيدۇ. پەقەت بۇ مۇنازىرىنى شۇ چاغدىكى دەۋر ۋە جەمئىيەت ئىچىگە قويۇپ تەكشۈرىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغانلا بولساق، ئاندىن بۇ بەس مۇنازىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيمىز، بۇ بەس مۇنازىرىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلەيمىز.

## يەتتىنچى باب پېرسوناژلار ھەققىدە بايان

«قۇتادغۇبىلىك»تە تۆت نەپەر باش قەھرىمان بولۇپ،
ئۇلار پادىشاھ كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئايتولدى، ئايتولدىنىڭ ئوغ-
لى ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىش قاتارلىقلار. ئەسەردىكى بۇ پېر-
سوناژلار ھەم جىسمى بار، ھەم جېنى بار، ھېسسىياتى ۋە ئار-
زۇ - ئىستەكلىرى بار، خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرى بار ئادەملەر.
ئۇلارنىڭ دىققەت قىلىدىغىنى ئەتراپىدىكى ئۇششاق - چۈششەك
ئىشلار ۋە ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇسى ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ
ئىگىلىكى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئىنسانچىلىقنىڭ يوللىرى دېگەن-
گە ئوخشاش چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان
مەسىلىلەردە ئۇلار خېلى باش قاتۇرىدۇ ۋە مۇستەقىل پىكىر
قىلىدۇ، ئۇلار مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار، ئۇلار 11 - ئەسىر-
دىكى ئىنسانلارنىڭ سەرخىللىرى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ پېرسوناژلار ھايات
دېسىلا يۈگۈرۈپ چىقىدىغاندەك جانلىق، راۋۇرۇس ۋەزنى بار ھەقى-
قىي ئادەملەر، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يەنە يۈكسەك دەرىجىدە ئابست-
راكتلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئۇقۇملارنىڭ سىمۋولى. مۇنداقچە ئېيتقاندا،
«قۇتادغۇبىلىك» تىكى پېرسوناژلار ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە، ئۇلار
ھەم ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەۋجۇت ئادەملەر، ھەم ئىنسانىيەتنىڭ
ئابستراكت تەپەككۇرى جەريانىدىكى مەلۇم كۆز قاراشنىڭ نامايەن-
دىسى. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش-
تىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى دەل مانا شۇ يەردە.

شائىر يۈسۈپ ئەسەردىكى تۆت نەپەر باش قەھرىمانىنى

ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ياراتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئات قويىدى. ئۇ، «بۇ كۈنتۇغدى دېگىنىم قانۇن، ئادالەتتۇر، ئايتولدى دېگىنىم بەخت - سائادەتتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆگدۈلمىشنى سۆزلىدىم، ئۇ ئەقىل - ئىدراكنىڭ نامى بولۇپ، كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئودغۇرمىشتۇر، ئۇنى ئۆزۈم ئاقىۋەت دەپ تەرىپلىدىم.» (355 - بېيىتتىن 357 - بېيىتقىچە) دەپ يازدى.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇقەددىمىسى داستاندىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدىكى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئىزاھلىدى ۋە ئۇلارغا باھا بەردى. بۇ ھەقتە نەسرىي مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلدى: «بۇ ئەزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ، قىممەتلىك ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىنغاندۇر: بىرى — ئادالەت، ئىككىنچىسى — دۆلەت، ئۈچىنچىسى — ئەقىل، تۆتىنچىسى — قانائەت. يەنە (ئۇنىڭ) ھەر بىرىگە بىر تۈركچە ئات قويغان: ئادالەتكە ‹كۈنتۇغدى ئېلىگ› (دەپ) ئات بېرىپ، پادىشاھ ئورنىغا قويۇلغان؛ دۆلەتكە ‹ئايتولدى› (دەپ) ئات بېرىپ، ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛ ئەقىلگە ‹ئۆگدۈلمىش› (دەپ) ئات بېرىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان؛ قانائەتكە ‹ئودغۇرمىش› (دەپ) ئات بېرىپ، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى، دەپ ئېيتقان. يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە، سوئال - جاۋابلارغا ئوخشاش سۆزلەر سۆزلەنگەندۇر.» نەزمىي مۇقەددىمىسىدە بولسا مۇنداق دېيىلدى:

يەنە بۇ كىتابنىڭ بايانىنى دەر،
بۇنى تۆت ئۇلۇغ ئۇل ئۈزرە ئۇ تۈزەر؛

بىرى، توغرۇلۇق ئۈزرە ئادالەت ئېرۇر،
ئىككىنچىسى، دۆلەت ۋە ئىقبال تۇرۇر.

ئۆچىنچى، ئەقىلدۆر ئۇلۇغلۇق بىلە،
تۆتىنچى، قانائەت، ئاپىيەت ئىلە.

بۇنىڭ ھەر بىرىگە بېرىپ باشقا نام
ئاتاپ باشقا ئات بىرلە قىلمىش تامام.

ئادالەتنى كۈنتۇغدى ئىلىگ ئاتار،
ئۇنى كۆز، بۇ شاھلىق ئورۇندا قويار.

بۇ ئايتولدى دۆلەت ئاتالدى كونى،
ۋەزىرلىك ئورۇندا تۇتار ئۇ مۇنى.

ئەقىلنى ئاتاپ ئۇ دېدى ئۆگدۈلمىش،
بۇنى ئۇ ۋەزىرنىڭكى ئوغلى دېمىش.

قانائەتكە ئودغۇرمىش ئاتىن بېرىپ،
بۇنى ھەم ۋەزىرنىڭ يېقىنى قىلىپ،

بۇنىڭ ھېكمەتىن، كۆر، مۇشۇ تۆت ئۆزە،
كىتابنى تۈگەتكەن بۇلارنى تۈزە.

قەدىمكى مۇقەددىمىلەرنىڭ ئاپتورى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆت نەپەر قەھرىمان شۇنداقلا ئۇلار سىمۋول قىلىنغان تۆت خىل كۆز قاراشقا نىسبەتەن ناھايىتى ئېنىق ھەم چوڭقۇر تونۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ناھايىتى ئىنچىكە بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، داستاندىكى تۆتنەپەرپېرسوناژغا مۇجەسسەملەنگەن تۆت خىل كۆز قاراش —

مۇشۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى بىنا قىلىپ تۇرۇۋاتقان «تۆت ئۇلۇغ، قىممەتلىك ئۇل» ئىدى، شۇنداقلا، بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى زاھىر قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەسەردىكى تۆت نەپەر باش قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى بىر-بىرلەپ ئوپېراتسىيە قىلىپ چىقىش بىزنىڭ بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## بىرىنچى پاراگراف پادىشاھ كۈنتۇغدى — ئادالەتنىڭ سىمۋولى

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆت قەھرىمان ئىچىدە، پادىشاھ كۈنتۇغدى ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بىردىنبىر پېرسوناژ. ئۇ خۇددى بىر تال يىپتەك باشقا پېرسوناژلارنى باغلاشتۇرۇپ، ئەسەردىكى ھەممە كۆرۈنۈشلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئەسەردە مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولغاچقا، باشقا پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن دېگۈدەك شۇنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئۇلار پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ بايان قىلغان كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلىرىنى ئاڭلايدۇ، پادىشاھ كۈنتۇغدى ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ.

پادىشاھ كۈنتۇغدى شائىر يۈسۈپ تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان غايىۋى دۆلەتنىڭ غايىۋى پادىشاھى. شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پادىشاھ كۈنتۇغدى ئوتتۇرا بويلۇق، سۇباتلىق كىشى. ئۇ، ئەقىللىك، بىلىملىك، مۇلايىم، روھلۇق، زېرەك ۋە قابىلىيەتلىك. ئۇنىڭ ئالدىغا كۆرۈنۈش قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل بولىدۇ، ئۇنىڭغا قول قويىدۇ.

پادىشاھ كۈنتۇغدى «قۇتادغۇبىلىك» تە، «ئادىل قانۇن»نىڭ

سىمۋولى. شائىر يۈسۈپ ئەسەر تېكىستىنىڭ مۇقەددىمىسى (11 باب) تا: كۈنتۇغدىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنى يۇقىرىدىكىدەك تونۇشتۇرىدۇ، كۈنتۇغدى ئۆزىنى باشقىلارغا: «مەن ئادالەت (ۋە) قانۇنمەن» (800-بېيىت) دەيدۇ.

شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، ياخشى قانۇنلارنى تۈزۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش، ھەققانىي بولۇش، پەزىلىتى دۇرۇس بولۇش — بۇ دانىشمەن پادىشاھنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى ئىدى. مۇشۇنداق دانىشمەن پادىشاھ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغاندىلا، ئاندىن دۆلەت ئۇزاققىچە ئاسايىشلىق تاپاتتى، خەلق ئاممىسى خاتىرجەم ھايات كەچۈرەتتى.

شائىر يۈسۈپ قانۇن-تۈزۈمنىڭ دۆلەتنى تۈزەشتىكى مۇھىم رولىنى قاتتىق تەكىتلىدى. قانۇن — ھەق-ناھەقنى ئۆلچەشنىڭ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىشنىڭ ئاساسى، خەلقنى قوغداپ، بۇزۇقلارنى باستۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى ئىدى. دۆلەتتە قانۇن بولغاندىلا، ئاندىن تەرتىپ تىكلىنەتتى، لېكىن مۇئەللىپ بۇ يەردە يەنە قانۇن ياخشى قانۇن ۋە يامان قانۇن دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، پادىشاھ مۇستەبىت بولۇپ، يامان قانۇن تۈزۈپ، زوراۋانلىق قىلسا، ئەلگە ۋە خەلققە ئاپەت ياغىدۇ، پادىشاھ مېھىر-شەپقەتلىك بولۇپ، ياخشى قانۇن تۈزسە، دۆلەت روناق تېپىپ ئەل مۇستەھكەملىنىدۇ دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق دەپ يازدى:

زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز يۈرۈت، خەلقنى ئاسرا ھامان.

ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزسلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمەپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

كۆپ ئوردا بۇزدى زالىم زۇلۇم بىلە،
تىرىك ئۆلدى ئۇ ئاخىر ئاچلىق ئىلە.

تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى يۈرۈتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.

(2032 — بېيىتتىن 2036 - بېيىتقىچە)

ياخشى قانۇن—خەلقنى قوغداپ، يامانلارنى جازالايدىغان قانۇن، ئىدى. شۇڭا پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋەزىر ئايتولدىغا ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە مىجەزىنى بايان قىلغاندا قولۇمدىكى بۇ خەنجەر—پىچاق كېسىدىغان، پىچىدىغان (قورال) دۇر، مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىمەن، پىچىمەن، دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ (ئىشىنى) ئۇزارتمايمەن. شېكەر—زورلۇققا ئۇچراپ، ئىشكىمىگە كېلىپ، مەندىن ئادالەت تىلىگەن كىشى ئۈچۈندۇر. ئۇ كىشى شېكەردەك لەززەت بىلەن قايتىدۇ، سۆيۈنچ تېپىپ، چىرايى ئېچىلىدۇ. زەھەر ئۆتىنى ئۆزى زوراۋان، ھەقىقەتتىن تەزگەن كىشىلەر ئىچىدۇ. (ئۇلار) جاڭجاللىشىپ ماڭا كەلسە، مەن ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلسام، زەھەر ئىچكەندەك ئازابلانغانلىقىنى كۆرىمەن.» (810 - بېيىتتىن 815 - بېيىتقىچە) دېگەنىدى. بۇ يەردە پادىشاھ كۈنتۇغدى «قانۇن»نى خەنجەرگە ئوخشاتتى، خەنجەرنى دەۋالارغا ھۆكۈم قىلىدىغان قورال دەپ قارىدى. يەنى ئۇ قانۇن ئارقىلىق ئەلنى تۈزەش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ يەنە شېكەر ۋە زەھەرلەرنى ئوخشىتىش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۆلچىمىنى، يەنى گۇناھسىز پۇق-

رالارنى قوغداش، ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ ھەددىدىن ئاشقان يامانلارنى قاتتىق جازالاش قاتارلىقلارنى بايان قىلىدى. بۇ دەرۋەقە ياخشى قانۇننىڭ بەلگىسى ئىدى.

ياخشى قانۇننىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە مۇھىم، ئەمما ئىجرا قىلىنمىسا، ياخشى قانۇنمۇ قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى-دە، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ رولىنى جارى قىلدۇرالمايتتى شۇڭلاشقا، ياخشى قانۇنلارنى تۈزگۈچى پادىشاھنىڭ ئادالەتپەرۋەر بولۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش-قىلالماسلىقى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شائىر يۈسۈپ بۇ نۇقتىنى ھەقىقەتەن تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۈنتۇغدىنىڭ ئادالەتنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. ئادالەتنىمىنى كۆزدەتۇتىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنى ئەڭ ئالدى بىلەن دەل قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش ئىدى. پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۆزىنىڭ سۆھبەت دىئالوگلىرىدا، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ «مەن ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ھەل قىلىمەن، كىشىلەرنى بەگ تائىپىسىدىن، قۇل تائىپىسىدىن دەپ ئايرىمايمەن» (809 - بېيىت). «مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم-تونۇشۇم بولسۇن، مەيلى يولۇچى، ئۆتكۈنچى ياكى مېھمان بولسۇن، قانۇن ئالدىدا ھەرئىككىلىسى مەن ئۈچۈن بىردەك، ھۆكۈم قىلغاندا، (ھېچبىرى) مەندە پەرق تاپالمايدۇ. بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق-ئادالەتتۇر، بەگلەر ئادىل بولسا، ھاياتتا (ھالاۋەت) بولىدۇ. ئەقىللىك كىشى بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ شۇنداق بىر سۆز ئېيتقان، كىمكى ئاقىلنىڭ سۆزىنى (ئېسىدە) تۇتسا، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ: بەگلىكنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت يولىدۇر. بەگ ئەلگە قانۇن يۈرگۈزسە ۋە ئادىل بولسا، ئىستىگەن ئارزۇ-تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ» (817 - بېيىتتىن 822 - بېيىتقىچە) دېگەنىدى.

شائىر يۈسۈپچە بولغاندا، پادىشاھنىڭ ئادالەتپەرۋەر بولۇش - بولالماسلىقى، ئۇنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش - قىلالماسلىقى، پادىشاھتىن ئىبارەت بىر شەخسنىڭ خۇسۇسىي پەزىلىتى بولماستىن، بەلكى ئۇ دۆلەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ياكى زاۋاللىقىغا يۈزلىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ «قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇن يولغا قويسا، ئېلىنى روناق تاپقۇزىدۇ ۋە يورۇق كۈنگە يەتكۈزىدۇ» (2017 - بېيىت)، ئەكسىچە قايسى پادىشاھ زوراۋانلىق قىلىپ يامان قانۇن يولغا قويسا، ئېلىنى خاراب قىلىدۇ» (2024 - بېيىت) دەپ كۆرسەتتى.

«ئادالەت»نىڭ يەنە بىر مەنىسى تۈز كۆڭۈل بولۇش ئىدى. ۋەزىر ئايتولدى پادىشاھ كۈنتۇغدىدىن تۈز كۆڭۈللۈك قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پادىشاھ كۈنتۇغدى تۈز كۆڭۈللۈك — تىلى بىلەن دىلى بىر بولۇش، ئىچى - تېشى ئوخشاش بولۇش، كىشىگە سەممىي بولۇش، كەڭ قورساق بولۇش دېگەنلىكتۇر، تۈز كۆڭۈللۈك ئادەمگەرچىلىك دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پادىشاھلار تۈز كۆڭۈل بولۇپ، ئىشنى دۇرۇس قىلسا، ئادىل بولسا، پۇقرالارنى ئاسرىسا، ئىنسانىي مىجەزگە باي بولسا، تۆۋەندىكىلەر ئۈلگە ئالغۇدەك ئىشلىسە، يوللۇق ئىش قىلسا ئۇنىڭ سىياسىتى چوقۇم سۈزۈك بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

شائىر يۈسۈپ مۇشۇنداق قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھقا «كۈنتۇغدى» دەپ ئات قويىدى. «كۈنتۇغدى» دېگەن ئىسىمنىڭ قوش مەنىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، پادىشاھنىڭ ياخشى قانۇنى خۇددى قۇياشقا ئوخشاش، ئۇنىڭ نۇرى «بارچە خەلق ئۈچۈن بىردەك»، «چىققان كۈن ياخشى ياكى يامان دېمەيدۇ، ھەممىگە بىردەك يورۇقلۇق بېرىدۇ، ئۆكسۈپ قالمايدۇ» (831 - بېيىت) دېگەنلىك ئىدى. چۈنكى پادىشاھنىڭ ئادىل،

تۈز پەزىلىتى خۇددى قۇياشقا ئوخشاش تولۇق بولۇپ، مەڭگۈ
كېمەيمەيتتى. يەنە بىر ياقتىن كۈنتۇغدىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ
ئىسمىنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن دەلمۇ دەل بولۇپ، ئۇ قانۇن
ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى ئىدى.
شائىر يۇسۇپنىڭ قانۇن - تۈزۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە
پادىشاھلارنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيە-
تىنى تەكىتلىشى ئۇنىڭ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قى-
لىش تەشەببۇسىدا ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرىدا
قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇنچىلىرىنىڭ بەزى تەشەببۇس-
لىرى بىلەن ئوخشايدىغان جايلار بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇرۇش-
قاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى قانۇنچىلارنىڭ ۋەكىلى شېن داۋ (تەخ-
مىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 395 -يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 315-
يىلغىچە) دۆلەتنى تۈزەشتە قانۇننى ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىش-
نى تەكىتلىگەن، پادىشاھلارنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بىلەن تۈزەش-
نى يولغا قويۇشنىڭ كۆچى دەپ قارىغانىدى. ئۇ يەنە ھۆكۈم
قىلىشتا قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بو-
لۇش دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە «ئەمەلدارلار تۇغقاندار-
چىلىقنى نەزەردە تۇتماسلىقى، قانۇندا يېقىن - يىراق دەپ
ئايرىماسلىقى، يۇقىرى - تۆۋەنگە باراۋەر بولۇشى، پەقەت قا-
نۇنىلا ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشى كېرەك» («ۋەزىر - ۋۇزرالار»)
دېگەننى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇيغۇر شائىرى يۇسۇپنىڭ پا-
دىشاھ كۈنتۇغدى ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلەرگە دېمەكچى بول-
غانلىرىمۇ مۇنداق ئۈچ نۇقتىنىڭ يەنى ئۇلار، قانۇن بىلەن دۆ-
لەتنى تۈزەشتە، پادىشاھلار — قانۇننى تۈزەيدىغان ۋە قانۇننى
ئىجرا قىلىدىغان ھالقىلىق شەخسلەر، پادىشاھلار قانۇننى ئىجرا
قىلىشتا ئادىل بولۇشى كېرەك، يېقىن - يىراق كىشى بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش لازىم دېگەنلەرنىڭ

سىرتىغا چىقىپ كەتمىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇنچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان شېن داۋنىڭ تەشەببۇسلىرىغا بەكمۇ يېقىن ئىدى.

بۇنداق يېقىنلىشىپ قېلىش تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى. شېن داۋ قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قانۇنچىلار ئىقتىمنىڭ قانۇن بىلەن تۈزەش نەزەرىيىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىنىڭ فېئودالىلىشىشىنى تېزلىتىپ، چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەزھاكىممۇتلەقلىك قىلىدىغان فېئودالىق دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. قانۇنچىلار ئىدىيىسىنىڭ گۈللىنىشى فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ئاساسەن تەڭ قەدەمدە بولدى، قانۇنچىلار ئىدىيىسى فېئودالىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم تەرەققىي قىلىشى بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولدى. ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپنىڭ ياشىغان دەۋرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېن داۋ ياشىغان دەۋر بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى. ئۇ ۋاقىت، ئۇيغۇر مىللىتى يايلاقتىكى كۆچمەن تۇرمۇشتىن دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشنى ئەمدىلا تاماملىغان، قەبىلىلەرنىڭ تارقاقلىشىپ ئولتۇرۇشىدىن بىرلىككە كەلگەن قاراخانىلار فېئودال سۇلالىسىنى قۇرۇۋاتقان، چارۋىدارلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋىتى پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلارنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋىتىگە قاراپ يۈزلەنگەن، فېئودالىق يەر مۇناسىۋەتلىرى شەكىللىنىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقان چاغ ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، فېئودالىق يەر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى فېئوداللىشىش جەريانىنىڭ تېزلىشىشى ۋە مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ كۈچەيتىلىشىگە قاتتىق تەقەززا بولۇۋاتقانىدى. شائىر يۈ-

سۈپنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەشەببۇسى مانا مۇشۇنداق دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا مەيدانغا كەلدى، ئۇ قانۇننىڭ كۈچى ئارقىلىق قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت بۇ ھارۋىسىنى توغرا يولغا سېلىپ، ئۇنى پېئوداللىشىش يولىدا تەرتىپ بويىچە چاپتۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەشەببۇسى يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇشمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى كۈنتۇغدى ئوبرازى شۇنىڭدەك بۇ ئوبراز سىمۋوللۇقىدىكى قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئادالەت كۆزقارىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچۈپ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە — دېھقانچىلىق پېئوداللىق سۇلالىسى دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، شائىر يۈسۈپنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەشەببۇسى گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇنچىلار ئېقىمىنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرىغا ئىنتايىن يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتى ياشاۋاتقان تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغان خەنزۇ خەلقى تۇرمۇشىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى زادىلا ئوخشىمايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قانۇنچىلار ئېقىمىنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭمۇ تامامەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش لازىم دەپ قاتتىق تەكىتلىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغان - قوغدىمىغانلىق ياخشى قانۇن بىلەن يامان قانۇننى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ قانۇنچىلىق تەشەببۇسىدا كۆزگىنچىلارنىڭ سا-

خاۋەتلىك بولۇش پۈردىقى بىرقەدەر روشەن ئىدى. ئۇ، قانۇن
بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەندە،
دۆلەتنى ئەخلاق بىلەن تۈزەشنىڭ مۇھىملىق رولىنىمۇ سەل
قارىمىدى، ئۇ قانۇن ئارقىلىق تۈزەش بىلەن ھىممەت ئارقى-
لىق تۈزەشنى بىر گەۋدە قىلدى، ئۇنىڭ قانۇنچىلىق تەشەببۇ-
سى كۆڭۈلچىلىق ئىدىيىسى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر خىل قا-
نۇنچىلىق تەشەببۇسى ئىدى.

شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، پادىشاھلاردا ئەخلاق بولسا
ئاندىن ئۇلار ساخاۋەتمەن بولالايتتى، پادىشاھلار مېھرىبان-
شەپقەتلىك بولسا، ئاندىن پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولا-
لايتتى ھەم ياخشى قانۇننى يولغا قويالايتتى. شائىر يۈسۈپنىڭ
كۆڭلىدە پادىشاھ كۈنتۇغدى گۈزەللىكنىڭ سىيماسى ئىدى.
ئۇنىڭدا گۈزەل قىياپەت، گۈزەل قەلب، گۈزەل خۇلق، ھەر
خىل گۈزەل پەزىلەت بار ئىدى. ئۇ، ئادالەتنى ياقلايتتى،
ئىش - ئەمەللىرى تۈز، مېھىر - شەپقەتلىك، پۇقرالارنى قوغ-
دايدىغان ھايالىق ۋە قائىدە - يوسۇنلۇق، مۇلايىم، كەمتەر،
كىشىنىڭ يامانلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرىدىغان، كەڭ قورساق ۋە
ئەپۇچانلىقنى تەكىتلەيدىغان، كىشىلەر بىلەن ئاسان چىقىشالاي-
دىغان چىن سۆزلۈك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر «ھەقى-
قىي ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلىشى» (3931 -
بېيىت)، «خەلققە پايدىلىق بولۇشى، ھاجىتىگە يارىشى كېرەك»
(3237 - بېيىت) ئىدى. ئۇنىڭ ئەقىدىسى «خەلققە پايدا
يەتكۈزەلىگەنلەرلا ياخشىلاردۇر» (3271 - بېيىت) دېگەندىن
ئىبارەت ئىدى. ئۇنداقلار دۆلەت ئىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسى-
تىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش - ئەمەللىرى بىلەن دۆلەتكە،
خەلققە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلەلەيتتى.

شائىر يۈسۈپ ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى شەرقنىڭ بەخت-

سائادەتلىك پادىشاھى كۇنتۇغدىنى بىلىملىك، ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ناھايىتى يۇقىرى، جامائەتكە ئۈلگە بولالايدىغان ئالىيجانابلاردىن قىلىپ يارىتىشقا تىرىشتى. ئۇ، دۆلەت ۋە خەلق مانا مۇشۇنداق پادىشاھلارغا مۇھتاج، مۇشۇنداق پادىشاھ بولغاندىلا ئاندىن دۆلەتنى تۈزەپ، ئەلنى ئامان ۋە يۇرتنى تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ دېگەن يەرگە كەلدى.

شائىر يۈسۈپ ياشىغان 11 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ چوڭ داۋالغۇش، چوڭ ئۆزگىرىش دەۋرى ئىدى. ئۇ دەۋردە كونا بىلەن يېڭى ئالمىشىپ، يېڭى كۆز قاراشلار شەكىللىنىۋاتاتتى، كونا كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. يۈسۈپ شۇ دەۋرنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يىراقنى كۆرۈپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، يېڭى دەۋر ئۈچۈن چۇقان كۆتۈردى، زەپەر مارشى ياڭراتتى. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەم بولغاچقا، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئېتىكا، يېڭى ئەخلاقتا ئۇقۇلغان مەدھىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ كونا كۆز قاراش، كونا ئېتىكا، كونا ئەخلاقلارنىڭ تەسىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئاجرىلىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ خىل تەسىر پادىشاھ كۇنتۇغدى ئىلىك ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدا مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەندى. مەسىلەن، شائىر بەگلەرنىڭ قولى ئوچۇق، سېخىي بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا بىر تۈرك ھەربىي سەركەردىسىنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «سېخىي بول، ئىنئام قىل، يېگۈز ھەم ئىچكۈز، ئەگەر (مېلىڭ) ئۆكسۈپ قالسا، يەنە يىغىپ - توپلا، يېگۈز، جەسۇر، باتۇر ئەرگە مال ئۆكسۈمەيدۇ، ئالغۇر ئاق لاچىن ئۈچۈن يەم ئۆكسۈمەيدۇ. قىلىچ، پالتا، ئوقيا، كۈچ - جاسارەت ۋە يۈرەك بولىدىكەن، يىگىت كىشى مال ئۈچۈن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك»

(2053 - بېيىتتىن 2056 - بېيىتقىچە) دېدى. بۇ نەسىھەت روشەنكى، بەگلەرنى قورال ئىشلىتىپ ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەرگە يەم قىلىش، ياۋايىلارچە بۇلاڭچىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتكە بايلىق توپلاش، ئاندىن كېيىن بۇلاپ كېلىنگەن ئولجىلارنى قايتىدىن ئادەملىرىگە سېخىيلىق بىلەن تەقسىم قىلىشقا ئۈندەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق مال - دۇنيا بۇلاش ئارقىلىق بايلىق توپلاش شەكلى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە كۆزگە سىڭىپ قالغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق ھېسابلىنىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ زامانلاردا كىمنىڭ بۇلاپ ئالغىنى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇققا قوشقان تۆھپىسى كۆپ ھېسابلىناتتى. كۆپچىلىك ۋە جەمئىيەتمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەدەب - ئەخلاق كۆز قارىشىدا باشقىلارنىڭ مال - دۇنيالىرىنى بۇلاش بىر خىل شەرەپلىك ئىش ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتى قەدىمدە ئۇزاققىچە كۆچمەن يايلاق ھاياتىدا ياشىغان بولۇپ، مىلادى 9 - ئەسىردە غەربىي يۇرتقا كۆچكەندىن كېيىن ئاندىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغانىدى. بۇ قىسقىغىنا 200 يىل ئىچىدە كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنىڭ تامامەن ۋە ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگىرىش ياسىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ كۆڭلىدىكى پادىشاھلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى كۆز - قاراشتىن ئۈزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولالمايتتى. بۇنداق ئىشلاردىن ئۈمىد ئۈزەلمەسلىك تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىلىگ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدىن بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى، شائىر يۈسۈپنىڭ غايىسىدىكى پادىشاھ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھلارغا ئوخشاش سۈرلۈك، ئالىيجاناب، يۇناننىڭ پەيلاسوپلىرىغا ئوخشاش پىكىر ۋە مۇھا-

كىمىگە ئۇستا، ئورخۇن دەۋرىدىكى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئات ئوينىتقان ئۇيغۇر خاقانلىرىغا ئوخشاش چەبدەس، باتۇر بولۇشى لازىم ئىدى. پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ئوبرازى ناھايىتى قويۇق دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ شائىر يۇسۇپنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىسىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئىپتىكىلىق كۆز قارىشىنى بىرقەدەر تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

## ئىككىنچى پاراگراف ۋەزىر ئايتولدى — دۆلەتنىڭ سىمۋولى

ئايتولدى — چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ھەم مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر پېرسوناژ ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئەھۋال ھەم چوڭقۇر، ھەم مۇرەككەپ ئىدى. بۇ ئوبرازنى يارىتىش مەقسىتى ھەققىدە مۇئەللىپ «ئۇنىڭدىن كېيىن ئايتولدىنى سۆزلىدىم. ئۇنىڭدىن مۇقەددەس بەخت كۈنى يورۇيدۇ» (354 - بېيىت)، «بۇ كۈنتۇغدى دېگىنىم قانۇن، ئادالەتتۇر، ئايتولدى دېگىنىم بەخت - سائادەتتۇر» (355 - بېيىت) دېگەنىدى. ئەسەرنىڭ تېكىستىدە ئايتولدى ئۆزىنى پادىشاھ كۈنتۇغدىغا تونۇشتۇرۇپ، «مەن ئۆزۈم دۆلەت» (664 - بېيىت)، «راھەت مەن بىلەن، مۇشەققەت مېنىڭدىن تازىدۇ، خۇشاللىق مەن بىلەن، قايغۇ ماڭا يولىمايدۇ» (677 - بېيىت) دەپ سۆزلىگەنىدى.

ئايتولدى بىلەن پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىككىسى ئەسەردە ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىككى پېرسوناژ. پادىشاھ كۈنتۇغدى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەپ، ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت چېكىدۇ، شۇڭا ئۆزىگە دۆلەت-

نىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەمكارلىشىدىغان بىر ياردەمچى ئىزدەيدۇ.
ئايتولدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلايدۇ، شۇنداقلا پادىشاھ كۈنتۇغدى-
نىڭ ئىدراكلىق، بىلىملىك، مۇلايىم خان ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ،
ئۇزۇن يول يۈرۈپ، دانا، ئالىم ئىلىگ تۇرۇۋاتقان پايتەخت
شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، خان ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ. كۈسەمىش ۋە خاننىڭ
ھاجىپىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئاخىر خان تەرىپىدىن
ئوردىغا چاقىرتىلىدۇ. ئۇ كىچىك پېئىل، تەقى - تۇرقى كېلىش-
كەن، بىلىملىك بولغاچقا، پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ياراپ قالىدۇ،
نەتىجىدە ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بەخت
كەمىرى ئۇنىڭغا باغلىنىدۇ. راھەت - پاراغەت ئۇنىڭغا ھەمراھ
بولىدۇ. ئۇ پادىشاھ كۈنتۇغدىغا سەممىي ھالدا ياردەملىشىپ،
مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. مەملىكەت ۋە خەلققە بەخت
ياغدۇرىدۇ، مەملىكەتنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىدۇ،
خەلق خاتىرجەم، باياشاد ياشايدۇ.

ئۇنىڭ ئايتولدى دېگەن ئىسمى بىلەن ئۇ ۋەكىللىك قىل-
غان ئامەت، بەخت ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ ئۇ
بۇنى «كىشىگە بەخت كېلىدۇ، نامى شۆھرەتلىك بولىدۇ، خۇد-
دى يېڭى ئايدەك نۇرى ئارتىپ، (ئاخىر) تولىدۇ. دۆلەت تۇراق-
سىز، نەلۋە (ئۇنىڭغا) كۆڭۈل باغلىما، دۆلەت تولۇن (ئايدەك)
قايتا كىچىكلەيدۇ» (740 - بېيىت) دەپ شەرھلىدى. ئۇ يەنە
پادىشاھ كۈنتۇغدىغا يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئاينىڭ ئورنى تۇراق-
سىز، جايىدا مۇقىم تۇرمايدۇ، بەخت - سائادەتنىڭمۇ ئايغا ئوخ-
شاش كېلىپ - كېتىشى تۇراقسىز، تۇرار جايى يوق، جاھان
كېزىپ يۈرىدىغان نەرسە دېدى ۋە بۇ ئىككى قەۋەتلىك مەنە
ئارقىلىق بەختنىڭ ئايغا ئوخشاش تۇراقسىزلىقىنى ئوبرازلاش-
تۇردى. بەختنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن

شائىر يۈسۈپ يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىپ، ئۇ: «تۇپ بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ، دومىلاپ كېتىدۇ، دۆلەتمۇ شۇنداق» (662 ـ بېيىت)، «ئۇ ئاقار سۇغا ئوخشاش، تىنماستىن يۈرۈپ دۇنيانى كېزىدۇ» (669 ـ بېيىت)، «دۆلەت كىشى ئۇچۇن خۇددى ئۈركۈگەك كېيىكتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ» (712 ـ بېيىت) دېدى. ئۇنداقتا، دۆلەت ـ بەخت قانداق ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا شائىر يۈسۈپ ئۆزى جاۋاب بېرىپ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ: «ئۆزى پاك بولۇشى، توغرا يولدا مېڭىشى لازىم، بۇنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بېغى مانا مۇشۇنداق» (727 ـ بېيىت) دەپ كۆرسەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەگەر ئادەم پەزىلەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بولسىلا ئۇ بەخت ـ دۆلەتنى ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇرالايتتى، ئۇنى قولىدىن بېرىپ قويمايتتى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «بەختنى ئۇزۇن تۇرىدىغان قىلىش» قانداقتۇر ئۇنى مەڭگۈ بىر جايدا قارار تاپقۇزۇش دېگەنلىكنى كۆرسەتمەيتتى. شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا دائىم بىر جايدا قىمىرلىماي تۇرىدىغان بەخت بولمايتتى. چۈنكى، بەختنىڭ ماھىيىتى مەڭگۈ بىر جايدا تۇرماسلىق ئىدى. ئاي دەسلەپتە تولۇپ كېيىن ئاستا ـ ئاستا كىچىكلەيتتى. دۆلەتمەن كىشىمۇ ئاخىرىدا دۆلىتىدىن ئايرىلاتتى. چۈنكى، ئادەم بەربىر ئۆلەتتى، ئادەم ئۆلسە ئۇ كۆرگەن دۆلەتمۇ تۈگەيتتى. ئايتولدىنىڭ ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەخت ـ سائادەت كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئايتولدى ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مۇددىئاسى يالغۇز بەخت مەسىلىسىنى شەرھلەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭقۇر بىر مەنە بار ئىدى. يەنى شائىر يۈسۈپ ئايتولدىنى سۆزلىتىش

ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارغا نەسھەت قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغاندى. ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگكە بەختىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى سۆزلىگەندە، بەختنى ئۇزۇنغىچە قولدىن كەتمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئەخلاقلىق ۋە ساخاۋەتلىك ئادەم بولۇش لازىملىقىنى ئۇنىڭغا سەگەكلىك بىلەن تونۇتۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلدى. ئايتولدى يەنە ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، بەختنىڭ ئۆزگىرىشچان ۋە تۇراقسىز ئىكەنلىكىنى، تېز كېلىپ، تېز كېتىپ كۆزدىن غايىب بولىدىغانلىقىنى شەرھلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا بەخت-پاراغەتنى، ماددىي باياشادلىقنى دەپ غاپىل بولۇپ كەتمەسلىك ھەققىدە نەسھەت قىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نىسپىي بولىدۇ، قىسقا ۋاقىتلىق بولىدۇ، پەقەت پەزىلەت بىلەن ساخاۋەتلا مەڭگۈلۈك ياشلىق باھارىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەيدۇ دېدى. شائىر يۈسۈپنىڭ داستانىغا ئايتولدىنىڭ ئۆلۈمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسىتى، بۇ ئۆلۈم ئارقىلىق پادىشاھ كۈنتۇغدىنى تەسىرلەندۈرۈش، ئۇنى بەختنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت جانلىق بىر پاكىت ئارقىلىق ئۈزۈل-كېسىل ئويغىتىش، ئۇنى دۇنيادا مەڭگۈ داۋاملىشىپ تۇرىدىغان بەخت ۋە دۆلەتنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش، ئۇنىڭغا مال-دۇنيا يىغىش بىلەن بەنت بولۇپ، ۋاقىتلىق زوق-ساپا قوغلىشىشنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى كۆپ قىلىپ خەلققە بەخت-سائادەت يارىتىش ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشتىن ئەلا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ بۇ ھەقتە قاتتىق ئىجتىھات بىلەن باش قاتۇرغانلىقىنى مۇشۇنىڭدىن ئاز بولسىمۇ كۆرەلەيمىز.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نەرسە شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆت نەپەر پېرسوناژ ئىچىدە ئايتولدى-

نىڭ ئوبرازى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمغا ئەڭ باي بىر ئوبراز. دىئالېكتىكىنىڭ قارىشىچە، شەيئىلەر داۋاملىق ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ ھەم ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەم بىر - بىرىگە تەسىر قىلىدۇ. ھەر خىل شەيئىلەر دائىم ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ياساش ۋە يوقىلىپ كېتىش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ بىر جەرياندا ھەر قانداق شەيئى مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، بەلكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ ھەممە ئاخىرىدا يېڭى شەيئىلەرگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ.

ئايتولدى ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان بەختنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلغاندا: «تۇراقسىزلىقىم مەن ئۈچۈن نۇقسان ئەمەس، ئۆزۈمگە دائىم يېڭى نەرسە تاللايمەن. بارلىق كونا نەرسىلەر كۆرۈمسىز بولىدۇ، كۆرۈمسىزنىڭ ئەيىبى يىرگىنىچلىك بولىدۇ. يېڭى نەرسە بار يەردە كونىنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئېسىل نەرسە بار يەردە، خۇنۇك (يامان) نىڭ نېمە كېرىكى؟» (686 — 688 - بېيىتلار) دېگەنىدى.

ياش، قاۋۇل، تېتىك، دائىم يېڭى تۇرمۇشنى قوغلىشىپ تۇرىدىغان ئايتولدى ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن تولۇن ئاي بارا - بارا پۇچۇقلىشىپ بارغاندەك، تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلىدى. ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇ پادىشاھ كۈنتۇغدىغا: «كىمكى تۇغۇلغانىكەن، ئۆلۈشمۇ كېرەك، نېمىكى كۆتۈرۈلگەن بولسا، چۈشۈشى كېرەك. كۆتۈرۈلۈشنىڭ چۈشۈشى بار، ئېگىزلىكنىڭ تۆۋىنى، خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بار، ئاچچىقنىڭ تاتلىقى (بار)» (1086 — 1087 - بېيىتلار) دېدى ۋە بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا جان ئۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسى ئارقىلىق بەختنىڭ مەڭگۈ داۋاملاشمايدىغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى جاھاندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ

ھەممىسىنىڭ ئەبەدىي بولماي، بەلكى ھەرىكەتچان ھەم ئۆزگىرىشچان بولىدىغانلىقىنى، تۆرەلگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كۆز قارىشىنى دەلىللىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك: «تۆۋەن چۈشكەن كۆتۈرۈلدۇ، كۆتۈرۈلگەنمۇ تۆۋەن چۈشىدۇ، يورۇغان ئۆچىدۇ، ماڭغان توختايدۇ، ھەر قانداق ئىش ئۆز كامالىتىنى كۈتىدۇ، كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن (يەنە) تۆۋەنگە يانىدۇ» (1049 — 1050 - بېيىتلار) دېگەن گەپنىڭ ئۆزى ئىدى. ئايتولدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇئەللىپ: «ياخشىمۇ، يامانمۇ قالمايدۇ، ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆلىدۇ، ئۇلۇغمۇ، كىچىكمۇ قارا يەر بولىدۇ. ئۆلۈمگە تاڭ قالمىغۇلۇق، تۇغۇلغان ئۆلىدۇ ھەم قارا يەر بولىدۇ» (1540 — 1545 - بېيىتلار) دەپ جاكارلىدى. ئاندىن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ: «بۇ قېرى (دۇنيا) نىڭ خۇي - پەيلى، ئادىتى شۇدۇر، خالىساڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىل، خالىساڭ بېقىنما» (1547 - بېيىت) دەپ يازدى.

كونا شەيئى يوقالسا يېڭى شەيئى چوقۇم ئۇنىڭ ئورنىنى باسقاندەك، ئايتولدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش خۇددى ھىلال ئايغا ئوخشاش ئاسماندا پارلىدى. ئۇ دادىسى ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە دادىسى ئايتولدىدىنمۇ كۆپرەك ئەقىل-پاراسەت كۆرسەتتى. ئۇ بەك زېرەك ھەم ئىقتىدارلىق بولغاچقا كۈندىن - كۈنگە كۆكلىدى. ئىنسانىيەت دۇنياسى مانا مۇشۇنداق ھەرىكەتلىنىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىشىنى بارلىققا كەلتۈرەتتى، تەرەققىي قىلاتتى، ئالغا باساتتى. بۇ ھەر قانداق بىرەر ئىلاھ ياكى بىرەر ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئىدى. كىمكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولسا، تارىخنىڭ چاقى

ئاستىدا ياپچۇەكتەك يانجىلاتتى. بۇ چاق ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئىلگىرىلەۋېرەتتى، ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە مېڭىۋېرەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شائىر يۇسۇپنىڭ ساددا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىسى ئايتولدىدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا تولۇق ئىپادىلەنگەندى.

يۇسۇپنىڭ ساددا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىسى 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر خىل ئىلغارلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنقىلابىي تەسىرگىمۇ ئىگە ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك، يۇسۇپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ چوڭ داۋالغۇش ۋە چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان بىر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشىدى. مانا مۇشۇنداق دەۋردە، شائىر يۇسۇپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئۆزىنىڭ: «دۇنيادىكى شەيئىلەردىن ئۆزگەرمەيدىغانلىرى يوق. كونا شەيئىلەر چوقۇم كونىرايدۇ ۋە يوقىلىدۇ. كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى شەيئىلەر چوقۇم كونا كونىرىغان شەيئىلەرنىڭ ئورنىنى باسىدۇ» دېگەن كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۈبھىسىزكى، بۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل ھېسداشلىق ھەم قوللاش ئىدى، بۇ خىل كۆز قاراش يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پومېشچىكلار سىنىپى ۋە شەھەر ئاھالىسى تەبىقىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، يېڭى جەمئىيەت تەرتىپىنى تىكلەشتە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش، چۇقان كۆتۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

ئايتولدىنىڭ ئوبرازى ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاكتىۋاللىققا ئىگە بولۇپ، ئاپتورنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. لېكىن ئايتولدىنىڭ ۋاپاتىغا دائىر ئىشلار بىر تەرەپ قىلىنغان بابلاردا، ئاپتور ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا بۇ ئوبرازغا بەزى پاسسىپ خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ

بېرىپ قويدى، بۇ ئاساسلىقى تۆرىلىش بىلەن ئۆلۈشكە بولغان كۆز قاراشتا ئىپادىلەندى. ئايتولدى كېسەل بولۇپ ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغاندا، تۆرىلىش بىلەن ئۆلۈمگە نىسبەتەن ناھايىتى قاتتىق ھەسرەت، نادامەتلىك پوزىتسىيە تۇتۇپ، «شادلىق (غۇرۇرۇم بولغان) تىرىكلىك ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى، تۇراقسىز دۇنيا مەندىن يۈزىنى ئۆردى. شادلىق، ئارزۇ، نېمەتلەر ئارقامدا قېلىۋاتىدۇ، قايغۇ، ئەلەم، مۇشەققەت ماڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ» (1073 — 1074 - بېيىتلار) دېدى. ئۇ تۇرمۇش مېنى ئويىنىتىپ ئەخمەق قىلدى، مېنى ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈردى دەپ قاراپ: «بۇ دۇنياغا كۆڭلۈمنى بېرىپ ئاۋۇندۇم، قارا، ئۇ مەندىن بېزىپ، ۋاپا قىلمىدى. مېنى دۇنيا ئالدىدى — سۆيۈپ ئۆزىگە چاقىردى-يۇ، كۆڭۈل بېرىۋىدىم، تېزلا يۈز ئۆردى» (1171 — 1172 - بېيىتلار) دېدى. ئۆلۈم پەيتىدە بىر خىل ئىزتىراپ، قورۇق ھېسسىياتلار ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغاپ، ئۇنى «دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟ ئۆلۈمنى ئويلىساڭ بارلىق لەززەت كېتىدۇ» (1139 - بېيىت)، «ھايات خۇددى بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئۆزۈمگە ئېچىنىپ، پايدىسىز نالە قىلىۋاتىمەن» (1175 - بېيىت) دېگەن يەرگە ئېلىپ كەلدى.

ئايتولدىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ھەسرىتى ۋە مۇڭلۇق كەيپىياتى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت دۇنياسىنى ھەرگىز مۇناسىۋەتسىز دېگىلى بولمايتتى. شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان ۋاقىتتا خېلى ياشىنىپ قالغانىدى. ئۇ جاھان مۇشەققىتىنى يەتكۈدەك كۆرگەن بولغاچقا ئۆلۈمنىڭ بۇرۇنغا پۇراپلا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئايتولدىنىڭ سەكراتتا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدىكى كەيپىياتىنى بايان قىلىۋاتقاندا ئۆزىنىڭمۇ ھېسسىياتلىرىنى تەبىئىيلا قوشۇۋەتكەنىدى. ئۇلار

مۇئەييەن ھالدا، ئاپتورنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىگەنىدى.

## ئۈچىنچى پاراگراف ۋەزىر ئوغلى ئۆگدۈلمىش — ئەقىل - ئىدراكنىڭ سىمۋولى

ئۆگدۈلمىش ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى. ئايتولدى ۋاپات بولغان چاغدا ئۆگدۈلمىش كىچىك ئىدى. ئايتولدى ئۇنى پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشى ۋە يارامىلىق، ئەقىللىق قىلىپ چىقىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۆگدۈلمىش پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئوردىدا ياخشى تەربىيە ئالدى. چوڭ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۇنى ئايتولدىنىڭ ئورنىغا ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

ئۆگدۈلمىش ئەقىللىك، ئىقتىدارلىق بولۇپ، ئەلنى ئىدارە قىلىش مەسىلىسىدە خېلى كۆز قاراشقا قالتىس ئارزۇ - ئارمانلىرى بار بىلىملىك ئادەم ئىدى. شائىر بۇ پېرسوناژنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالغاندا: «ئۆگدۈلمىشنى سۆزلىدىم، ئۇ ئەقىل - ئىدراكنىڭ نامى بولۇپ، كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرىدۇ» (356 - بېيىت) دەپ يازدى. ئۆگدۈلمىش ئوبرازى «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەقىل - ئىدراكنىڭ سىمۋولى. شائىر يۈسۈپنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ غايىلىك ئادەمنىڭ ئۈلگىسى «قۇتادغۇبىلىك»تە كۈنتۇغدى پادىشاھ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر بولۇپ، ئەسلىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئورنى پادىشاھتىن ئۈستۈن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنى ۋە رولى ئەمەلىيەتتە پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭكىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

ئۆگدۈلمىش ئەسەردە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن بېيىتلار ئەسەرنىڭ ئەسلى تېكىستىدىكى 74 باب ئىچىدە 62 بابنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ سەھنىگە چىقىشى بىلەن جاھاننىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىر ئادەم كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى بىرەر قىيىن مەسىلىگە، قىيىن ئىشقا دۇچ كەلسە ھەممىدە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا دائىر چوڭ ـ چوڭ سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە ئالايلۇق، كۈنتۇغدى ئىلىك بەگلەر دۆلەتنى ۋە خەلقنى قانداق ئىدارە قىلىش كېرەك، سىياسەتلەرنى قانداق ئىجرا قىلغاندا دۆلەتنى قۇدرەتلىك، خەلقنى باي قىلغىلى بولىدۇ؟ ئارمىيىنى قانداق تەرتىپكە سالغاندا ئاندىن ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بەگلەر، ۋەزىرلەر، مۇلكىي ئەمەلدارلار، قوشۇن قوماندانلىرى شۇنىڭدەك ھاجىپ، ئىشىك ئاغىسى، ئەلچى، پۈتۈكچى قاتارلىق ئورۇندا خادىملارغا قانداق كىشىلەر تەيىنلىنىشى كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشىغان مەسىلىلەرنى ئۆگدۈلمىشتىن سورىغاندا، ئۆگدۈلمىش بۇ سوئاللارغا بىر ـ بىرلەپ راۋان جاۋاب بېرىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى دۆلەتنىڭ يۇقىرىقىدەك چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىدىن باشقا يەنە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى قايسىلار، ئەقىل ۋە بىلىمنى ئادەمگە ئاللاھ ئاتا قىلغانمۇ ياكى بۇنىڭغا ئۆگىنىش ئارقىلىق يەتكىلى بولامدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش ئەدەب ـ ئەخلاق ھەم تەربىيىلىنىشكە دائىر بەزى مەسىلىلەرنىمۇ ئۆگدۈلمىشتىن سورايدۇ. ئۆگدۈلمىش پادىشاھ كۈنتۇغدى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۆگدۈلمىشتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ. بۇ ئەھۋال ئەسەردە «ئىلىگ ئويغىنىشى بىلەنلا ئۇ كۆز ئوڭىدا بولاتتى» (1644 ـ بېيىت) دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۆگدۈلمىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ھەم

ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئۇ ئۆگدۈلمىشكە: «سەن مەن ئارزۇلىغان بىردىنبىر مەدەتكارىمسەن» (3053 - بېيىت)، «سەن ماڭا موھتاج ئەمەسسەن، ئۆزۈم ساڭا موھتاجمەن» (3055 - بېيىت) دەيدۇ. ئۇ ھەتتا ئۆگدۈلمىشنى قۇياشقا ئوخشىتىپ: «قۇياش مېنى قانداق يورۇتقان بولسا، سەنمۇ كۆڭلۈمنى شۇنداق يورۇتتۇڭ، سېنى سەرمايەم دەپ ھېسابلايمەن» (5616 - بېيىت) دەيدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار پادىشاھ كۈنتۇغدى بىلەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئادەتتىكى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن روشەن ھالدا ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى بىلەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ دىئالوگىدا ۋەزىر پادىشاھنىڭ تەلىمىنى ئەمەس، بەلكى پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تەلىمىنى ئاڭلايدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى مەسىلە سورىغۇچى بولسا، ئۆگدۈلمىش ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بەرگۈچىدۇر. ئۆگدۈلمىشنىڭ دىئالوگ قېتىم سانى كۈنتۇغدىنىڭكىدىن توققۇز ھەسسە كۆپ، (2554: 281 بېيىت) بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆگدۈلمىش — پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ «پاراسەت ئامبىرى»، پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ئىدىيەسىنىڭ «مەنبەسى»، ئىش - ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى. گەرچە ئۇنىڭ سالاھىيىتى ۋەزىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سىياسەتنى يولغا قويۇش ئىدىيىسى پادىشاھ كۈنتۇغدىغا نىسبەتەن يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە ئىدى.

بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش شائىر يۈسۈپنىڭ «دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئەقىل - ئىدراك بولۇش كېرەك، خەلقنى ئىدارە قىلىشتا بىلىم بولۇش كېرەك، جاھان تۇتقۇچى ئەقىلگە تايىنىپ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش لازىم، ئادەمنى ئىدارە قىل-

غۇچىلار پۇقرالارنى بىلىم بىلەن ئىدارە قىلىش لازىم» دېگەن ئىبارەت تەشەببۇسى بىلەن ناھايىتى ماس كەلگەنىدى. شائىر شېئىرىي ئەسەردە پادىشاھلارنىڭ ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بولۇش-بولماسلىقى ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش - قىلالماسلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پادىشاھلار ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بولسا، ئۇنىڭ تۈزگەن سىياسىتىمۇ سۈزۈك بولىدۇ، دۆلىتى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئاسايىشلىق تاپىدۇ، دېگەن بىر نۇقتىنى قايتا - قايتا تەكرارلىدى. شائىر شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ قېشىغا ئەقىل - ئىدراكنىڭ سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئۆگدۈلمىشتىن ئىبارەت بىر پېرسوناژنى ئورۇنلاشتۇردىكى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا مۇنداق بىر غەرەز بار ئىدى، يەنى ئۆگدۈلمىشنىڭ پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ئۇزۇن مەزگىل ھەمراھ بولۇشى، ئەقىل - ئىدراكنىڭ پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ھەمراھ بولغىنىغا ئوخشاش ئىدى. بۇ خۇددى پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە ئېيتقىنىدەك «ئەقىللىكنى تىلىگەندە، سەن تامامەن ئەقىلسەن، بىلىملىكنى تىلىگەندە، كامىل بىلىمسەن» (3062 - بېيىت) دېگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئىدى. پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ دۆلەتنى رەتلىك ئىدارە قىلالىغانلىقى، دۆلەتكە ئاسايىشلىق، خەلققە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلىگەنلىكىدىكى ئىنتايىن بىر مۇھىم نۇقتا، ئۇنىڭ ھەر قانداق ئىشتا ئەقىل - ئىدراك (ئۆگدۈلمىش) نى ئىشقا سالغانلىقى، ھەممە ۋاقىتتا ئەقىل - ئىدراك (ئۆگدۈلمىش) تىن ئايرىلمىغانلىقىدا ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاساسلىق رول ئالغۇچى قارىماققا پادىشاھ كۈنتۇغدىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئەسەرنىڭ قەۋەت - قاتلاملىرىغا ئىنچىكە سىنچىلاپ دىققەت قىلىنسا، كىشىلەر ئەسەردىكى ھەقىقىي باش رولچىنىڭ ۋەزىر ئۆگدۈلمىش ئىكەنلىكىنى تېزلا بايقىۋالالايتتى. ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆز - ھەرىكىتى داستاندا

ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى، سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مۇھىم بولدى. مەن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆت ئاساسىي پېرسوناژنىڭ دىئالوگلىرىنى تۆۋەندىكىچە ستاتىستىكا قىلىپ چىقتىم.

| پېرسوناژلار | پادىشاھ كۈنتۇغدى | ۋەزىر ئايتولدى | ۋەزىر ئۆگدۈلمىش | ئودغۇرمىش |
|---|---|---|---|---|
| دىئالوگلار | 720 بېيىت | 589 بېيىت | 2554 بېيىت | 1209 بېيىت |

يۇقىرىدا ستاتىستىكا قىلىنغان سىفىرلاردىن بىز شۇنى ئوچۇق كۆرەلەيمىزكى، ئۆگدۈلمىشنىڭ داستاندىكى دىئالوگلىرى كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئودغۇرمىش قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ ئومۇمىي قېتىم ساندىنمۇ كۆپ. ئەسەرگە ئومۇمىي ياقتىن قارالسا، كىشىلەر شۇنى ئاسانلا بايقىۋالالايدۇكى، شائىر يۈسۈپنىڭ زىممىسىگە ئالغان دۆلەتنى تۈزەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ يۈكنى، ئۇنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش غايىلىرىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئېتىكا، ئەخلاق كۆز قارىشىنى ئاساسەن ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاغزىدىن بايان قىلدى ۋە ئاڭلاتتى. ئۆگدۈلمىش شائىر يۈسۈپنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئادىمى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ ۋەكالەتچىسى بولدى. ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىدىيە تومۇرى شۇنىڭدەك سىياسىي تەشەببۇسى ئايدىڭلاشتۇرۇلسا شائىر يۈسۈپنىڭ ئىدىيىسى ھەم سىياسىي تەشەببۇسىمۇ ئاساسەن ئايدىڭلاشقان بولاتتى. ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوبرازى شائىر يۈسۈپنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئايتولدى ۋە ئودغۇرمىشلاردىنمۇ كۆپ ئۈستۈن تۇردى. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپتورنىڭ ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىمگە ئىخلاس قىلىدىغان ئىدىيىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىش — ئاقارتىش

دەۋرى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەزەلدىن بېرى تەكىتلەپ كەلگەن تەشەببۇسى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى يايلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان تۇرمۇشتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىدىغان تۇرمۇشقا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ناھايىتى چوڭ بىر فېئوداللىق دېھقانچىلىق سۇلالىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆچمەن بىر خانلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قارىغاندا تولىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. شائىر يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، كېيىنكىسى قورالغا تايانغان بولسا ئەمدىلىكتە قاراخانىلار سۇلالىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، ياخشى جەمئىيەت تەرتىپى ئورنىتىشتا ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىمگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. ئاپتورنىڭ مانا مۇشۇ تەشەببۇسى مۇجەسسەملەشكەن ئۆگدۈلمىش ئوبرازى ناھايىتى روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

## تۆتىنچى پاراگراف ئودغۇرمىش — قانائەت ۋە باقىي دۇنيانىڭ سىمۋولى

ئودغۇرمىش — «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەڭ ئاخىرىدا سەھنىگە چىقىرىلغان بىر پېرسوناژ. ئۇ سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۆگدۈلمىش ئۇنى پادىشاھ كۈنتۇغدىغا تونۇشتۇرۇپ «بۇنداق بىلىمى كۆپ كىشىلەر مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا يوق ئەمەس، بار. ھەر خىل پەزىلىتى بار، تەقۋادار، ھوشيار، قانداق ئىشقا كىرىشسە، زىننەت (بېرىدىغان)، ھەرىكىتى توغرا (بىر كىشى بار) ئىسمى — ئودغۇرمىش، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر خىل ياخشىلىقلار كېلىدۇ. ۋە لېكىن، (ئۇ) بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرگەن، تاغقا چىقىپ كېتىپ، (دۇنيانى) كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن.

خۇداغا ئىبادەت قىلىپ مۇشەققەت چەكمەكتە، گۇناھكارلىق كېسەلىنى ئىبادەت بىلەن داۋالىماقتا. ئۇنىڭ پەزىلىتى مەندىن يۈز (ھەسسە) ئۈستۈن، ئۇ خەلقنىڭ ئالدى، ئادەملەرنىڭ سەرخىلى» دەيدۇ. (3145 — 3150 - بېيىتلار). ئۇ ئەسەردە دائىم ھالقىلىق بىر پېرسوناژ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنى ئۆزىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئۇنى تاغدىن چۈشۈپ ئوردىغا كېلىشكە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، بۇ تەلەپ ئودغۇرمىش تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. «ئۇنى ئۈچ قېتىم ئالدىغا بېرىپ چىللايدۇ»، ئودغۇرمىش ئاندىن ئامالسىز تاغدىن چۈشۈپ پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ سارىيىغا كېلىپ پادىشاھ بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە تاغقا قايتىپ كېتىپ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر شۇ يەردە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر تەرەپ، پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋە ۋەزىر ئۆگدۈلمىش يەنە بىر تەرەپ بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان ئىنساننىڭ قىممىتى ھەم غايىسى توغرىسىدىكى چوڭ بەس - مۇنازىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل بابلار بولۇپ، ئۇ كىتابخانلاردا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆت نەپەر پېرسوناژ ئىچىدە ئودغۇرمىش كىشىنى ئەڭ چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ھەم تالاش - تارتىش ۋە مۇنازىرىگە بي بىر شەخس. ئۇنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش مەسىلىسىدە قىلىنغان گەپلەر ھەر خىل. مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالىملىرى ئۇنى ئىسلام دىنىدىكى سوپىزم دەرۋىشلىرىنىڭ تىپى دەپ قارىدى. ئۇنى ماختىغانلار ئاز، كەمسىتكەنلەر كۆپ بولدى.

سوپىزم — ئىسلام دىنىدىكى بىر خىل سىرلىق تۈس ئال-

غان، بىردىنبىر ئىدراكىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە غەيرىي ئوردوك-
سال مەزھەپ. ئودغۇرمىش داستاندا دىنىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى.
ئۇنىڭدىن سوپىزىم دەرۋىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلەن، كەم-
بەغەللىك، رىيازەت تارتىش، راھەت - پاراغەتتىن ئۆزىنى
چەكلەش، ئۇستىگە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم كىيىش①،
قاتتىق سېغىنىش ھەم ئاللانىڭ زاتىغا ئۇلىشىش قاتارلىقلارنى
كۆرگىلى بولاتتى.

ئەمما، ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت بۇ ئوبراز ئىنچىكە ۋە چوڭ-
قۇر ئوپپوزىتسىيە قىلىنسا، كىشىلەر بۇ ئوبرازنىڭ سوپىزم
دەرۋىشلىرى بىلەن كۆپ جەھەتتە ئوخشاشلىققا ئىگە ئىكەنلى-
كىنى، ئەمما تىپىك ئەمەسلىكىنى كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ سۆز-
ھەرىكىتى ۋە دۇنيا قارىشىدا ئىسلام دىنى ئەقىدىسىگە مۇخالىپ
كېلىدىغان جايلار خېلى كۆپ، ئەكسىچە ئۇ بۇددا دىنى ئەقى-
دىلىرى بىلەن ئادەمنى ھەيران قىلغۇدەك دەرىجىدە ئوخشى-
شىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئوبرازى بۇددا دىنىدىكى مۇشەققەت
تارتقۇچى راھىبلارنىڭ ئوبرازىغا بەكمۇ يېقىن ئىدى. شۇڭلاشقا
ئۇنى سوپىزمدىكى رىيازەت چەككۈچى دەرۋىشلەرنىڭ ئوب-
رازى دېگەندىن كۆرە بۇددا دىنىدىكى مۇشەققەت تارتقۇچى
راھىبلارنىڭ تىپى دېگەن بىرئاز تۈزۈك ئىدى.

گەپنى ئودغۇرمىش دېگەن ئىسىمدىن باشلايلى: ئود-

---

① (سوپى) سۆزىنى كىشىلەر ھەر خىل تەبىرلىشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلەر (سوپى) سۆزى ئەرەب تىلىدىكى sufi نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. بۇ ئەرەب تىلىدا (قوي تېرىسى) دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۇستىگە قوي تېرىسىنى ئارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ جاپاكەش بولۇپ مۇشەققەت چەككۈچىلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەچكە مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

غۇرمىش① دېگەن ئىسىم «ئاڭ - سېزىم» دېگەن بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە، بۇلار بۇددا دىنىدا دائىم قوللىنىدىغان ئاتالغۇ. بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى ساكيامۇنىي ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، ئالتە يىل ئورمانلىق ئىچىدە رىيازەت چەككەن، ئاندىن كېيىن «تۆت ھەقىقەت»②، «12 سەۋەب - دەلىل»③ ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۈستۈنكى ئالەمدىن سېزىم ئېلىپ ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن. بۇددا دىنىدىكى «ئويغانغان»، «سېزىم ئالغان» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە ۋاپاسىز بۇ دۇنيانىڭ چەكسىز ئازاب دېڭىزىدىن ئويغىنىپ

---

① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خاۋ گۇەنجۇڭ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدا، «ئودغۇرمىش» نىڭ ئىسمى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پائالىيىتىگە ماس ھالدا «ئويغانماق، ھوشىغا كەلمەك» مەنىلىرىدە تەرجىمە قىلىنىپ 觉醒 دېيىلگەن. ئاپتور بۇ يەردە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىكى «ئودغۇرمىش» دېگەن ئىسىم ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى تەرجىمە نۇسخىسىدىكى 觉醒 ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، «ئاڭ - سېزىم» مەنىسىدىكى 觉悟 بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ — ت.

② سانسكرىتچە يېزىلىشى Catursatya، مەنىسى ھەقىقەت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ئازاب - ئوقۇبەت، ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ سەۋەبى، ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ يوقىلىشى ھەم ئازاب - ئوقۇبەتنى يوقىتىشنىڭ يولى قاتارلىق تۆت ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ — ت.

③ سانسكرىتچە يېزىلىشى Dvāda'sānga — Pratityasamutpāda، ئۇنىڭ مەنىسى، مۇناسىۋەت ۋە شەرت - شارائىت، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ، يوقلۇق ۋە چۈشىنەلمەسلىك، ھەرىكەت ۋە قىلمىش، تونۇماق ۋە بىلمەكلىك، نام ۋە شۆھرەت، ئالتە ئەزا، تەگمەك ۋە ئۇرۇلماقلىق، قوبۇل قىلماق ۋە يولۇقماقلىق، سۆيمەك ۋە خالىماقلىق، ئالماق ۋە ئېرىشمەكلىك، بار بولماق ۋە بارلىققا كەلمەكلىك، تۇغۇلماق ۋە ئۆمۈر كۆرمەكلىك، قېرىماق ۋە ئۆلمەكلىكتىن ئىبارەت ئون ئىككى سەۋەب - دەلىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ — ت.

چىقىپ، بۇ دۇنيالىقنى تاشلاپ ئۇ دۇنيالىقنى ئىزدەش، بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى ئۇ دۇنيادىكى ئىنسانلاردىن تىلەشنى كۆرسىتەتتى. دېمەك، ئودغۇرمىشنىڭ «ئويغىنىش» (觉醒) مەنىسىدىكى ئىسمى ناھايىتى قويۇق بۇددا پۇرىقىغا ئىگە ئىدى.

ئودغۇرمىشنىڭ ئىسمىلا بۇددا پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بۇددا ئىدىيىسىمۇ ناھايىتى قويۇق بۇددا پۇرىقىغا ئىگە ئىدى. ئۇ بۇ ئالەمنى ئىنكار قىلىدۇ، بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىر ئازاب دېڭىزى ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى. ئۇ: «بۇ دۇنيا تۇۋى يوق بىر پاتقاقلىقتۇر! تىرىكلىك شامالدەك ئۆتۈپ كەتكەندە مەن ئەمدى ئويغاندىم» (3795 — 3796 - بېيىتلار) دېدى ۋە «بۇ دۇنيا — بىر زىنداندۇر، زىندان ئىچىدە غەم- قايغۇدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. زىنداندا ئارتۇقچە شادلىق تىلىمە، شادلىق ۋە ئاراملىق جايى پەقەت جەننەتتۇر» دېگەنلەرنى يېزىپ (5185 — 5186 - بېيىتلار)، «ئۇ (دۇنيا) نى ئەبەدىي ھاياتلىق ئورنى دەپ بىل، بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرىنى تاشلا، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرگىن. راھەتنى تاشلا، مەڭگۈلۈك ئارزۇلارنى تىلە» (5189 — 5190 - بېيىتلار) دېگەن بىر ھەقىقەتنى بايقىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تە يارىتىلغان ئودغۇرمىش ھەقىقەتەنمۇ ئۇ دۇنيالىقنى ئىزدەپ بۇ دۇنيانى تەرك ئەتكەن، پانىي ئالەمدىكى كىشىلەردىن ئايرىلىپ تەركىدۇنيالىقنى خالاپ مۇشەققەت چېكىپ يۈرۈشنى چوڭقۇر ھېس قىلغانلارنىڭ ئوبرازى ئىدى.

بۇددا دىنىدىكى راھىبلارنىڭ بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇلارنىڭ بۇددىزمدىكى «تۆت ھەقىقەت» لىك ھايات كۆز قارىشىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانلىقىدا ئىپادىلەندى. «تۆت ھەقىقەت» دېگىنىمىز — ھەقىقەتتى ئازاب

(ھاياتلىقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك بولىدىغانلىقى)، ھەقىقىتى سەۋەب (ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى)، ھەقىقىتى خالاس (ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالاس بولۇش) ۋە ھەقىقىتى يول (ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى) بولۇپ، بۇ تۆت نەرسە باشتىن - ئاياغ «ئازاب - ئوقۇبەت» دېگەن بىر كەلىمىدىن ئايرىلمايتتى. ھەقىقىتى ئازاب — بۇددا دىنىدىكى ھاياتلىق كۆز قارىشىنىڭ ئۇلى ئىدى. «ئازاب - ئوقۇبەت» دېگەننىڭ مەنىسى فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە روھىي ھېسسىيات جەھەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇددىزم ئەقىدىسىنىڭ قارىشىچە، ھاياتلىق جەريانى بىر خىل ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ قايتا - قايتا تەكرارلىنىپ تۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش ۋە ئۆلۈشنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئادەم ھاياتلىقىدا بۇ دۇنيانىڭ ئاۋارىگەرچىلىك ئازابلىرى، ئايرىلىپ كېتىش ئازابلىرى ھەم ئارزۇ - ھەۋەسكە قانماسلىق ئازابلىرىغا دۇچار بولاتتى. مانا مۇشۇ بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەر بۇددا دىنىنىڭ ھاياتلىقنىڭ قىممىتىگە قارىتا چىقارغان بىر خىل ھۆكمى ئىدى.

ئودغۇرمىشنىڭ ھاياتلىق كۆز قارىشى ئوپېراتسىيە قىلىنسا، ئۇنىڭ ھاياتلىق كۆز قارىشىنىڭ يەنە ھېلىقى «ئازاب - ئوقۇبەت» كەلىمىسىدىن ئايرىلىپ كەتمىگەنلىكى ئوچۇقلىشاتتى، تۇغۇلۇش، قېرىلىق، ئاغرىق، ئۆلۈم ھەر كۈنى ئۇنى ئازابلاپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۆلۈم قورقۇنچىسى خۇددى بىر پارچە قارا بۇلۇت ئاسماننى قاپلىۋالغانغا ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەھلىكە سالاتتى. ئۇ «قارا، نۇرغۇن ئۇيۇشقانلارنى ئۆلۈم پارچىلىدى، ئۆلۈم ئېسىڭگە كەلسە، كۆز (يېشىم) بۇلاقتەك ئاقىدۇ. نى - نى ‹مەن - مەن› دەپ كۆككە ئۇرغانلارنىڭ بىرەرىمۇ قالمىدى،

قوشۇن - ئەسكەر ۋە پۇختا قوراللارمۇ پايدا بەرمىدى» (4829—
4830 - بېيىتلار) دېدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەيلى پادىشاھ
بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن، مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل
بولسۇن ئۆلگەندىن كېيىن ھەممىسى بىردەك توپىغا ئايلىناتـ
تى. ئادەم ئەڭ ئاخىردا يەنە ئۆلۈم ئىلاھىنىڭ قولىدىن قېچىپ
قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندا تۇغۇلۇشىمۇ ئۇنىڭدا ئارتۇقچە
خۇشاللىق قوزغىيالمايتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بۇ دۇنيادىكى
ھەممە نەرسە خىيالىيدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ دۇنيادىكى نام-
ئاتاق، مال - دۇنيا شۇنىڭدەك راھەت - پاراغەت دېگەنلەرنىڭ
ھېچقاندىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. بۇ دۇنيانىڭ تۇرمۇش مەئى-
شەتلىرىگە بېرىلىپ كۈن بويى ئالدىراش ئىش بىلەن مەشغۇل
بولۇۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ نەزەرىدە جاھالەت ئۇيقۇسىدا ئۇخ-
لاۋاتقان نادانلار ئىدى. ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا «دۇنيانىڭ نەر-
سىلىرى تىرىكلىك ئۈچۈندۇر، تىرىكلىك تۈگىسە، مال - دۇن-
ياغىمۇ ئېھتىياج قالمايدۇ» (4697 - بېيىت) دەپ خىتاب
قىلغانىدى.

ئۇدغۇرمىشنىڭ قارىشىچە، تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل
بولۇش ۋە ئۆلۈم قاتارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن باشقا ئادەمنىڭ
بۇ دۇنيادا يەنە نۇرغۇنلىغان ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قايغۇ - ئەلەم-
گە بەرداشلىق بېرىشى لازىم ئىدى. ساھىبجامال چىرايلىقلار
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن
بەدەل تۆلەيتتى، ئادەملەر پەرزەنتلىك بولاتتى، جاپا چېكەتتى،
پەرزەنتلىرى كۆيۈمسىز چىقاتتى. ئاتا - ئانا بولغان كىشى بىر
ئۆمۈر ھەسرەت چېكەتتى، مال - دۇنياسى بولمىغانلار موھتاج-
لىقتا ئاچ - زار ياشايتتى. ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئازاب ۋە
مۇشەققەتلىك ئىشلار سان - ساناقسىز بولغاچقا، ھايات خۇددى
بىر ئازاب دېڭىزىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالاتتى. بىر ئادەمنىڭ

ئازاب ۋە مۇشەققەتتە قېلىشقۇ بىر گەپ، ئەمما جەننەتتىكى ئازاب چېكىۋاتقان كىشىلەر ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلار ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن بولاتتى. «بەزىسى زۇلۇم ـ مۇشەققەت كۆرىدۇ، بەزىسى كەمبەغەللىك بىلەن ئەلەم چېكىدۇ. بەزىسى ئاچ، بەزىسى يالىڭاچ، بەزىلىرى بولسا قايغۇ بىلەن نادامەت قىلىدۇ» (5242—5243 ـ بېيىتلار) دېگەن گەپ مۇشۇ ئىدى. ئۇ، بۇ دۇنيانى بىر دوزاخ ۋە كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاتقانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ يەردە قايغۇ، ئەلەم، مۇشەققەتتىن باشقا نەرسە يوق بولۇپ، «مۇشەققەت» — ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئۇلى ئىدى. ئادەم هاياتىنىڭ مۇشەققەتلىكى ئودغۇرمىشنىڭ ئادەم هاياتىنىڭ قىممىتىگە قارىتا چىقارغان هۆكمى ئىدى.

خوش، ئۇنداقتا ئادەم ئۆز هاياتىدىكى مۇشەققەتتىن قانداق خالاس بولالايدۇ؟ بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنىدىن باشلاپ بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ هەممىسى بۇ مەسىلىنى بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئەڭ مەركىزىي مەسىلە دەپ تەتقىق قىلدى.

... بۇددىزم ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم هاياتىدىكى مۇشەققەت چېكىش بىلىش جەھەتتىكى «يوقلۇق» ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى «ئىچى پۇشۇپ ئازابلىنىش» تىن كېلەتتى. ماددىي جەھەتتىكى پاراغەتنى ئويلىمىغاندىلا، بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى — مۇھەببەت، هاۋايى هەۋەس، مال ـ دۇنيا، هوقۇق قاتارلىقلارنى تەرك ئەتكەندىلا ئادەم ئاندىن ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايتتى.

ئودغۇرمىشنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قارىشى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىسى تامامەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشنى هاياتلىقنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى دەپ قارىدى.

ئۇ: «ھەممىدىن يامانراق دۈشمەن نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشى-
تۇر» (5319 - بېيىت)، «بۇ دۈشمەننىڭ تۇزاقلىرى ساڭا
دائىم قۇرۇقلۇق تۇرىدۇ» (5322 - بېيىت) دېدى. ئادەم ھا-
ياتىدىكى مۇشەققەتنىڭ مەنبەسى غەپلەت ۋە بىلىمسىزلىك،
شۇنىڭدەك ھەر خىل نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ قېلىشتىن ئىبا-
رەت. ئادەم مۇشەققەت تارتىشتىن قۇتۇلمەن دېسە چوقۇم
ئويغىنىشى، ئەقىل - ئىدراكقا تايىنىپ ھاياتىي ھەۋەسلىرىنى ۋە
نەپسىنى تىزگىنلىشى، بۇ دۇنيانى تاشلاپ تەركىدۇنيا بو-
لۇشى لازىم ئىدى. ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشكە: «كىشى بۇ دۇن-
يا ئىشلىرىنى تۆگەل تاشلىمىغۇچە، ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى قى-
لالمايدۇ» (4805 - بېيىت)، ئاخىرەتلىكنى كۆزلەش ئۈچۈن
«كىشىلەردىن يىراقلىشىپ تۇرۇش»، «ھاۋايى ھەۋەسنىڭ بوي-
نىنى ئۈزۈش»، «دۇنيانىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى كۆڭۈلدىن چى-
قىرىۋېتىش كېرەك» (4806 — 4808 - بېيىتلار) دېگەنىدى. ئۇ
پانىي دۇنيانى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى ھەمدە بۇ
دۇنيا ئۈستىدىن قاتتىق زارلاندى: «بۇ دۇنيا قاراڭغۇ قۇدۇققا
(ئوخشاش) زىنداندۇركى، بالا - قازا، جاپا - مۇشەققەت ھەممىسى
بۇ يەرگە توپلانغان» (5423 - بېيىت)، «بۇ دۇنيا زىندان-
دۇر، ئۇنىڭ ئىچى يىلانغا تولغان، بۇنى تاشلا، يىرۇق، ھەقى-
قىي دۇنياغا يېتىشكىن» (5421 - بېيىت)، «بۇ بىر ئوچۇم قارا
تۇپراقنى تاشلا، ئۇلۇغ، مەڭگۈلۈك ماكانىنى ئىزدە، سەراپنىڭ
نېمە ھاجىتى؟ بۇ چاڭ - توزان، تۇماندىن ئۆزۈڭنى يۇقىرى
تۇت، پاك، مەڭگۈلۈك ماكانىنى ئىزدە، كۆزۈڭنى ئاچ!»
(5425 — 5426 - بېيىتلار) دەپ تەۋۇلدى.

قايسى يول بىلەن مەڭگۈلۈك پاكلىققا ئېرىشكىلى ھەم
مەڭگۈلۈك شاد - خۇراملىقتىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ؟ ئود-
غۇرمىشنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيادا قاتتىق ئىخلاسمەنلىك بىلەن

ئىبادەت قىلىش ۋە دەرۋىشلىك يولىنى تۇتۇش پانىي دۇنيا ئۈچۈن ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈلۈك بولغىلى، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكىلى بولاتتى. ناھايىتى روشەنكى، ئودغۇرمىشنىڭ بۇ ئالەمدىكى بارلىق ئىش ـ ئەمەللىرى يەنى پانىي دۇنيانى تەرك قىلىش، كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغدا ئىتىكاپ قىلىش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەي تەقۋادارلىق ھالدا ئىبادەت بىلەن بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىشنىڭ يول خېتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى، بۇ خەتنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن پانىي دۇنيادىن ۋاز كەچتى، ھەممە ئۈمىدىنى باقىي دۇنياغا يۈكلىدى. بۇددا دىنى ئاخىرەتلىك دىن، ئودغۇرمىشنىڭ پانىي دۇنيا ۋە باقىي دۇنيا توغرىسىدىكى مانا بۇ قاراشلىرى بىلەن بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدا قىلچە ئىختىلاپ يوق ئىدى.

بۇددا دىنىنىڭ دۇنيا قارىشىچە، ھاياتلىق ۋە ئالەم ھادىسىلىرى بىردەك كۆپ خىل سەۋەب ۋە شارائىتلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولاتتى. بۇ بۇددا دىنى ئەقىدىسىدىكى سەۋەب ـ دەلىل تەلىماتى①نىڭ دەل ئۆزى ئىدى. سەۋەب ـ دەلىل تەلىماتى بۇددا دىنىدىكى بارلىق ئەقىدىلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغاچ بۇ نەزەرىيە بىلەن بارلىق ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە شەيئىلەرنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشى ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى دەلىللىگىلى بولاتتى. ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر، بارلىق ھادىسىلەر-

① سانسكرىتچە Pratityasamutpāda، بۇ تەلىمات بارلىق شەيئىلەر سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئىچىدە بولىدۇ، بەلگىلىك شارائىتتا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ دېگەن كۆز قاراشتا تۇرۇپ، ئالەم، جەمئىيەت، ھاياتلىقنى ۋە بۇ خىل مەنىۋى ھادىسىلەرنىڭ مەنبەسىنى شەرھلەيدۇ — ت.

نىڭ ھەممىسى پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش، يوقىلىش ۋە پەيدا بولۇشتىن ئىبارەت بىر- بىرىگە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت ئىچىدە مەۋجۇت بولاتتى، ئۇ يەنە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزگىرىدىغان جەرياندا ياشايتتى. بۇ بۇددا دىنىدىكى «پۈتكۈل نەرسە ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن كۆز قاراش ئىدى.

ئودغۇرمىشنىڭ ھاياتلىق ۋە بۇ دۇنياغا بولغان كۆز قاراشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بۇددا دىنىدىكى ئەنە شۇ ھەرىكەت كۆز قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى زىياپەتكە ئوخشاتقانىدى. بۇ ھەقتە داستاندا مۇنداق يېزىلىدى:

بۇ دۇنيا يېيىقلىق گويا بىر داستىخان،
كىشىلەر يەر ئۇندىن نېمەتلەر ھامان.

كى بىزدىن بۇرۇنقى ئەۋلاد كەلدىلەر،
ئۇنىڭدىن يېدى، تويدى، ئۆلۈپ كەتتىلەر.

ياتۇر بىر توپ كۈتۈپ مەھشەرنى ھامان،
قىچقىرۇر، بارارمىز بىزمۇ بىگۇمان.

تېخى بىر گۇرۇھتۇر قېرىندىكىلەر،
كى بىزدىن كېيىن ئۇ داستىخانغا كېلەر.

كېتىشنى كۈتەر ئەمدى بىزدىن بۇلار،
بېرىشنى كۈتەر، بوتام، بىزدىن ئۇلار.

بۇ كۈن بىزگە تەگدى داستىخان يېمى،
بېرۇر قانچە كىيمەك ـ يېمەكلىك تېخى.

چاقىرار ئۇ تامان بىزنى ئۆلگەنلەر،
قوپ كەت، دەپ قوغلايدۇ تۇغۇلمىغانلار.

(5338 — 5344 - بېيىتلار)

دۇنيا زىبايەتكە ۋە سەھنىگە ئوخشايتتى. ھەممە دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ بارلىقى مۇشۇ زىبايەتتە ئولتۇراتتى ھەم ھاياتلىقنىڭ مۇشۇ سەھنىسىدىن ئۆتەتتى. پادىشاھلار بولسۇن مەيلى گادايلار بولسۇن، ئۇلۇغلار بولسۇن ياكى ئاۋام خەلق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقاندىقى بۇ سورۇندا ياكى بۇ سەھنىدە مەڭگۇ تۇرالمايتتى، ئالدىنقىلار كەتسە كېيىنكىلەر كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى خۇددى ئېقىن سۇغىلا ئوخشايتتى. ئودغۇرمىش: «تىرىكلىك خۇددى شامالغا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ»، «ھاياتلىق خۇددى ئادەم مېڭىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك كېتىپ قالىدۇ» (3356 - بېيىت)، «ئادەم پەقەت ئىككى كۈنلۈكلا مېھمان، ئىككى كۈنلا داۋاملىشىدىغان ھالاۋەتنى دەپ ھاياتقا ئېرىشمەككە نېمانچە ئىنتىلىسەن؟» (3618 - بېيىت) دەپ خىتاب قىلغانىدى. ئۇ يالغۇز ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى ھەققىدىلا ئەپسۇسلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر تۇراقسىز، «بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ئۆتكۈنچىدۇر، بۇ دۆلەت ئوتىمۇ (بىر كۈنى) ئۆچىدۇ» (5324 - بېيىت)، «بىۋاپا دۇنيا تۇراقسىزدۇر، بەخت چۆگىلەپ تۇرىدۇ» (3533 - بېيىت)، بىر كىشى بۈگۈن باي بولغان بولسا، ئەتە نامراتلىشىپ كېتىدۇ، بىر كىشى بۈگۈن نامرات بولغان بولسا، ئەتە باي بولۇپ كېتىدۇ دەپ قارىدى. ئودغۇرمىشنىڭ قارىشىچە بۇ تۇراقسىز دۇنيانى تەرك ئەتكەندىلا كىشى ئاندىن پانىي دۇنيانىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيتتى، ئۆزىنى ھەممىدىن خالىي تۇتقاندا ئاندىن ئازابتىن قۇتۇلالايتتى، كۆڭۈلنىڭ ئارامىلىقىغا ئېرىشەلەيتتى.

ئودغۇرمىشنىڭ تۇرمۇش كۆز قارىشى ھەم ھاياتلىق پەلسەپىسى تەھلىل قىلىنسىلا، ئۇنىڭدا بۇددىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنىڭ ناھايىتى روشەن مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا ئودغۇرمىش ئوبرازىنى نوقۇل ھالدا ئىسلام دىنىدىكى سوپىزم دەرۋىشلىرىنىڭ تىپى دېيىشنىڭ ئۆزى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى.

ئىسلام دىنى پانىي دۇنيالىق دىن بولۇپ، ئۇ بۇ دۇنياغا قارىتا جەزملەشتۈرۈش پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى، ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ بۇ ئالەمدىكى نېمەتلەردىن بەھرىمەنلىنىشىگە رۇخسەت قىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ئۆز مۇرىتلىرىغا: «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر»① دەپ ئۆگەتتى. «قۇرئان» يەنە دۇنيا تىرىكچىلىكى «ئويۇن-تاماشىدىنلا ئىبارەت»②، «ئۇلار پانىي ئالەمدىن خۇش بولۇپ كېتىدۇ»③ دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇلار بۇددىزمنىڭ بۇ دۇنيانى ئازاب دېڭىزىغا ئوخشاتقان كۆز قاراشلىرىدىن ئەلۋەتتە پەرقلىق ئىدى.

ئىسلام دىنى بۇ دۇنيالىق دىن، لېكىن ئىسلام ئەقىدىلىرىدىمۇ ئۇ دۇنيا ھەققىدىكى قاراشلار بار. «قۇرئان» كىشىلەرگە مۇسۇلمانلار ئۆلگەندىن كېيىن ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، دائىملىق جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ،

---

①②③ «قۇرئان» ماجەن تەرجىمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1981-يىل خەنزۇچە نەشرى، 37-، 96-، 189-، 224-بەتلەر.

ئۇلار بۇ جەننەتتە ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى سالدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، چىرايلىق گۈزەل قىزلار ئالتۇن تەخسىلەرگە شارابۇ ئەنتەھۇرنى ئېلىپ كېلىپ مېھمان قىلىدۇ①. كىشىلەرنىڭ ئىش-ئەمەللىرىنىڭ ۋاقت-قارارى كەلگەندە جىبرائىل ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى. ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىغا نىسبەتەن، تۇغۇلۇش خۇشاللىق، ئۆلۈم ئازابلىق ھېسابلانمايتتى. ئىسلام دىنى تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش ۋە ئۆلۈمدىن ئىبارەت مۇشەققەتلەرنى بازارغا سالمايتتى ھەم ئۆلۈمنىڭ قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاز تەشۋىقات قىلاتتى. ھايات-ماماتلىققا بولغان پوزىتسىيىسى مەسىلىسىدە ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىسى باشقا-باشقا نەرسە ئىدى.

ئودغۇرمىشنىڭ دىنىي كۆز قارىشى ئەلۋەتتە پانىي دۇنيالىق دىن — ئىسلام دىنىنىڭ دىن كۆز قارىشى كاتېگورىيىسىگە تەۋە ئەمەس، بەلكى باقىي دۇنيالىق دىن — بۇددا دىنىنىڭ دىنىي كۆز قارىشى سىستېمىسىغا ئەتەللۇق ئىدى.

بۇددا دىنى ماھايانا ۋە ھىنايانا دەپ ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنەتتى. ھىنايانا مەزھىپى ئادەمنىڭ ھاياتىنى مەركەز قىلغان ھالدا سەۋەب-دەلىل نەزەرىيىسىنى شەرھلەيتتى. «ئۆلۈم» ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنى كۆزىتىشىنىڭ باشلىنىشى قىلىناتتى. ئۇلار «ئۆلۈم» نى ھەقىقىي ئازابنىڭ سەۋەبلىرى قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىش، كىشىلەردىن ئايرىلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش، نەپسىنى يىغىش، ئۆزىنى خالاسلاندۇرۇش قاتارلىقلار بۇددا دىنىدىكى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىدى. ئودغۇرمىشنىڭ

① يۇقىرىقى كىتاب 243 - بەت.

دۇنيا قارىشى ۋە كۆز قاراشلىرى، تەشەببۇسى بۇددا دىنىدىكى
ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى،
ئۇنىڭ ئوبرازى بولسا بۇددا ھىنايانا مەزھىپىدىكى دەرۋىش-
لەرنىڭ ئوبرازى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.
ئىسلام دىنىدىكى سوپىزمدا بۇددا دىنى تەسىرى ناھايىتى
چوڭقۇر. بۇ مەزھەپنىڭ دەسلەپكى شەكىللەنگەن ۋاقتىدىكى
كەمبەغەللىككە تەن بېرىش، مۇشەققەت تارتىش، نەپسىنى
يىغىش قاتارلىق تەشەببۇسلىرى ئىچىدە بۇددا دىنى ئىدىيىسە
تامغىسى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى. سوپىزم گەرچە ئىس-
لام دىنىدىكى بىر مەزھەپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئور-
دوكسال ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا يەنە ناھايىتى
چوڭ پەرق بار، ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ. ئىس-
لام دىنى — بىر خۇدالىق دىن، ئەمما سوپىزمدا پاك ئىلاھلىق
ئىدىيىسى بار، ئۇنىڭ ئېتىقادى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى، يېڭى
پلاتونچىلارنىڭ تەسەۋۋۇپلىرى شۇنىڭدەك بۇددا دىنى ئىدىيە-
سى بىلەن بىرىككەن گەۋدە بولغاچقا، ئۇنىڭدىن شامان دىنىنىڭ
ئىزنالىرىنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. بۇ مەزھەپ مىلادى 7 - ئەسىردە
پەيدا بولغان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى كەم-
بەغەللىكنى تەكىتلەش، مۇشەققەت تارتىش ھەم نەپسىنى
يىغىش ئىدى. 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سوپىزم
ئىككىنچى باسقۇچقا كىردى، تەسەۋۋۇپنىڭ ئاللا بىلەن بىر بولۇپ
كېتىشىنى قاتتىق قوغلىشىش مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بو-
لۇپ قالدى. سوپىزم ئەزالىرى تەسەۋۋۇپنىڭ تاۋلىشى ئارقىلىق
ئاندىن پىنھانلىقتا ۋە ياكى ئىلاھنىڭ زاتىغا ئۇلىشىدىغان رو-
ھىي دۇنياغا يەتمەكچى بولدى. ئۇلار پانىي دۇنيادىن ئايرىلىپ
دەشتلەرنى كەزدى، جۇل - جۇل ئىگىزلىكلەرنى كېزىشتى، ياۋا-
يى ھايۋانلار بىلەن بىللە ياشىدى. كۆپ ھاللاردا خۇدىنى

يوقىتىپ، ئورنىدا ئەسەبىيلىشىپ، ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى قوغلاشتى، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئارىلاشما روھىي دۇنياسىنى ئاسانلىقچە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

بىز ئودغۇرمىش ئوبرازىدىن سوپىزم مۇرىتلىرىنىڭ بۇنداق تەلۋىلىكلىرىنى ئاز چىپلىقتۇرىمىز، ئۇلارنىڭ ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى توغرىسىدىكى كۈچلۈك ئىزدىنىشلىرىنىمۇ كۆرەلمەيمىز. ئەكسىچە، بىز ئۇنىڭدا بۇ دۇنيانىڭ تېتىقسىزلىقىدىن جاق تويغان، بۇ دۇنيادىن ئىخلاسى يانغان، جەبىر-جاپا تارتىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن، خاتىرجەملىك ۋە پىنھانلىقنى خالايدىغان بۇددا دەرۋىشلىرىنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمما، بۇ ئودغۇرمىش ئوبرازىنىڭ سوپىزم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دېگەنلىك ئەمەس. ئودغۇرمىش ئوبرازىدا ھەقىقەتەن سوپىزم مۇرىتلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەسىلەن، داستاندا: «ئىگەمنىڭ يادى ماڭا ھەمراھ بەس، (ئۇ) سۆيۈنچۈمگە سۆيۈنچ، ئۇنىڭ يارلىقى (مەن ئۈچۈن) كۇپايە، شادلىقىمغا شادلىق» (4762 - بېيت)، «ئۆزۈم يالغۇز قالغاندا، ئىگەمنىڭ يادى كۇپايە، (قىلىدىغان) سۆزلىرىمگە ئىگەمنىڭ نامى كۇپايە» (4793 - بېيت) دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بار. داستاندىكى بۇ بېيتلار ئودغۇرمىشنىڭ خۇداغا بولغان سېغىنىشىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى. ئۇ ئۆگدۈلمىشكە ئويغانغان ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بەزىلىرى باياۋان كېزىپ، يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، خۇدادىن قورقۇپ، ھەسرەت چېكىدۇ. بەزىسى جەندە كىيگەن، مۆكچەيگەن، بەزىسى كۆزلىرى ياشلىق (ھالدا) جاھان كېزىدۇ. بەزىسى ئاش-تاماق يېمەي، ئۆزىنى جۇدۇتىدۇ، بەزىسى كېچىدە ياتماي، تىك تۇرۇپ (تاڭ ئاتقۇ-

ژىدۇ)» (6156 - بېيىتتىن 6158 بېيىتقىچە). ئاپتور ياراتقان ئودغۇرمىش ئوبرازى گەرچە تەلۋە سوپىزم مۇرىتلىرىنىڭ بىر تىپى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ كۆڭلىدە ئودغۇرمىش ئوبرازى سوپىزم مۇرىتلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئىدى.

ئودغۇرمىش ئوبرازى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم كۆز قارىشى بىلەن ئىسلام دىنىدىكى سوپىزمنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئوبراز بىزگە 11 - ئەسىردە ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىپ كىرگىنىگە 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغانىدى، ئەمما ئودغۇرمىشنىڭ پائالىيەتلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇددا دىنىنىڭ كۆز قاراش ۋە ئىدىيىسىنىڭ بۇ رايونلاردىكى تەسىرى يەنىلا ناھايىتى زور ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز يەنە مۇنداق بىر نۇقتىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايمىزكى، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ھەمدە بۇددا دىنى ۋە شامان دىنىنىڭ تەسىردە قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولغانىدى. تارىخىي ھۆججەتلەر ناھايىتىمۇ كەمدىن كەم ئەھۋال ئاستىدا ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت بۇ ئوبراز قەدىمكى غەربىي رايون شۇ-نىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىن، پەلسەپە تەتقىقاتىنى يېتەر-لىك قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئودغۇرمىش «قۇتادغۇبىلىك» تە دىن ۋە باقىي ئالەمنىڭ سىمۋولى. پادىشاھ كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئايتولدى ئوبرازلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە تەشەب-

بۇسلىرى ئەلۋەتتە بىر قەدەر پاسسىپ. بۇ نۇقتا ئودغۇرمىش ئۇبرازى ھەققىدە توختالغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭدا دائىم دېگۈدەك كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنماي قالىدىغان بىر نۇقتا، شائىر يۈ-سۈپنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارنى پاش قىلغانلىقى، تەنقىدلىگەنلىكى ھەمدە ھۆكۈمرانلارغا نەسىھەت ۋە تەنبىھ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئودغۇرمىش پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلغان چاغ-دا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاچكۆزلۈك تەبىئىتىنى قىلچە يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايلا ئۇلارنى يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ پاش قىلىدۇ ۋە پادىشاھ كۈنتۇغدىغا مۇنداق دەيدۇ:

ئىلىگ ئى، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ كۆر قاراپ،
توپلايسەن ئۆزۈڭگە مالنى مۇنچىلاپ.

......

يىغىلدى تۈمەننىڭ سۈپەتلىك تېتىر،
دالادا تولا ئات، ئوقۇردا قېچىر.

يۇرەر قىر - تاغلاردا يەرنى قاپلاپ قوي،
قۇل، چۆرە، خىزمەتچىڭ ئەڭ مۇلايىم خوي.

قاچۇرماس ئۇچارلىقنى سېنىڭ قۇشلىرىڭ،
يۈرگۈزمەس يۈرەرلىكنى ئالغۇر ئىتلىرىڭ.

ئاتالىق، ئاتاسىز قالۇر ئو يالغۇز،
ئانالىق، ئاناسىز بولۇر بىر ئوكسۈز.

......

قاراپ كۆرسە ھەممە ھېرىسلىق ئىرۇر،
بۇ ئاچكۆز كىشلەر قاچانمۇ تويۇر؟

كۆزى ئاچ كىشى مالغا تويماس كۆزى،
مەگەر تولمىغۇنچە قارا يەر تۇزى.
(5361 — 5390 - بېيىتلار)

ئودغۇرمىش بۇ دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن، ھۆكۈمرانلارنىڭ مال - دۇنيالىرىنىڭ ھېسابسىز ئىكەنلىكى ئەمما پۇقرالارنىڭ «ئاچ - يالىڭاچ، قايغۇ بىلەن نادامەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى»، «زۇلۇم - مۇشەققەت تارتىپ كەمبەغەللىك بىلەن ئەلەم چېكىدىغانلىقى» (5242 — 5243 - بېيىتلار) دىن شىكايەت قىلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پۇقرالارنىڭ مۇشۇنداق ئەلەم تارتىشى پادىشاھلارنىڭ دۆلەتنى ئوبدان ئىدارە قىلمىغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ: «قارا، بۇلارنىڭ داۋاسى سەندە، دورا - دەرمان بىلەن داۋالا، تېۋىپ بول»، «ئەگەر سەن دورا - دەرمان بىلەن داۋالىمساڭ، خەلق ھاياتىنىڭ ئاپىتى بولسەن» (5244—5245 - بېيىتلار) دېدى. ئودغۇرمىش بىر تەرەپتىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن نامراتلىقتا تۇرۇۋاتقان كەمبەغەل پۇقرالارغا ناھايىتى قاتتىق ھېسداشلىق قىلدى. ئودغۇرمىشنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئودغۇرمىش كۈنتۇغدى ۋە ۋەزىر ئايتولدىلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيانىڭ تۇرمۇش مەئىشەتلىرى بىلەن مەست بولۇپ كەتمەسلىكنى، بايلىق توپلاش بىلەن بولۇپ كەتمەسلىككە، ئەكسىچە ساخاۋەتلىك ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشقا، دۆلەتنى ئوبدان ئىدارە قىلىپ ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئاگاھلاندۇردى، ئۇ كۈنتۇغدى پادىشاھقا: «خۇشاللىق بىلەن

ئەيش - ئىشرەت ھەممىسى غەپلەتتۇر» (5270 - بېيىت)،
«غەپلەت ئادەمنى نابۇت قىلىدۇ» (3267 - بېيىت) دېدى.
ئۇ پادىشاھ كۈنتۇغدىغا نەسىھەت قىلىپ: «بىخۇد بولما، بىخۇد
بولساڭ، بەگلىك كېتىپ (قالىدۇ)، بىخۇدلار ھەر ئىككى دۇنـ
يادا نادامەت چېكىدۇ» (5259 - بېيىت) دېدى. ئودغۇرمىشنىڭ
تەركىدۇنيا بولۇش تەشەببۇسى پاسسىپ، ئەمما ئۇنىڭ ھۆ-
كۈمرانلارنى تەنقىد قىلىشى، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشى خۇددى
ئاغرىق ساقايتىدىغان دورىغىلا ئوخشايتتى. ئۇ كۈنتۇغدى، ئاي-
تولدىلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە
قىلىپ خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىشىدا بەلگىلىك رەۋىشتە
ئاكتىپ رول ئوينىدى.

# سەككىزىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سېھرىي كۈچى

## بىرىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى

شېئىر — تىل سەنئىتىدۇر. بۇ ھەقتە گېگىل: «شائىر ئۆزىنىڭ ئوي-پىكرى (كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويغان لايىھە) نى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەپ تىلى بىلەن خەۋەر قىلىشى كېرەك. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەممىدىن ئاۋال ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن كۆز قاراشلىرىنى تىل تەمىن ئەتكەن ۋاسىتىدىن پايدىلىنىپ خەۋەر قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئادەتتە، كۆز قاراش ناھايىتى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا تىل ۋە يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندىلا، شېئىر ئاندىن ھەقىقىي شېئىر بولالايدۇ»① دېگەنىدى. يېزىق، تىل — شېئىرنىڭ ماددىي شەكلى، يېزىق، تىل بولمىسا شېئىرمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ شېئىرلىرىدا ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ تىلى قوللىنىلىدۇ. ئوخشىمىغان دەۋردىكى شېئىرلاردا ئوخشىمىغان دەۋرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. شېئىرنى تەتقىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن شېئىرنىڭ تىلى تەتقىق قىلىنىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ھەم ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىنلا

---

① گېگىل «ئېستېتىكا»، 3 - جىلد 2 - كىتاب، شاڭۇۋ كىتابخانىسى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 63 - بەت.

ئۆزلىرىنىڭ مىللىي يېزىقى بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال
قوللانغان يېزىقى قەدىمكى تۈرك يېزىقى بولۇپ، بۇ يېزىق-
نىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قەدىمكى شىمالىي ياۋروپادىكى رو-
نىك (Runic) يېزىقىغا ئوخشىغاچقا، ئادەتتە قەدىمكى تۈرك
رونىك يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. مانا مۇشۇ يېزىق بىلەن ئويۇپ
يېزىلغان مۇھىم ئابىدىلەر موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى ئورخۇن
دەريا ساھىلى ۋە سىبىرىيىدىكى يېنىسەي دەريا ساھىلىدا چېچ-
ىلىقتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇنى ئورخۇن - يېنىسەي يې-
زىقى دەپ ئاتىشىدۇ.
مىلادى 8 — 9- ئەسىرلەردە قەدىمكى تۈرك - رونىك يې-
زىقىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشى» ۋە
«توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قاغان مەڭگۇ تې-
شى» قاتارلىق تاش ئابىدىلەر نۆۋەتتە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى
ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت. بۇنىڭدا ئۇيغۇر خاقانلى-
رىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى يېزىلغان بولۇپ، يېزىقنىڭ را-
ۋان ۋە چۈشىنىشلىك بولغانلىقى، تىلىنىڭمۇ جانلىق چىققان-
لىقى، ئېپوسقا ئوخشاش ئۇلۇغۋار تۈس ئالغانلىقى، شۇ چاغ-
دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچ-
قا يەتكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلەيتتى.
مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ئاساسىدا
ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىدىن تۆۋەنگە تىك يېزىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىنى
ئىجاد قىلغانىدى. مىلادى 8 — 15 - ئەسىرلەردە تۇرپان-
دىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە
بولغان رايونلاردا ئۇيغۇر يېزىقى ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە
قوللىنىلغانىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ھۆج-
جەتلىرى ھەم داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىم-
كى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى. مەسىلەن، سەھنە ئەس-

ري «مايتري سىمت»، داڭلىق تەرجىمان سىڭقۇسالى تەرىپىدىن خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى — «ئوغۇزنامە» شۇنىڭدەك خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدە ناھايىتى زور تەسىرى بار ئەسەرلەر بولۇپ، بىردەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىمۇ ئالىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. مانجۇ يېزىقى، موڭغۇل يېزىقلىرى ھەممىسى دېگۈدەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنىدى. دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىر مەخسۇس پەن قاتارىغا قويۇلدى.

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىردى. ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئەرەب يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەپ يېزىلغان ئۇيغۇر يېزىقى تەدرىجىي ھالدا سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇ يېزىق ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تاكى ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا.

«قۇتادغۇبىلىك» قايسى يېزىقتا يېزىلغان؟ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى قول يازمىسى ھازىرغا قەدەر تېپىلمىدى. ئەمما تېپىلغان بىر قانچە خىل نۇسخىسى ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىرى ھەم ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان-

لىرى تېپىلدى. شۇڭلاشقا بۇ مەسىلىگە قارىتا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش بولماي كەلدى.

بىرىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى ئورگىنالى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان دەپ قارايدى. بۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسى ئىككى: بىرىنچى، بۇ كىتاب تاماملانغان چاغدا، ئىسلام دىنى قاراخانىلار سۇلالىسىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان بولۇپ، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئىككىنچى، داستاندىكى بېيىتتا «لام» دېگەن كەلىمە بار بولۇپ، 1953 - بېيىتتا: «‹بەگ› دېگەن نام ‹بىلىگ› سۆزى بىلەن باغلىقتۇر، ‹بىلىگ› دىن ‹لام› نى ئېلىۋەتسە ‹بەگ› نامى قالىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. «لام» ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى خەت ئىدى.

ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ قارىشىچە، كىتابنىڭ ئەسلى ئورگىنالى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانىدى. بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنى تەسنىف قىلغۇچى، تۈركىيىلىك ئالىم رەشىت رەھمەتى ئارات دوكتور بولدى. ئۇ ئىسلام دىنى گەرچە قاراخانىلار سۇلالىسى تەرىپىدىن دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىلەنگەن ئۇيغۇر يېزىقى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە بىللە قوللىنىلغان دەپ قارايدى. يەكەندە تېپىلغان ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەتلەر بۇنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك دەلىلى. ئۇنىڭدىن سىرت، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يارلىق، ھۆججەتلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازدىغانلىقىغا ئائىت

خاتىرىلەر كۆرۈلمەكتە، شۇڭلاشقا ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تۇنجى ئورىگىنالىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دېدى.

تۈركىيىلىك ئالىم رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشىدا بەلگىلىك ھەقىقەت بار. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەتىنىدىن قارىغاندا، گەرچە ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتىمۇ يۈزەكى ئەھۋال ئىدى. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بېرىلسا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەسەرگە بولغان تەسىرىنىڭ بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەسلىكى، ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىلىرى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكى، پارس - ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى تېخى ئەمدىلا تارقىلىپ كىرگەچكە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرىنىڭ تېخى چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولاتتى. بەزى تىلشۇناسلارنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، 6000 دىن ئارتۇق بېيىتتىن تەشكىل تاپقان بۇ كاتتا ئەسەردە قوللىنىلغان پارس - ئەرەبچە كەلىمە 100 دىن ئاشمايدۇ. نۆۋەتتە تېپىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان يەنە بىر داستان — «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر ئىشىكى) نىڭ 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كۆچۈرۈلگەن ئىككى پارچە نۇسخىسىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. 15 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. قاراخانىلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندىكى بەزى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدى-

غان خەلقلەر 17 ـ ئەسىرگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشـ
لەتكەن. بۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن خېـ
لى ئۇزاققىچە يەنىلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەنـ
لىكىنى چۈشەندۈرەتتى. شائىر يۈسۈپ ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي
تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۈسـ
تىدە قاتتىق ئىزدەنىدى، ئىسلام دىنى ئەمدى تارقىلىپ كىرـ
گەن دەۋردە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كەڭ ئۇيغۇرلار ھەم
ھەرقايسى تۈرك قەبىلىلىرى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىۋاتقان
ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقى بىلەن يېزىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئەرەب يېزىقى بىلەن
يېزىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ ئىدى. ئەمدى
داستاندىكى «لام» كەلىمىسىگە كەلسەك، ئۇنى ئېھتىمال كىـ
يىنكىلەر ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن چاغدا قوشۇپ
قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسەرنى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ بەزى
مەزمۇنلارنى كۆچۈرۈش جەريانىدا قوشۇپ قويۇلۇشى — ھەرـ
قايسى ئەللەردىكى ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تارقىلىش
جەريانىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل
ھادىسە.

«قۇتادغۇبىلىك» پەلسەپىۋىلىكى ھەم پوبلىستىكىلىقى
ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر شېئىرىي ئەسەر، ئۇنىڭدا ئابستراـ
كتىنى كۆز قاراشلار، تەنبىھ، نەسىھەتلەر كۆپ، ئوقۇغۇچىلارـ
نى قىزىقتۇرىدىغان تەرەپلىرى كەمرەك. ئەمما شائىر يۈسۈپ
مول ئەدەبىي تالانتقا ۋە ناھايىتى ئۈستۈن تىل ماھارىتىگە
ئىگە بولغاچقا، بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ناھايىتى جانلىق، ئۇز بوـ
لۇپ، كۈچلۈك سەنئەت سېھرىي كۈچىگە ئىگە، شۇ تۈپەيلىـ
دىن ئۇ ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر
ئەدەبىياتىدا ئاز كۆرۈلىدىغان قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمى
بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» نە ناھايىتى نۇرغۇن ئوخشىتىش ۋە سىپىلىشتۇرۇش قوللىنىلغان. شائىر ھەرىكىتى چەبدەس «تىكە» ئارقىلىق غىل-پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كېتىدىغان «دۆلەت»نى، «بۇلاق»، «ئېقىن سۇ» ئارقىلىق ئەقىل-ئىدراكلىقلارنىڭ ئىلىم-ھېكمەتلىرىنىڭ ئېقىن سۇدەك ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقى ۋە بۇلاقتەك ئېتىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، «چۆل-باياۋان» ئارقىلىق بىلىمسىزلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ قۇرۇق بولىدىغانلىقىنى، «شامال» ۋە «گۈركىرەپ چىقىپ توختاپ قالىدىغان بوران» ئارقىلىق ئۆمرىنىڭ قىسقا بولىدىغانلىقىنى، «بۆرە بىلەن قوينىڭ بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچىشى» ئارقىلىق جاھاندىكى ئەمىنلىك ۋەزىيەتنى سۈرەتلەپ بەردى. بۇلاق، دەريا سۈيى، چۆل-باياۋان، شامال، بۇلۇت، شۇنىڭدەك تىكە، بۆرە، قوي قاتارلىق سىمالار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا دائىم كۆرگىلى بولىدىغان، ناھايىتى تونۇشلۇق نەرسىلەرئىدى. مانا مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن سىمالاشتۇرغاندا، مەقسەت، مۇددىئانى ئايدىڭ قىلغىلى ھەمدە خەلق ئاممىسىغا بىر خىل يېقىملىق ھېسسىيات بېغىشلىغىلى بولاتتى.

شائىر يۈسۈپنىڭ بەزى ئوخشىتىشلىرى تولىمۇ يېڭىلىققا ئىگە. داستاندا ئۇدغۇرمىش تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۆز قارىشىنى شەرھىلىگەن چاغدا پانىي دۇنيانى بىر ياسانچۇق كېلىنگە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

بېزەكلەپ بۇ دۇنيا ئۆزىنى كۆرسىتۇر،
ياسانغان كېلىندەك دىلنى ئويىنتۇر.

كۆڭۈل بەرسەڭ بولۇر، ھاياسىز قېرى،
تۇتۇپ يەڭ، ياقاڭدىن، بىتمەس گەپلىرى.

جاپادۇر قىلدقى، ئۇندا ۋاپا يوق،
ئۇ تۇرماس بىر ئەردە ئۈچ ئايمۇ تولۇق.

كىمكى كۆكۈل بەرگەن بولسا ئاڭا،
قىلۇر زايە، ئەپسۇس، ھاياتىنى مۇڭا.

(3540 — 3543 - بېيىتلار)

ئۇدغۇرمىش ياسانغان كېلىنىدەك دىلىنى ئويىنىتىدىغان، كۆكۈل بەرسە يۈز ئۆرۈيدىغان تۇراقسىز ئاياللارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ كىشىلەرنى كولدۇرلىتىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئوبرازلاشتۇردى ھەمدە كىشىلەرگە بېزەكلەپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا يوقايدىغان بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. بۇ يەردە ئابستراكتنى ئۇقۇم بىلەن دىنىي تەرغىبات ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئوبرازلار ۋاستىسىدە ھەم جانلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق سۈرەتلەپ بېرىلدى. بۇ كىشىلەرگە قۇپ-قۇرۇق، تەمسىز لەززەت ئەمەس، بەلكى ناھايىتى تەملىك ۋە چەكسىز لەززەت ئاتا قىلدى.

ئوخشىتىش بىلەن سېلىشتۇرۇش تەڭ قوللىنىلغان ئەھۋال «قۇتادغۇبىلىك» تە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۆگدۈلمىش ئۆتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

چېچىم بولدى شۇڭقار تۈسىدەك ئالا،
ساقالىم كۆزدىكى ئوتتەك بولدىلا.

ئوتتۇز ئىككى چىشىم — ئاپئاق ئۈنچىلەر،
ئۆزۈلدى يىپى، كۆر، چېچىلدى ئۇلەر.

كۆرەتتى كۆزۈم كۈن چۈشكەن يەرنى ھەم،
قارايدى، كۆرەلمەس تۇرغان ئەرنى ھەم.

قۇلاق سالسام ئاڭلار ئىدىم كۆپ يىراق،
ئىشارەت قىلۇرمەن بۇ كۈن قوللە، باق.

قارا ئەردى قۇزغۇن تۈسىدەك بېشىم،
قوغۇ قوندى باشقا، يېتىلدى يېشىم.
(بېيىتلار - 5643 — 5639)

بۇ يەردە ئوخشىتىشلار ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى يېڭى خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سىپلىشتۇرۇشمۇ ناھايىتى روشەن. قىسقىغىنا بەش كۇپلېت بېيىت بىر چېچى ئاقارغان، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن، كۆزى خىرەلىشىپ نۇرسىزلانغان، قۇلىقى ئاڭلىيالماس بوپقالغان، قەدەملىرى كەمىلەپ مېڭىشى قىيىنلاشقان بىر قېرى ئادەمنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. يۈسۈپنىڭ قەلەم ماھارىتى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مول تەپەككۇر كۈچى ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلماي تۇرالمايدۇ.

شائىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىن روھىي ئوزۇق ئالدى، داستانغا كىرگۈزۈلگەن كۆپتىن - كۆپ ئوخشىتىش، سىپلىشتۇرۇش، ئەقلىيە سۆزلەر، خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەتتى. داستاننىڭ تىلى ئەقىل - ئىدراككا تولغان. شۇڭلاشقا، بۇ پەلسەپۋىلىكى، پۈبلىستىكىلىقى كۈچلۈك بولغان شېئىرىي ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى ھەرگىزمۇ ئۇنى قۇرۇق، مەنىسىز، مەززىسىز ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىكى بەزى

ماقامىغا يەتكەن بېيىتلار، يېڭى ھەم جانلىق ئوخشىتىشلار دائىم كىشىلەرگە باشقىچە لەززەت ۋە ئېستېتىك زوق بېرىدۇ. بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلار ھەم تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ شائىرلىرى پات - پات نەقىل كەلتۈرىدىغان، شۇنداقلا ئىجادىيەتلىرىدە ئۆرنەك ئالىدىغان مەنبە بولۇپ قالدى.

جانلاندۇرۇش، ئوبرازلىق ئوخشىتىش، مول باي تەپەككۇر، ئەقلىيە سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىشى — «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىر روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، شەرق شېئىرىيىتىدىكى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مول ۋە ھەر خىل بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر دائىم دېگۈدەك غەرب ستىلىستىكا شۇناسلىرىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر ئىش. گېگىل شەرق شېئىرىيىتى ھەققىدە توختالغىنىدا: «شەرقنىڭ شېئىرلىرى كارتىنا ۋە ئوخشىتىش جەھەتتە ناھايىتى سەلتەنەتلىك ھەم شانلىقتۇر»① دېگەنىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ناھايىتى زور مىقداردىكى پەلسەپىۋىلىككە ئىگە ئابستراكتنى ئاتالغۇلار ھەم خەلق ئارىسىدىن توپلانغان ناھايىتى كۆپ ئوبرازلىق، جانلىق ئاتالغۇلار بار. سۆز - ئىبارىلەر مول، ئىپادىلىنىشى ئوچۇق ھەم توغرا. بۇ داستان ئۇيغۇر مىللىي تىلىنىڭ يېتىلىپ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، ئۇيغۇر شۇنىڭدەك تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىلىنىڭ نەمۇنىسى. شائىر يۈسۈپ ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتى تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بېكىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.

① گېگىل: «ئېستېتىكا» 3 - جىلد 2 - كىتاب، شاڭۋۇ كىتابخانىسى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 60 - بەت.

شېئىر تىلى ئاغزاكى تىلغا ئوخشىمايدۇ، نەسىر تىلىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. شېئىرنىڭ تىلى ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلار ناخشىغا ئوخشاش ئوقۇلاتتى. شېئىرنىڭ تىلىدىكى ئاھاڭدارلىققا ئىگە خۇسۇسىيەتلەر مۇھىمى ئۇنىڭ مۇزىكىلىقى ۋە قاپىيىلىك تۈزۈلۈشىدە ئىپادىلىنەتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. ئەڭ بۇرۇن بۇ شېئىر سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغۇچى 8 - ئەسىردە ياشىغان ئەرەب ئالىمى، شائىر خېلىل ئىبنى ئەھمەد بولۇپ، ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان بۇ شېئىر شەكلىگە ئۆزىنىڭ يۇرتىنىڭ نامى — «ئارۇز» نى قوللانغاچقا، بۇ شېئىر شەكلى ئارۇز ۋەزنى دەپ ئاتالغاندى. ئۇ ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملاردىن تۈزۈلۈپ ئۆزگىرىش ئېلىپ شەكىللەنگەن بىر خىل شېئىر سىستېمىسى بولۇپ، بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بەھرى ھەزەج، بەھرى رەمەل، بەھرى ۋافىر ھەم بەھرى مۇتەقارىپ قاتارلىق 19 خىل بەھرىگە بۆلۈنەتتى. ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ھەربىر مىسراسىدىكى بوغۇملارنىڭ سانى ئوخشاش بولۇشى تەلەپ قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەلگىلىك رىتىم بويىچە تەشكىللەنگەن ئۇزۇن - قىسقا بوغۇملارنىڭ سانىنىڭمۇ تەڭ بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ (mutakarip) بەھرىدە يېزىلغان، ئەگەر «V» بىلەن قىسقا بوغۇملارنى، «—» بىلەن ئۇزۇن بوغۇملارنى ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدىكى شېئىرلاردىكى ئۇزۇن - قىسقا بوغۇملارنىڭ تەشكىللىنىش ئۆلچەم شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

V— — |V — —|V — — |V — — |

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھەر بىر بېيىت ئاساسەن 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەچكە ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇزۇن بوغۇم تاشلىۋېتىلگەن، ئەمەلىيەتتە مۇتەقارىب بەھرىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى قوللىنىلغان. يەنى مۇنداق:

V — — | V — — | V — — | V — |

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى، تۇراقلىرىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز ئۇنىڭدىن ئىككى كۇپلېت شېئىرنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

Ki ximən ü bol maz bu mənü ati
V — — V — — V — — V —
anin mən ü kəl di bu ədgü ati
V — — V — — V — — V —

Θ zün məgü ər məz atin məg ü ol
V — — V — — V — — V —
a tin məgü bol sa əzün məgü ol
V — — V — — V — — V —

تەرجىمىسى:

كىشى مەڭگۈ بولماس، كى مەڭگۈ ئېتى،
شۇڭا مەڭگۈ قالدى بۇ ياخشى ئېتى.

ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەرمەس، ئېتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئېتىڭ مەڭگۈ ئولسا، ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئول.

(228 — 229 - بېيىتلار)

يۇقىرىقى بېيىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى ناھايىتى مۇكەممەل چىققاندى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلغىنى ئارۇز ۋەزنى، ئۇنىڭ شېئىر شەكلى مەسنەۋى (mathnavi). مەسنەۋى كۆپ بوغۇملۇق، ئىككى مىسرالىق بولۇپ، ھەر ئىككىلا مىسراسى بىر-بىرىگە قاپىيىداش بولۇش، قاپىيە شەكلى aa، bb؛ cc بولۇشتەك بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىدىكى داستانلار ئادەتتە ھەممىسى مۇشۇ خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ خىل شېئىر شەكلى مەنتىقە، دىن ۋە مۇھەببەت قاتارلىق باشقا تېمىلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى بېيىتلاردىن بىز مەسنەۋى شېئىر ئۇسۇلى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە كېلەلەيمىز. رىتىمنىڭ دولقۇنلۇق، جاراڭلىقلىقى، قاتتىق قاپىيىداشلىقى شېئىر بۆلەكلىرى ئارىلىقىدىكى سېلىشتۇرمىنى كۈچەيتىپ، شېئىرنى تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئاھاڭدارلىقى ھەم رىتىمىنى ئاشۇرۇپ، ناھايىتى ئۆز مۇزىكىلىق ئۇنۇمىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيتتى.

ئارۇز ۋەزنى بىلەن مەسنەۋى شېئىر ئۇسلۇبى پارس، ئەرەب شېئىرىيىتىدىن كەلگەن. پارس شائىرى روداكى(850—941) نىڭ ئېپىك شېئىرىي داستانى «كەلىلە ۋە دىمنە» شۇنىڭدەك پىردەۋسى (940 — 1020) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «شاھنامە» («شاھىنشاھلار تارىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لەر ئارۇز ۋەزنى بەھرىدە ۋە مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر شائىرلىرى ئىچىدە يۈسۈپتىن بۇرۇنمۇ ئارۇز ۋەزنى بەھرىدە ھەم مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلار بولغاندى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇرغۇنلىغان كۆپ بوغۇملۇق، قاپىيىداش، ئىككى

مىسرالىق، مەزمۇنى جەھەتتە تەنبىھ-نەسىھەتنى ئاساس قىل-
غاندىن باشقا ھەمدۇ سانالارمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇنداق ۋە-
زىن ھەم ئۇسلۇب بىلەن چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنى يازغان
تۇنجى كىشى دەپ شائىر يۈسۈپنى ئاتاش مۇمكىن. ئۇنىڭ
تەسىر كۈچىمۇ ناھايىتى زور ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرك
شائىرلىرى ئارقىمۇ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. تۈركلەرنىڭ
داڭلىق ئەدىبى نەۋائىنىڭ «خەمسە» سى، ئۇيغۇر كىلاسسىك
شېئىرىيىتىنىڭ ئۇستازى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەت
داستانلىرى» شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان چوڭ-كىچىك شائىرلار-
نىڭ شېئىرلىرى ھەممىسى ئارۇز ۋەزنى بەھرى ھەم مەسنەۋى
ئۇسلۇبدا يېزىلدى. بۇ خىل بەھرى ۋە ئۇسلۇب گەرچە
پارس-ئەرەبلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ كەڭ ئۇيغۇر ۋە
تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ شائىرلىرى تەرىپىدىن
قوبۇل قىلىندى ھەم ئۇيغۇر مىللىتى شۇنىڭدىن تۈركىي تىلدا
سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزىن ھەم ئۇسلۇبىنىڭ
ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئىككى مىسرالىق مەسنەۋى شەكىل
ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن داستاننىڭ 173 يېرىدە تۆت
مىسرالىق شېئىر شەكلى بار، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى خەلق ئارى-
سىدىكى ئۇششاق بېيىتلار، دانالارنىڭ ئۆگۈت-نەسىھەتلىرى
قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، تىلى پۇختا، كۈچلۈك مەن-
تىقىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ تۆت مىسرالىق شېئىر تولۇق بىر
مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. قاپىيە ۋە قاپىيە شەكلى
a a b a ۋە a u a a شەكىلدىكىلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلار
تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىكى 绝句 (تۆت مىسرالىق شېئىر)
غا ناھايىتى ئوخشاش، بۇ خىل شېئىر شەكلى ئۇيغۇر خەلق
قوشاقلىرىدا بۇرۇندىنلا بار بولغاچقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا

كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق تۆت مىسرالىق شېئىر شەكلىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلىشى شائىر يۇسۇپنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى خەلق ئېغىز شېئىرىيىتىنىڭ ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنداق تۆت مىسرالىق شېئىر شەكلى پارس-ئەرەب شېئىرىيىتىدىمۇ ناھايىتى كۆپ، پارسلار بۇنى «رۇبائىي» دەپ ئاتايدۇ. «رۇبائىي» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «تۆتنىڭ قوشۇلۇشى» دېگەن كەلىمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تۆت مىسرالىق شېئىر» دېگەنلىك ئىدى. 15 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارمۇ پارس، ئەرەبلەرنىڭ ئاتىشى بويىچە تۆت مىسرالىق شېئىرلارنى «رۇبائىي» دەپ ئاتايدىغان بولدى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن داڭلىق شائىرلىرى رۇبائىي شەكلى بىلەن سان - ساناقسىز شېئىرلارنى ھەم رۇبائىياتلارنى ئىجاد قىلدى.

## ئىككىنچى پاراگراف سىمۋول خاراكتېرلىك بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى

شائىر يۇسۇپ «قۇتادغۇبىلىك» تە كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش قاتارلىق تۆت نەپەر باش قەھرىمانىنى ياراتتى. بۇ تۆت نەپەر پېرسوناژ روھى ھەم تېنى بولغان، يەيدىغان - ئىچىدىغان، ھېسسىياتقا باي، ئىقتىدارلىق ھەم قابىلىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئابستراكتنى ئۇقۇملارنىڭ سىمۋولى. شائىر يۇسۇپ ئەسەرنىڭ بېشىدىلا بۇ پېرسوناژلارنىڭ مەنىلىرىنى يېشىپ مۇنداق دېگەنىدى:

بۇ كۈنتۇغدى توپتوغرا قانۇن ئۆزى،
بۇ ئايتولدى بەخت ھەم سائادەت سۆزى.

كېيىن ئېيتتىم ئەمدى ئۆگدۈلمىشنى،
ئەقىلنىڭ ئېتى ئۇ، زورايتۇر كىشنى.

كېيىن ئېيتتىم ئودغۇرمىش ئۆزرە سۆزۈم،
ئۇنى ئاتىدىم «ئاقىۋەت» دەپ ئۆزۈم.

سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۈستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنە ئاچىلۇر.

(355 — 358 - بېيىتلار)

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ياراتقان تۆت نەپەر ئوبراز — كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلار ئىچىدە ئالدىنقى ئىككىسى بىرقەدەر رېئاللىققا يېقىن، كېيىنكى ئىككىسى بولسا ئابستراكتنى ئاتالغۇلار شۇڭلاشقا، مەيلى رېئاللىققا يېقىن ئوبرازلار بولسۇن، مەيلى ئابستراكتنى ئاتالغۇلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ئارىسىدا ئىچكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتى مەۋجۇت.

سىمۋولنىڭ تېنى بولغان «كۈنتۇغدى» بىلەن سىمۋولنىڭ مەنىسى بولغان «ئادالەت ۋە قانۇن» ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىچكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت بار؟

بىرىنچى، ئادالەتنىڭ پەزىلىتى قۇياشقا ئوخشاش مەڭگۈ كېمىيىپ كەتمەيدۇ.

ئىككىنچى، قانۇن قۇياشنىڭ پۈتۈن خەلققە نۇر چاچقىنىغا ئوخشاش كىشىلەرنى ياخشى - يامان دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئۈچىنچى، قۇياشنىڭ خانىسى — ئەسەد يۇلتۇزلار تۇركۈمىنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولۇپ، ئاسانلىقچە تەۋرىمەيدۇ.

ئادالەتنى ياقلايدىغان، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدىغان ھەقىقانىيەتچى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، خۇددى قۇياشقا ئوخشاش ئاساسى (ئۇلى) پۇختا بولۇپ، مەڭگۈ نۇر چاقنىتىپ تۇرىدۇ.

پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋەزىر ئايتولدى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، ئۇ ئۈچ پۇتلۇق كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئايتولدى ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندا، كۈنتۇغدى چۈشەندۈرۈپ «ئۈچ پۇتلۇق نەرسىنىڭ ھەممىسى قىڭغايمايدۇ، ئۈچىلا (پۇتى) تۈز بولسا قىمىرلىمايدۇ»، «ئۈچ پۇتلۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، تۈز بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ: «قايسى نەرسە تۈز بولسا، ھەممە يېرى ئۈز بولىدۇ، بارلىق ئۈز نەرسىگە سەپسالساڭ، قىلمىشىمۇ تۈز بولىدۇ»، قارا، مېنىڭ ئادىتىممۇ ئېگىلمەس، توغرىدۇر، ئەگەر توغرىلىق ئېگىلسە، قىيامەت بولىدۇ. مەن ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ھەل قىلىمەن، كىشىلەرنى بەگ تائىپىسىدىن، قۇل تائىپىسىدىن دەپ ئايرىمايمەن» دەيدۇ (802 — 809 - بېيىتلار).

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كۈنتۇغدىنىڭ سالاھىيىتى پادىشاھ، ئەمما «كۈنتۇغدى» دىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولغان سىمۋوللۇق مەنىسى بولسا ئابستراكتنى ئۇقۇم بولغان ئادالەت بىلەن قانۇن ئىدى.

پادىشاھلارنى قۇياشقا ئوخشىتىش شەرق ھەم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئورتاق ھادىسە بولۇپ، بۇنداق ئوخشىتىشنى قايسىبىر دۆلەتتىن ياكى قايسىبىر مىللەتتىن سىڭىپ كىرگەن دېيىش تەس. بەزى چەت ئەل ئالىملىرى كۈنتۇغدىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىغا قاراپ، شائىر يۈسۈپ ئىجاد قىلغان بۇ ئوبراز قەدىمكى بابىل-

بۇنى ۋە مىسىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ ھۆكۈم قىلىشتى①. بۇ خىل كۆز قاراش زورمۇزور قۇراشتۇرۇلغاندى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي شەنشىلىك دېھقان شائىرى ۋاڭ لاۋجۇ ئىجاد قىلغان «ماۋ زېدۇڭ قۇياشقا ئوخشار» دېگەن خەلق قوشىقىمۇ قەدىمكى بابىلىيون ۋە مىسىر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ھەم ئىلھامى بىلەن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ قالامدۇ؟ بۇ ئالىملار شائىر يۈسۈپنىڭ بۇ يەردە ھەممە پادىشاھلارنى قۇياشقا ئوخشاتقانلىقىغا ئەمەس، بەلكى «كۈنتۇغدى» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئادالەت، قانۇنغا سىمۋول قىلىنغانلىقىغا، ئۇنى يۇقىرىقىدەك ئابستراكتنى ئۇقۇملارنىڭ بەلگە ئالامىتى ئورنىدا قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر مۇھىم ئەمەلىيەتكە ئېتىبارسىز قارىغاندى.

سىمۋوللۇق گەۋدە «ئايتولدى» بىلەن سىمۋوللۇق مەنە «بەخت، شادلىق» ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت بار؟

ئاي بىلەن قۇياش ئوخشىمايدۇ، قۇياش مەڭگۈ كېمەيمەيدۇ، ئاي بولسا بەزىدە تولىدۇ، بەزىدە كېمىيىدۇ. قۇياشنىڭ ئۇلى چەلك، ئۇ مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، ئاي بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھەرىكەتلىنىپ مېڭىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ بەزىدە كۆرۈنىدۇ، بەزىدە يوقاپ كېتىدۇ، مەڭگۈ جايىدا جىم تۇرمايدۇ. شائىر ئايتولدى ئوبرازىنى ياراتقان چاغدا، ئاينىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق بەخت - سائادەت، شادلىق دېگەنلەرنىڭ ئۆزگىرىپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشتەك خۇسۇسىيىتىنى چۈشەندۈردى. ئاپتورنىڭ قارىشىچە:

① (ئامېرىكا) روبوت دانكوپ: «قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە نەشرىگە كىرىش سۆز. خەن لىن تەرجىمە قىلغان «〈قۇتادغۇبىلىك〉 نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرى» دىن ئېلىندى.

بىرىنچى، «بەخت ۋە شادلىق» (Ǩut) خۇددى ئايغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمدە ئۇزاق ۋە دائىم تۇرمايتتى.

ئىككىنچى، «ئامەت» خۇددى ئايغا ئوخشاش كېمىيىپ باراتتى ۋە تولۇپ باراتتى. ناۋادا ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا قونسا، ئۇ ئادەم خۇددى تولۇن ئايدەك تولاتتى، تولۇن ئاي بارا - بارا كىچىكلەپ كېمىيىپ بارغانغا ئوخشاش «ئامەت» مۇ تۈگىشىپ باراتتى، مال - دۇنياسى بىلەن قوشۇلۇپ قۇرۇقدىلىپ قالاتتى.

ئۈچىنچى، ئەسەردىكى ۋەزىر ئايتولدى پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشكەچكە، ئۇنىڭ بېشىغا «ئامەت» قونۇپ، تولۇن ئايدەك تولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇلدى. ئەمما، بۇ دۇنيا رەھىمسىزلىك قىلدى، ئۇ قېرىپ ئالەمدىن ئۆتتى. شائىر «ئايتولدىنىڭ ۋاپاتى» ئارقىلىق: «تولۇن ئايمۇ ئاخىر كېمىيىپ بارىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈردى ھەمدە بۇ ئارقىلىق «بەخت بىلەن شادلىق» نىڭ قارىمۇ قارشىلىقى، قىسقىلىقىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئاپتورنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ بەردى.

ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش — ئەقىل - ئىدراكنىڭ سىمۋولى، ئۇ ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، باشتىن - ئاياغ پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ھەمراھ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. كۈنتۇغدى گەرچە دۆلەت پادىشاھى بولسىمۇ، ئۇ ھەرقاچان - ھەر زامان ۋەزىر ئۆگدۈلمىشتىن تەلىم ئالىدۇ، ۋەزىر ئۆگدۈلمىش پادىشاھ كۈنتۇغدىغا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، ئىش قىلىشنىڭ يوللىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا دۆلەت سۈزۈلۈپ، ئەل ئامان ۋە يۇرت تىنچ بولغان پاراۋانلىق ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

شائىر يۈسۈپ ياراتقان ئۆگدۈلمىش ئوبرازى ئۇنىڭ پادىشاھلار قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇپ، بىلىم ۋە ئەقىلگە تايان-

خاندىلا ئاندىن دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلالايدۇ. دېگەن سىي-
ياسىي تەشەببۇسنى ياقلايدۇ. داستاندىكى سۈرەتلەنگەن غايىۋى
دۆلەت پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ «ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىم» نىڭ
سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئايتولدىدىن ئايرىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا
ناھايىتى ياخشى تەرتىپكە سېلىنىدۇ. بۇ يەردە شائىر يۈسۈپ
ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىم ئادەمنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى-
لىتىپ، كىشىلەرنى بەختلىك بولۇش يولىغا باشلايدۇ، دېگەن
پەلسەپىۋىلىك ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئودغۇرمىش «قانائەت ۋە ئاخىرەت» نىڭ سىمۋولى. ئۇ
بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى تەرك ئېتىپ تاغقا چىقىپ، كۆڭۈل
توختىتىپ باقىي ئالەم ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇ بىۋاپا
دۇنيادىن ئويغىنىپ چىققۇچى. ئۇ بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنى
نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەي، مال - دۇنيا ۋە شان - شەرەپ قوغ-
لاشماي، ھەۋەس دېڭىزىدىن ئويغىنىپ، باقىي ئالەم ئۈچۈن
تەييارلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيا چىقىپ
توختاپ قالىدىغان شامالغا ئوخشايتتى، باقىي ئالەم بولسا مەڭگۈ
ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرىدىغان جاي ئىدى.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ تۆت نەپەر ئوبراز شائىر يۈسۈپ-
نىڭ سىياسىي تەشەببۇسى بىلەن ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى ئىپا-
دىلەپ بەرگۈچىلەر ئىدى. ئۇلار يۈسۈپ قۇرغان شەرقتىكى
غايىۋى دۆلەتتە ياشايدىغان ئىسىلزادىلەر، پەزىلەتلىك، ئادىل،
پاك - دىيانەتلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەلنىڭ غېمىنى يەيدى-
غانلاردىن ئىدى. ئۇلار قىلچە قۇسۇرى يوق پەرىشتىلەر ئىدى، ئۇلار
ئىنسانىيەت ئارزۇ قىلغان ئەڭ پەزىلەتلىكلەردىن ئىدى. ئەمما،
ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى بىلەن سىياسىي تەشەببۇسلىرى،
ئۇلار مۇھاكىمە قىلىشقان، مۇنازىرىلەشكەن مەسىلىلەر ئۇلاردىن
يىراق بولغان باشقىچە ئىشلار بولماستىن، بەلكى 11 - ئەسىردىكى

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يىلتىزلاپ تۇرغان رېئاللىق، ھەرقايسى قاتـ
لام ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئىدى.
بۇ پېرسوناژلار بەزى ئابستراكتنى كۆز قاراشلارنىڭ سىمۋولـ
لۇق گەۋدىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەسەردە يېمەيدىغان،
ئىچمەيدىغان روھ - ئەرۋاھ ئەمەس، بەلكى يارلىق ھايات ئادەملەرگە
ئوخشاش يەيدىغان، ئىچىدىغان، روھىي ھەم تېنى بار كىشىـ
لەر ئىدى.

ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئاپتور ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى.
شائىر يۈسۈپ رېئاللىققا يىلتىزلاپ كىرىپ رېئال ھاياتتا
مەۋجۇت بولۇۋاتقان بەزى زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى
بولدى. ئەمما، ئۇ رېئاللىق بىلەن چەكلىنىپ قېلىشنى، رېئال
تۇپراقتا ئۆمىلەپ يۈرۈشنى خالىمىدى، رېئال ئەنئەنىۋى كۆز
قاراشلار بىلەن ئۆزىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپلىشكە ئۇنىمىدى.
ئۇ ئىدىيە جەھەتتە خۇددى كۈچلۈك سۇمۇرغتەك قانات قېقىپ
رېئاللىقتىن ھالقىشنى، ھېسسىي بىلىشتىن ئىدراكىي بىلىشكە،
ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىم بىلەن تولغان غايىۋى دۆلەتكە قاراپ
مەنىۋى پەرۋاز قىلماقچى بولدى.

مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ. مەزمۇنى ئوخشاش بولمىـ
غان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە
ماس كەلگۈدەك بەدىئىي شەكىل قوللىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.
شائىر يۈسۈپنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى ئۇ ئۆزى ئارزۇلىغان
تارىخىي داستانغا ئوخشاش سەلتەنەتلىك مەزمۇن، شۇنىڭدەك
ئۇ ئۆزى ئەسىرىگە ئارزۇلاپ سىڭدۈرگەن باي، چوڭقۇر پەلسە-
پىۋىلىك پىكىرلەر بولۇپ، بۇ مۇددىئا ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»
كە ئوخشاش زور ھەجىمدىكى شانلىق ئەسەرنى ئىجاد قىلىۋاتـ
قان چېغىدا ئۇنى سىمۋوللۇق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا
يېتەكلەپ باردى. «سىمۋول» غايە بىلەن رېئاللىقنى تۇتاشتۇ-

روۋپ تۇرغۇچى ئارىچى بولۇپ، بۇ خىل ۋاسىتە كىشىلەرنىڭ باي بولغان ئۇلانما تەسەۋۋۇر كۆچىنى قوزغىتىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ سەلتەنەتلىك ئىدىيىسى سىمۋول گەۋدىسى بىلەن سىمۋول مەنىسى ئوتتۇرىسىدا تولۇق جەۋلان قىلالايتتى.

فرانسىيىلىك ئەدەبىي تەنقىدچى ئوگۇست ئەرخاد سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا: «سىمۋولىزم شۇنداق بىر بەدىئىي شەكىلكى، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا بىزنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارزۇيىمىزنى قاندۇرىدۇ ھەم رېئاللىقتىن ھالقىغان چەك ئىچىدىكى ئارزۇيىمىزنىمۇ قاندۇرىدۇ. ئۇ كونكرېتنى نەرسىنى ئابستراكتنى نەرسىلەر بىلەن بىللە قوشۇپ بىزگە بېرەلەيدۇ» دېگەنىدى①. «قۇتادغۇبىلىك» شۇنداق بىر ئەسەركى، ئۇ ھەم رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈردى، ھەم رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتتى. شائىر يۈسۈپ بۇ ئەسەردە ئوخشاشلا كونكرېتنى نەرسە بىلەن ئابستراكتنى نەرسىنى بىزگە بىللە قوشۇپ بەردى، شۇڭا بۇ ھېسسىي بىلىش بىلەن نەزەرىيىۋى كۆز قاراش، ئوبراز بىلەن ئابستراكتلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، باشقىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئۇلۇغ بىر شېئىرىي ئەسەر. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئايرىم ئالاھىدىلىكى ئۇنى ئۆز دەۋرىدىكى پارس، ئەرەب، ئىسلام شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك. «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش مانا مۇشۇنداق سىمۋوللۇق ئەھمىيەتتى بولغان ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئوبرازلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر جۇڭخۇا مىللەتنىڭ

① «پلېخانوۋ ئېستېتىكىلىق ماقالىلەر توپلىمى» 2 - جىلد، خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 530 - بەت.

ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى كەمدىن كەم تېپىلىدۇ.

بۇنداق سىمۋوللۇق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ھىندىستاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۇددا تىياتىرلىرىدا خېلى كەڭ قوللىنىلغانىدى. مەسىلەن، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ تۇرپان رايونىدىن سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان سەھنە ئەسىرى پارچىلىرى تېپىلدى. بۇ ئەسەرلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئويغىنىش» (ئەقىل - ئىدراك)، «ئاتاق» (نام - شۆھرەت) دېگەنگە ئوخشاش ئابستراكتنى ئۇقۇملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇلار سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن زاماندىش بولغان ھىندىستان سەھنە ئەسىرى «ئويغىنىپ كۆتۈرۈلۈش» تىكى پېرسوناژلارمۇ «مۇھەببەت»، «ئارزۇ»، «ئەقىل»، «ئويغىنىش» ۋە «ئاچكۆز» قاتارلىق ئابستراكتنى ئۇقۇملار بىلەن ئاتالغانىدى①. بۇ خىل سىمۋول خاراكتېرلىك بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇن بۇددا دىنىنىڭ مەزمۇنى ئىپادىلەنگەن سەھنە ئەسەرلىرىدىن كەلگەنلىكى چۈشىنىشلىك.

غەربىي يۇرت ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئاۋۋال بۇددا مەدەنىيىتى تازا گۈللەنگەن بىر جاي ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىخلاسى چىلىك بۇددا مۇرىتلىرى بولۇپ، غەربىي يۇرت ئاھالىسى ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى ئوبدان تونۇشاتتى. شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە سىمۋوللۇق بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشى، بولۇپمۇ پېرسوناژلارغا ئابستراكتنى ئۇقۇملارنى ئاتا قىلىشى، ئۇنىڭ ھىندىستان بۇددا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

---

① جىن كېمۇ: «سانسكرىت تىلى ئەدەبىيات تارىخى». خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 262 - ۋە 364 - بەتلەر. (ئەنگلىيە) ئېلىكتا: «ھىندىستان مەدەنىيىتى تارىخى» (لۇۋ جاڭ تەرجىمىسى)، شائۇۋ كىتابخانىسى، 1948 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 94 - بەت.

لېكىن شۇنىمۇ دېمەي بولمايدۇكى، شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» نە پەقەت ھىندىستاننىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بەزى سىمۋوللۇق بەدىئىي ۋاسىتىلىرىدىنلا ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلاندى، خالاس. مەزمۇنى جەھەتتىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ھىندىستاننىڭ قەدىمكى سەھنە تىياتىرلىرى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ھەم بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلىشنى مەزمۇن قىلمىدى، ھەم مۇھەببەت بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشنىمۇ تېما قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە تۈزەشنىڭ سىياسەت تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختالغان، ناھايىتى سۈرلۈك، چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ھەم قويۇق مەنتىقىلىككە ئىگە، ئېپوس شەكلىدىكى سەلتەنەتلىك بىر شېئىرىي ئەسەر بولۇپ قالدى. بۇ ئەسەردىكى سىمۋوللۇق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئابستراكتنى ئۇقۇملارنىڭ پېرسوناژلارغا ئىسىم بولۇپ قالغانلىقى بىلەنلا چەكلەنمىدى، بەلكى سىمۋوللۇق گەۋدە بىلەن سىمۋوللۇق مەنىنىمۇ بىر - بىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى بىر گەۋدىگە زىچ مۇجەسسەملەشتۈردى. ئابستراكتنى كۆز قاراش بىلەن رېئالنى تۇرمۇشنىمۇ بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلاشتۇردى. شائىر يۈسۈپنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى بۇ بىر ئىجادىيىتى ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىيات تارىخىدا باشقىچە ھۆسن قوشتى ۋە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈنمۇ زور بىر تۆھپە بولۇپ قالدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ غەربنىڭ ھازىرقى زامان چوڭ ئەدەبىي ئېقىمى بولغان سىمۋولىزم ئوتتۇرىغا چىقىتى ۋە پۈتكۈل ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ شېئىرىيەت، تىياتىر، گۈزەل-سەنئەت، مۇزىكا قاتارلىق سەنئەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا بىر مەھەل تەسىر كۆرسىتىپ، بەدىئىي جەھەتتە مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. غەربنىڭ ئىمپرېسسىئونچىلار (تەسىراتچىلار)

سەنئەتنىڭ شەرق سەنئەتنىڭ تۆرتكىسىدە گۈللەنگەنگە ئوخ-
شاش غەربنىڭ سىمۋولىزمىمۇ غەرب سەنئەتكارلىرىنىڭ يېڭى
كەشپىياتى، يېڭى بايقىشى ئەمەس، ئۇلاردىكى بۇ سەنئەتنىڭ
مەنبەسى يەنىلا شەرقتە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى يۈ-
سۈپ غەرب سەنئەتكارلىرىدىن 800 يىل بۇرۇن سىمۋوللۇق
بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت
بۇ كاتتا ئەسەرنى يېزىپ چىقتى، بۇ شۈبھىسىز ھالدا شەرق
ئەدەبىياتىنىڭ غۇرۇرى بولۇشقا لايىق.

## ئۈچىنچى پاراگراف روشەن دراماتىك ئالاھىدىلىكى

بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىك» نى دىداكتىك داستان دېدى،
بەزىلەر ئۇنى لىرىك مەنتىقلىق شېئىر دېدى، بەزىلەر ئۇنى
ئېپىك داستان دېدى، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئېپوس دېيىشتى.
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ زادى قايسى خىل ئەدەبىيات ژانىرىغا
ياتىدىغانلىقى مەسىلىسىدە يىللاردىن بېرى ھەر خىل پىكىرلەر
بولۇپ كەلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مۇۋاپىق جايلى-
رى بار. چۈنكى، بۇ داستان ھەقىقەتەن ۋەقەلىكنى بايان قى-
لىش ژانىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، داستاندەك سالتەنەتكە ئىگە،
شۇنداقلا مەنتىقلىككە ھەم لىرىكىغا ئىنتايىن باي، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە يەنە نۇرغۇنلىغان بېيىتلاردا دىداكتىك خاراكتېرمۇ بار.
ئەمما ناۋادا بۇ ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى بىلەن بەدىئىي
ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنى تىياتىر
ژانىرىغا ياتقۇزۇش ئەڭ مۇۋاپىق. سەھنە ئەسىرى ھەم شېئىر،
ھەم تىياتىرلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولۇپ، «قۇتادغۇبى-

لىك» دەل مانا مۇشۇنداق ئەسەر، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تىيا-
تىرلىق خۇسۇسىيەتلەر نىسبەتەن روشەن بولۇپ، ئاساسلىقى
تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلەندى.

بىرىنچى، بايان قىلىش ۋاقتى بىر ئەسەرنىڭ قايسى ئەدەبىيات ژانىرىغا مەنسۇپلۇقىنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالامەتلەرنىڭ بىرى ئېپوس، ئېپىك داستان بايان قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنداق ئەسەرلەردىكى پېئىل بىردەك بۇرۇنقى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. سەھنە ئەسىرى بولسا كىشىلەرگە دەل ھازىر بولۇ-ۋاتقان ئىشلارنى بايان قىلىدۇ، شۇڭلاشقا تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ ھالىتى چوقۇم ھازىرقى زامان بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كىشىلەرگە كۆرسەتمەكچى بولغىنى نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىش-لار بولغاچقا، ئۇنىڭ بايان قىلىنىۋاتقان ۋاقتىمۇ ھازىرقى زامانغا ياتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇ خىل بايان ئالاھىدىلى-كى ئۇنى ئېپوس ۋە ئېپىك داستانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ بايان قىلىش تامانى ئوخشاش بولمايدۇ. ئېپوس، ئېپىك داس-تانلار ئادەتتە بىردەك بايان قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ، يەنى بايان قىلغۇچى ئەسەردىكى ھەممە پېرسوناژلارنىڭ ئۇجۇر-بۇ-جۇرىنى، ئۆتمۈشىنى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى پائالىيەتلى-رىنى، ئۇلارنىڭ سىرتقى پائالىيىتى ۋە ئىچكى دۇنياسى قاتار-لىقلارنى بەش قولدەك پىششىق بىلگەن بولىدۇ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بايان قىلغۇچىنىڭ ئاغزىدىن بىر-بىرلەپ چىقىۋېرىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بايان قىلىش تامانى بولسا ئۇنىڭغا ئوخ-شىمايدۇ. ئۇ بايان قىلىشنى مەلۇم جەھەتتىن چەكلەپ تۇرىدۇ، يەنى، تىياتىردىكى پېرسوناژلارنىڭ بىلىدىغىنى كىتابخان، تا-

ماشىنىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشى تىياتىردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئاغزىدىن بېرىلىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، دىئالوگ — تىياتىر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىلدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بايان تامانى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بايان قىلىش تامانى بولماستىن، سەھنە ئەسەرلىرىگە ئوخشاش بايان قىلىشنى مەلۇم جەھەتتە چەكلەپ تۇرۇش تامانىدۇر. ئەسەردىكى پېرسوناژ — پادىشاھ كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئايتولدى، ۋەزىر ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشلارنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسىي تەشەببۇسلىرى بار. كىشىلىك دۇنياسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى ھەم ئىدىيە ھېسسىياتلىرى ئاساسەن دېگۈدەك سوئال-جاۋاب، دىئالوگلار ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشى پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقىلىدۇ. «دىئالوگ» — «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئۈچىنچى، تىياتىر — سەھنە سەنئىتى بولۇپ بىۋاسىتە كۆرسەتمىلىككە ئىگە، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرىدىن باشقا يەنە پېرسوناژلارنىڭ مۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىمۇ بولىدۇ. شائىر يۈسۈپ پېرسوناژلارنى ياراتقان چاغدا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك ۋەقەلىكلەر راۋاجىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇلارغا ماس كېلىدىغان ھەرىكەتلەرنىمۇ بەلگىلەيدۇ ۋە شېئىردا سۈرەتلەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق بىر مەيدان تىياتىر بار: پادىشاھ ئايتولدىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمما، ئايتولدى پادىشاھ كۆرسەت-

گەن ئۇرۇندا ئولتۇرماي يېنىدىن بىر دانە يۇمىلاق توپنى چىقىرىپ، توپ ئۈستىدە كۆزنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى غەزەپلىنىدۇ، ئايتولدى ۋەزىر پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ئۆزىنىڭ مۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەبىنىڭ شادلىق ۋە ئامەتنىڭ خۇددى مۇشۇ توپقا ئوخشاش دومىلاپ سۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. يەنە بىر قېتىمدا ئايتولدى پادىشاھ كۈنتۇغدى ھۇزۇرىدا كۆرۈنۈش قىلىدۇ، پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۈچ ئاياغلىق كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئايتولدى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ئۇ: «ئۈچ پۇتلۇق نەرسىنىڭ ھەممىسى قىڭغايماس بولىدۇ. بۇ مېنىڭ ئادىتىمنىڭمۇ ئېگىلمەس، توغرىلىقنى بىلدۈرىدۇ» دەيدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر خۇددى تىلغا ئوخشاش بولۇپ، قەلب پائالىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا بىر ئۇقۇمنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇ ئادەتتىكى تىل بىلەن ئىپادىلەنگەندىنمۇ كونكرېتراق ھەم جانلىقراقتۇر. كىتابخانلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىسياتىر ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، داستاندىن بىر پارچىنى ئۇلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇپ ئورتاقلاشماقچىمەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى كېچىدە ئۆگدۈلمىش،
ئەمدىلا باش قويۇپ ياتاي، دەپ تۇراتتى.
دەرۋازا ئالدىدا ئاۋاز ئاڭلاندى، (بىرى) ئۈنلۈك چاقىردى،
ئۆگدۈلمىش دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، قاراپباق دېدى.

(خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى)
خىزمەتچى قاراپ كېلىپ دېدى: بىر كىشى تۇرىدۇ،
سۆزۈم بار، كۆرۈشەتتىم، دەپ ئىجازەت سوراۋاتىدۇ.

(ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىگە سوئالى)
ئۆگدۈلمىش يەنە دېدى: بېرىـپ سورا،
نەدىن كەپتۇ، نېمە سۆزى باركەن، ئۆزى كىم ئىكەن.
.....
(ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە سوئالى)
(ئۆگدۈلمىش) دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول بەردى،
بۇ ئادەم (ئۆيگە) كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى.
ئۆگدۈلمىش: قەيەردىن كەلدىڭ؟
نېمە تىلىكىڭ بار، سۆزۈڭنى ئېيت، دېـدى.

(خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى)
ئۇ دېدى: مېنى ئودغۇرمىش ئەۋەتتى،
سېنى كېلىپ، ماڭا بىر يولۇقسۇن، دېدى.
ئەھۋالى ئېغىرلاشتى، ھەسرەت چېكىپ ياتىدۇ،
ئۇنىڭغا بىر يولۇقىن، ئەي دىلى يېقىن.

(ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە جاۋابى)
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى: كەل،
بىر نەرسە يېگىن، ئاندىن بىللە بارايلى.

(خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى)
خەۋەرچى ئۇنىمىدى ۋە دېدى: قېرىنىدىشىڭنىڭ ئەھۋالى
يامانىراق، كېتىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.
مەن سەندىن ئاۋۋالراق باراي،
سەن ئالدىرىماي ئارقامدىن بارغىن.
(بېيىتلار - 5966 — 5953)

بۇ ئېپىزوت ئودغۇرمىشنىڭ جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىنى ئەۋەتىپ ئۆگدۈلمىشكە خەۋەر يەتكۈزگەنلىكتىن ئىبارەت بىر كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بۇيەردە ۋاقىت (مەلۇم بىر كېچە)، ئورۇن (ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆيى) پېرسوناژ (ئۆگدۈلمىش، ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىسى، شۇنىڭدەك ئودغۇرمىش ۋە ئۇنىڭ خەۋەرچىسى)، ۋەقەلىك، دىئالوگ، ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ خۇددى سەھنىدە ئويۇن قويۇشتا ئىشلىتىدىغان سەھنە ئەسىرىگىلا ئوخشايدۇ.

تۆتىنچى، تىياتىردىكى پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتى سەھنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا تىياتىردىكى پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان سورۇنى نىسپىي ھالدا ئىخچام بولىدۇ، سورۇننى يۆتكەش ئىمكانىيىتى تازا بولمايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» باي مەزمۇنغا ئىگە، ئۇنىڭ ۋاقىت سەكرىمىلىكى چوڭ ئەمەس، پۈتۈن تىياتىردا ياش ئايتولدىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرغان ۋەقەلىكتىن تارتىپ ئاخىرىدا قېرىپ ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىش ئەمەللىرى، ئوغلى ئۆگدۈلمىشنىڭ كىچىكلىكتىن چوڭ بولغۇچە بولغان ئەھۋالى، كۆپ يىل ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغانلىقى، ئايتولدى بىلەن ئوغلىدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋلادنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، ئىشقىلىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرقانچە ئون يىللىق ئەھۋال سۆزلىنىدۇ. لېكىن پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ سورۇنى ناھايىتى ئىخچام، ئۇلارنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان ئورنى ساراي، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆيى شۇنىڭدەك ئودغۇرمىش ئىبادەت قىلغان تاغ بولۇپ جەمئىي ئۈچلا جاي. ئەگەر ئۇنى سەھنىدە ئوينايدىغان بولسا، ئۈچ كۆرۈنۈشلۈكلا بولۇپ، تىياتىرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دەل ماس كېلىدۇ.

بەشىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» يالغۇز تىياتىرنىڭ تاشقى

خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىچكى قۇرۇلمىسى جەھەتتىنمۇ تىياتىرلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بۇنى ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. مۇقەددىمە قىلىنغان 1 — 3 - بابلاردا ئىسلام شېئىرىيىتىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە خۇدا، پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپىگە ھەمدۇ سانا ئوقۇلىدۇ. 11 - بابنىڭ ئالدىدىكى مەزمۇنلار شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋىلىك كۆز قارىشى بولۇپ، بۇ بابلار بىرقەدەر ئابستراكتنى ھەم ئۇقۇملاشتۇرۇلغان، ئەمما ناھايىتى مۇھىم، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەلسەپىۋىلىك ئۇلى. ئۇ بىزنىڭ ئاپتورنىڭ ئىدىيىسى بىلەن تونۇشىمىزدا، ئەسەرنى ۋە ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 11 - بابتىن 85 - بابقىچە بولغان ئارىلىق ئەسەرنىڭ ئەسلى تېكىستىدۇر، 11 - بابتا شائىر ئەسەرنى ۋە ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرىدۇ ھەم بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسەت، مۇددىئالىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ تىياتىرلاردىكى «باشلىنىش» ياكى «مۇقەددىمە» گە باراۋەر كېلىدۇ. 12 - بابنىڭ ماۋزۇسىدا ئاپتور «سۆزبېشى» دەپ يازىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى كۈن بويى خانلىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئاخىر بىر ياردەمچىگە مۇھتاج بولىدۇ، ئايتولدى ئۇزاق يەردىن كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ، ئاخىرىدا كۈنتۇغدىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە نائىل بولىدۇ ۋە ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ، ۋەقەلىك مانا مۇشۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ. ئايتولدى قېرىپ ۋاپات بولىدۇ، ئوغلى ئۆگدۈلمىش قېپقالىدۇ. ئۆگدۈلمىش پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ، ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋەزىر بولىدۇ ھەم پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىدۇ. بۇنى تىياتىرنىڭ قانات يايدۇرۇلغان قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. پادىشاھ ئۆگدۈلمىشتىن ئۇنىڭ ئودغۇرمىش

دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر يارىمىلىق ياردەمچىنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ، ئۆگدۈلمىشنى ئەۋەتىپ ئۇنى تاغدىن چۈشۈپ ئەلنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئودغۇرمىش كەلگىلى ئۇنىمايدۇ، پادىشاھ كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئۆگدۈلمىشلەر بىلەن ئودغۇرمىش ناھايىتى قاتتىق بىر مەيدان مۇنازىرىلىشىدۇ، تىياتىر-دىكى توقۇنۇش يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ بۆلەكنى درا-مىنىڭ كولمىناتسىيون پونكىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئود-غۇرمىش ۋاپات بولىدۇ، كۈنتۇغدى، ئۆگدۈلمىش قاتتىق قايغۇغا چۆكىدۇ، ئاپتورمۇ ھەسرەتلىنىدۇ، بۇ درامىنىڭ ئاخىرلىشىشى بولىدۇ.

ناۋادا بۇنى قەدىمكى شەرقنىڭ درامىچىلىقىدىكى مۇقەد-دىمە، راۋاج. كولمىناتسىيەدىن ئىبارەت شەكىل بىلەن ئىپادىلى-گەندە، «قۇتادغۇبىلىك» تە تۆۋەندىكىدەك درامىلىق قۇرۇل-ما بارلىققا كېلىدۇ:

مۇقەددىمە — تىياتىردىكى «مۇقەددىمە» ئەسەرنىڭ 11 - بابى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

راۋاج — تىياتىرنىڭ قانات يايدۇرۇلغان بۆلىكى ئەسەرنىڭ 12 -بابىدىن 38 - بابىغىچە
پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۆزىگە ياردەملىشىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇپ بېرىشكە لايىق بىر ياردەمچى ئىزدەيدۇ، ئايتولدى ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ، نەتىجىدە ئېتىبارغا ئىگە بولۇپ، ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىدۇ. ئايتولدى ۋاپات بولىدۇ، ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئورنىغا ۋەزىر بولىدۇ.

كولمىناتسىيە — تىياتىرنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى

ئەسەرنىڭ 39 - بابىدىن 71 - بابىغىچە
پادىشاھ ئودغۇرمىشنى تاغدىن چۈشۈپ ئوردا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللان دەپ قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇ رەت قىلىدۇ. پادىشاھ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىرلەر ئودغۇرمىش بىلەن قارىمۇ قارشى مەيداندا تۇرۇپ، يۈزمۇ يۈز مۇنازىرىلىشىدۇ.

يېشىم تىياتىرنىڭ ئاخىرلىشىش قىسمى ئەسەرنىڭ 72- بابىدىن 85 - بابىغىچە
ئودغۇرمىش ۋاپات بولىدۇ، كۈنتۇغدى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش قارىسىنى تۇتىدۇ، ماتەم بىلدۈرىدۇ، ئاپتور ھەسرەتلىنىدۇ.

زىددىيەت، توقۇنۇش — تىياتىرنىڭ جېنى، زىددىيەت، توقۇنۇش بولمىسا تىياتىرمۇ بولمايدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پېرسوناژلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق توقۇنۇشىنىڭ كەينىدە بىر ۋەقەلىك ئۇنى ھەرىكەتكە سېلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئىتتەرگۈچى كۈچ مەنىۋىلىككە، كىشىلىك دۇنيا قاراشقا، ئېتىكىلىق قاراشقا ھەم دىنىي قاراشقا ئىگە. پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدا كىشىلىك دۇنيا قاراش، ئېتىكىلىق قاراش ۋە دىنىي قاراشقا بولغان چۈشەنچە بىلەن بىلىش جەھەتتە ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن، پېرسوناژلار ئۇچراشقان ۋاقىتتا توسقۇنلۇق مەيدانغا كېلىدۇ، زىددىيەت ۋە توقۇنۇش كېلىپ چىقىپ، درامىنىڭ راۋاجىنى ئالغا سۈرىدۇ.

تىياتىر شېئىردىن كېلىپ چىققان. قەدىمكى يۇنان تىياتىرلىرى شېئىرىي ئەسەرلەر ژانىرىدا يېزىلغان. قەدىمدە تىياتىر بىلەن شېئىر بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيتتى. سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بەزىسى سەھنىدە ئويناش ئۈچۈن يېزىلاتتى، ئۇ ئوينىـ

لىنىدىغان سەھنە ئەسىرى دېيىلەتتى. بەزىلىرى سەھنىدە ئوينىلىش ئۈچۈن يېزىلمايتتى، بۇنداقلار ئەدەبىيات جەھەتتىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈنلا ئىجاد قىلىناتتى. بۇ ئەدەبىيات سەھنە ئەسىرى دېيىلەتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ شېئىرىي دراما ئومۇمىي ياقتىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي جەھەتتىن ھۇزۇرلىنىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئارزۇلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن يېزىلغاندى. لېكىن، بۇ مەزكۇر ئەسەرنى سەھنىدە ئويناشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. مەشھۇر نېمىس تۈركشۇناسى فىن. جاپان «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە توختالغىنىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بەزىلىرى ياد ئېلىش ۋە سەھنىدە ئويناش ئۈچۈن يېزىلغان. بۇ تەھلىلىمىز ‹قۇتادغۇبىلىك› كىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ» دېگەنىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى ئېغىر، ئاھاڭدارلىقى ئېنىق، مۇزىكىغا باي، قەدىمدە ئۇنىڭدىكى بەزى بابلار خۇددى ناخشا تىياتىرىغا ئوخشاش غەزەل قىلىپ ئوقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ شېئىرىي دراما قەدىمدە سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئوينالغانمۇ، يوق، يازما خاتىرىلەر بولمىغانلىقتىن بۇنىڭغا بىرنەرسە دېمەك تەس. لېكىن، تۈركىيە سەنئەتكارلىرى بۇ شېئىرىي تىياتىرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئويناپ مەلۇم سەھنە ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن، بۇنى شەكسىز مۇقىملاشقا بولىدۇ. سەھنىدە ئوينالغان ياكى ئوينالمىغان بولسۇن، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى روشەن بولغان دراممىلىق ئالاھىدىلىكلەر ئىشقىلىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە شېئىرىي تىياتىرغا خاس ئالاھىدىلىكلەر بولۇشتىن تاشقىرى ئۇ يەنە قايسى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟ گېگېل شېئىرىي تىياتىرلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەق-

قىدە تونۇشتۇرۇپ: «دراملىق شېئىرىي ژانىر ــ داستانچىـ
لىقنىڭ ئوبيېكتىپ پرىنسىپى بىلەن ئېپىك شېئىرلار سۇبـ
يېكتىپچانلىقى پرىنسىپىنىڭ بىرلىكىدۇر» دېگەنىدى①.
داستان يۇنان تىلىدا EPOS دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى «تۈز
گەپ» ياكى «ھېكايە» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇستەقىل
مەنىسىنى تەكىتلەيدۇ. ئېپوس ئېيتقۇچىلار ھېكايىنىڭ مەز-
مۇنى، ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى ئاڭلىغۇچىلارغا ئوبيېكتىپ ھال-
دا بايان قىلىپ بېرىدۇ. مۇنتىزىم داستانلاردا بايان
قىلىنغان ۋەقەلەر كۆپىنچە بىرەر مىللەتنىڭ تەق-
دىرى بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار، شۇ مىللەت يا-
شىغان دەۋر بىلەن باغلىنىشلىق چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە
چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئېپوسنىڭ مەزمۇنى،
ئۇنىڭ مەنىۋى ئىستىكى خاراكتېرىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق
ئىپادىلىنىدۇ. ئېپوسنىڭ پرىنسىپى ئوبيېكتىپچانلىقنى تە-
كىتلىسە، لىرىك شېئىرنىڭ پرىنسىپى سۇبيېكتىپچانلىقنى
ئالاھىدە تەكىتلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ. لىرىكىلىق شېئىرلار-
دا سۇبيېكت مۇستەقىل بولغان قەلب پائالىيىتىدە تايىنىپ
ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئۆزىنىڭ
شادلىقى بىلەن قايغۇسىنى، ھاياجىنى بىلەن غەمكىنلىكىنى،
ئۇلۇغۋار ۋە چوڭقۇر ئوي ـ پىكرى بىلەن ئىدىيىسىنى ئىپا-
دىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

شېئىرىي دراما ئېپوسقا ئوخشاش بىرەر ئىشنى، پېر-
سوناژلارنىڭ قىلمىشى ۋە ھەرىكىتىنى ئوبيېكتىپ ھالدا كىتاب-
خانىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشىگە
سۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لىرىكىلىق شېئىرلارغا

① گېگېل: «ئېستېتىكا»، 3 ـ جىلد 2 ـ كىتاب، شاڭۋۇ كىتابخانىسى، 1986 ـ يىل
خەنزۇچە نەشرى، 241 ـ بەت.

ئوخشاش سۇبيېكتنىڭ قەلب ئارزۇسى ۋە خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۇبيېكتنىڭ ئىدىيە ھالىتى، ئىرادە، خاراكتېرى، شۇنىڭدەك تەشەببۇسى ھەم كۆز قاراشلىرى كۆپىنچە شېئىرنى دراما ئۈچۈن دراما ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى مۇددىئا ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ئېپوسىنىڭ ئوبيېكتىپ پرىنسىپى بىلەن لىرىكىلىق شېئىرلارنىڭ سۇبيېكتىپ پرىنسىپىنىڭ بىرلىكىنى بىرقەدەر تىپىك ھالدا ئىپادىلەپ بەردى. بۇ بىر شېئىرنى ئەسەر كىشىلەرگە كۈنتۇغدى ئاتلىق بىر پادىشاھنىڭ قانداق قىلىپ ۋەزىر ئايتولدى ۋە ۋەزىر ئۆگدۈلمىشلەرنىڭ ياردىمىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ دۆلەتنى ئۇزاققىچە تىنچ ۋە ئەمىن قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى، پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ قانداق قىلىپ ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنى ئۈچ قېتىم ئەۋەتىپ تاغدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان قېرىندىشى ئودغۇرمىشنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، ئەمما ئۇ تەلەپنىڭ ئودغۇرمىش تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىنىڭ جەريانىنى ناھايىتى ئوبيېكتىپ ھالدا بايان قىلىپ، كۈنتۇغدى ۋە ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بەس-مۇنازىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەردى. بۇ ئەسەردە گەرچە مۇنتىزىم مىللىي ئېپوسلاردىكىگە ئوخشاش تەسىرلىك ئىش-ھەرىكەتلەر، سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشلەر ھەم تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان رەڭگارەڭ ۋەقەلىكلەر ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئىشلار شەخسلەرنىڭ قايغۇ-ھەسرىتى، خۇشاللىق-شادلىقىنىڭ قوشۇلۇش ۋە ئايرىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئۇمۇمىلىققا ئىگە تۇرمۇش ۋەقەلىرىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ بايان قىلغان ۋەقەلەر ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوتت-

شۇرىسىدا مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەر، مىللەتنىڭ راۋاج
تېپىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ ئىگىلىكى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقى-دار بولغان چوڭ-چوڭ ئىشلار ئىدى. ئەسەر دەۋرنىڭ مە-نىۋى مەنزىرىسىنى شۇنداقلا شۇ دەۋردە ياشىغان ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئەسەر-دە ئىنكاس قىلىنغان مەزمۇن شۇنىڭدەك شۇ مەزمۇنلارنىڭ كۆلىمىدىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ھەقىقەتەن ناھايىتى ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك ئېپوس ئۇسلۇبىغا ئىگە ئەسەر ئىدى. ئۇ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى جەھەتتىمۇ ئېپوسچىلىقنىڭ ئوبيېكتىپ پرىنسىپلىرىنى ھازىرلىغانىدى. لىرىكىلىق شې-ئىرنىڭ سۇبيېكتىپلىق پرىنسىپىمۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە ناھايى-تى روشەن ھەم گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. شائىر يۈسۈپنىڭ ئۇلۇغۋار سىياسىي بۇرچى، ئۇنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش غايىلىرى شۇنىڭ-دەك ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىسى، مۇستەقىل كۆز قاراشلىرى، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشلىرى، ئۇنىڭ شادلىقى ۋە قايغۇسى قاتارلىقلار ئەسەردە مانا مەن دەپلا ھازىر بولغانىدى. گەرچە بۇلار ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئا-لوگلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما كىتابخانلار شائىرنىڭ كۈچلۈك سۇبيېكت ئېڭىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دائىم ھېس قىلالايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ئېپوسلاردىكى ئوبيېكتىپ پرىنسىپلارغا، ئېپوسقا ئوخشاش ئۇلۇغۋار شىجائەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئېپوس ئەمەس. ئۇنىڭدا لىرىكىلىق شېئىرلاردا بولىدىغان سۇبيېكتىپلىق پرىنسىپ ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇ غەمكىن لى-رىكىغا تولىمۇ باي، لېكىن ئۇ لىرىكىلىق شېئىرمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا بارلىق تىپىك شېئىرلارغا ئوخشاش ئېپوسلاردا

بولىدىغان ئوبيېكتىپلىق پرىنسىپ بىلەن لىرىك شېئىرلاردا بولىدىغان سۇبيېكتىپلىق پرىنسىپ تولۇق بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

تىياتىر شېئىرىيىتى — بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. بىر مىللەت ئېپوس كەبى ئېپتىدائىي دەۋر بىلەن لىرىك شېئىردەك مۇستەقىل سۇبيېكتىپلىقنى ئاساس قىلغان دەۋرنى ياشاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ درامىلىق شېئىرىي دەۋرى مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بېلىنسكىي ئالاھىدە قىلىپ: «درامىلىق شېئىرلار پىشىپ يېتىشكەن مەدەنىيەتلىك مىللەتتە، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ دولقۇنسىمان دەۋرلىرىدە ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ»① دېگەنىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇيغۇر مىللىتى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئېپوس دەۋرىنى ياشاپ بولغانىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» شۇنىڭدەك 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن نۇرغۇن قوشاق پارچىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بىر پارلاق، گۈللەنگەن ئېپوس دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بولغانلىقىنى ھۆكۈملەشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۆتكەچكە، نۇرغۇن ئېپوسلار يوقىلىپ كەتكەنىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەن ۋاقىتتا ئۇيغۇر مىل-

① «بېلىنسكىي تاللانما ئەسەرلىرى» (III) «شېئىرنىڭ تۈرلىرى»، شائخەي تەرجىمە ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 77 - بەت.

لىتىنىڭ لىرىك شېئىرى خېلى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلگە-
نىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ گۈللىنىشى
ۋە راۋاجلىنىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «تۈركىي تىل-
لار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىن
قارىغاندا، ئۇنىڭدا لىرىك شېئىر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلە-
لەيدۇ. بەزى شېئىرلار ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋا يەل-يېمىشلەرنى
ئۆزگەرتكەنلىكىگە، تاش قوراللار بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋ-
لىغانلىقىغا ئائىت قەدىمكى قوشاقلار بولۇپ، ئۇلار ھېس-
سىياتقا باي، يەنە نۇرغۇنلىرى بەك رىتىملىق، گۈزەل،
بەدىئىيلىككە ئىگە قوشاقلار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا
تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان مانى دىنىنى،
بۇددا دىنىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارمۇ شەكلى باشقىچە-
رەك بولغان، سۆز سەنئىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن
لىرىكىلىق شېئىرلار ئىدى. بۇ ماتېرىياللار 11 – ئەسىردىن
بۇرۇن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ خېلىلا
ئومۇملاشقانلىقى ھەم خېلىلا پىشىپ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان يەنە
بىر مەسىلە شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولۇشتىن بۇ-
رۇن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دراما سەنئىتى مەيدانغا كېلىپلا
قالماستىن، بەلكى ئوردا ۋە ئاۋام خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۇ
خېلىلا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ بولغانىدى. 10 – ئەسىردە
سۇڭ خاندانلىقىدىكى ۋاڭ يەندى ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە
كەلگەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى شۇنىڭدەك
ئوردا خادىملىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە
تىياتىر كۆرگەنىدى. ۋاڭ يەندى «ئىدىقۇتتىكى
ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «توققۇزىنچى ئايلار

ئىدى، پادىشاھ، شاھزادە ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بىزنىڭ كۈن-
چىقىش تەرەپتىن كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن
بىزنى ئويۇن بىلەن قارشى ئالدى، پادىشاھ بالا-چاقىلىرى
بىلەن بىللە چىقىپ بىللە ئويۇن كۆردى، كۆڭۈللۈك زىياپەت
تاكى گۇگۇم چۈشكۈچە داۋاملاشتى» دەپ يازغانىدى.
1959-يىلى قۇمۇلدىن سەھنە ئەسىرى «مايترى سىمىت»
نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى تېپىلدى①.
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەلىللىشىچە، قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بۇ نۇسخا 8—10-ئەسىر-
لەردە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇددا نوملىرىدىكى مايتىرىنىڭ
بۇدداغا ئايلىنىشى ھەققىدىكى ھېكايىلەردىن كەلگەنىدى.
ئۇ جەمئىي 27 پەردە (مۇقەددىمە بىر پەردە، 25 پەردىسى
درامىنىڭ ئەسلى ۋەقەلىكى، ئاخىرقى بىر پەردىسى خاتىمە)،
قۇرۇلمىسى ھەيۋەتلىك، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، تىل بايلىقى
مول ۋە گۈزەل، پېرسوناژلار ئوبرازى جانلىق، ناھايىتى
ئۈستۈن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر ئىدى. بۇلار شۇنى
چۈشەندۈرىدۇكى، 8—11-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
دراماچىلىق ماھارىتى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان
ۋە ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسى تەدرىجىي شەكىل-
لەنگەنىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېپوس، لى-
رىك شېئىر شۇنىڭدەك تىياتىر ئەنئەنىسى ئاساسىدا پارس،
ئەرەبلەرنىڭ مەنتىقلىك شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل

① 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نېمىس ئارخېئولوگلىرى تۇرپان رايونىدىن «مايترى سىمىت» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە پارچىلىرىنى تاپقان. 1959-يىلى قۇمۇلدىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن 293 بەتلىك (586 يۈزلۈك) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نى تاپقان. ئۇنىڭدىكى مۇكەممەللىرى 114 بەت بولۇپ، ھازىرغىچە ئەڭ مۇكەممەل بولغان نۇسخىدۇر.

قىلىپ، شېئىر بىلەن تىياتىر شەكلىنى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان پەلسەپىۋىلىك شېئىرىي دراما شەكلىنى ئىجاد قىلدى. بۇ شېئىرىي درامىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. ئۇنىڭ يېڭىلىق ئەھمىيىتى ئەدەبىيات ژانىرىنىڭ يېڭىلىق دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، كېيىنكى ئۇيغۇرلار شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېپىك شېئىرىي درامىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى چوڭقۇر، تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپىك شېئىرى مەيلى خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئېپىك شېئىرلار بولسۇن، مەيلى يازغۇچىلار ئىجاد قىلغان ئېپىك داستان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۈچلۈك درامىلىق خۇسۇسىيەت بار ئىدى. ئۇلارنى ئازراقلا ئۆزگەرتسە سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ ئوينىغىلى بولاتتى. مەسىلەن، «غېرىب - سەنەم»، «رابىيە - سەئىدىن»، «تاھىر - زوھرا»، «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىقلار ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن لىرىك شېئىرى، ھەم ئۇيغۇر سەھنىلىرى ۋە ئېكرانلىرىدىكى نادىر تىياتىرلىرى ئىدى.

## توققۇزىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيىتى

### بىرىنچى پاراگراف غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى — كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئارىلىشىپ تاۋلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تېگىلچىدۇر

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى كۆپ خىل ئامىلنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ھايات - ماماتلىق مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپىنچە ھاللاردا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتكارى دەننا ھايات - ماماتلىق مۇھىتى بىلەن سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا ئۇنى ئۆسۈملۈك بىلەن زېمىننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ «زېمىن مەلۇم زىرائەت بىلەن ئوت - چۆپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى شارا - ئىتتۇر، زېمىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقى مەلۇم ئۆسۈملۈكنىڭ بارلىققا كېلىش-كېلەلمەسلىكىنى بەلگى - لەيدۇ. زېمىن دېگىنىمىز — مەلۇم تېمپېراتۇرا، نەملىك، مەلۇم ئاساسلىق ۋەزىيەت بولۇپ، ئۇ بىز دېگەن دەۋر روھى بىلەن ئۆرپ - ئادەت ئەھۋالىغا باراۋەر كېلىدۇ. تەبىئەت ئۆزىنىڭ ئاتموسفېراسىغا ئىگە، ئاتموسفېرانىڭ ئۆزگىرىشى

ئۇ خىل ۋە بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەرپا بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ، مەنسۇبلىكىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئاتموسفېراسى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇ خىل ۋە بۇ خىل سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بەلگىلەيدۇ... مەدەنىيەتنىڭ مېۋىسىنىمۇ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ مۇھىتلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش كېرەك»① دېگەنىدى. شۇڭلاشقا، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىشتە شۇ مىللەت خەلقلىرىنىڭ ياشىغان زېمىنى، تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى مىلادى 9 - ئەسىردىن بۇرۇن شىمالىي چۆللۈكتىكى يايلاقلاردا خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار ئوت ۋە سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلاشمىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزگەنىدى. مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي چۆللۈكتە قۇرغان ئۇيغۇر خاندانلىقى بەربات بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەربكە كۆچتى، ئاساسلىق قىسمى ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىي رايونىغا كېلىپ بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدا ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار چەكسىز بىپايان يايلاقتىن ۋاقاسلىقتىكى بوستانلىققا كېلىپ ئوت ۋە سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلاشمىغان كۆچمەنچىلىك ھاياتىدىن تەدرىجىي ھالدا شەھەر، يېزا - كەنتلەرنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە دېھقانچىلىق قىلىدىغان تۇرمۇشقا ئۆتتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھايات - ماماتلىق زېمىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا بولدى.

---

① (فرانسىيە) دەننا: «سەنئەت پەلسەپىسى»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 9 - بەت.

ئۇيغۇرلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن مۇھىتتى ۋە مەدەنىيەت تۈپرىقىدىن ئايرىلىپ غەربىي رايوندىن ئىبارەت بۇ بىر يېڭى زېمىنغا كەلدى، ئۇلار دۈچ كەلگەن مەدەنىيەت مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. غەربىي رايون — يىپەك يولىنىڭ بوسۇغىسى بولۇپ، بۇرۇندىن تارتىپلا دۇنيادىكى ھەر قايسى قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىدىغان تۈگۈنى ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى شۇنىڭدەك قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىپ، قەدىمكى غەربىي رايون مەدەنىيىتىگە ئېنىق ئىز سېلىپ، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغانىدى. ئاسىيانىڭ كىندىكىگە جايلاشقان قەدىمكى رايوننىڭ مەدەنىيىتى شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بىلەن بەدىئىي سېھرىي كۈچ پەيدا قىلىپ، ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەدەنىيەت مۇھىتىدا ھاسىل بولغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا ئېنىق بىر قارارغا كېلىش ئۈچۈن پېقىر ۋاقىتنى تىك ئوق، كەڭلىكنى تەكشى ئوق، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ۋاقىت بىلەن كەڭلىكنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى قىلىپ تۆۋەندىكىدەك بىر مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتە ئىشلەپ چىقتىم.

خەرىتىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەدەنىيەت مۇھىتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆزگىرىش يۈز-


ۋاقىت ئوقى
IX/X ئەسىر
شىمالىي جۇڭگو-
تىكى ئۇيغۇر خانلىقى
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
غەربىي رايون
X ئەسىر
غەربكە كۆچكەندىن
كېيىنكى ئۇيغۇر مەدە-
نىيىتى
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
خەنزۇ مەدەنىيىتى
قەدىمكى يۇنان
مەدەنىيىتى
ئىسلام
مەدەنىيىتى
پارس
مەدەنىيىتى
ھىندىستان
مەدەنىيىتى
كەڭلىك ئوقى

بەرگەن چاغدا، ئىدىيەۋى كۆز قاراش، دىنىي ئېتىقاد ۋە بىر-
قەدەر مۇقىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىللىيە تىلىكتىمۇ بۇنىڭغا ئەگى-
شىپ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن كۆچۈپ
يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش
ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ مىللىيلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. مىللىيلىقنىڭ
مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە بولۇپ، ئادەتتە ئۇ مىللەتنىڭ
پسىخىكىلىق قۇرۇلمىسى، مىجەزى، تەپەككۇر ئۇسۇلى شۇنداقلا
نىسپىي ھالدا مۇقىم بولغان بەزى ئىدىيەۋى كۆز قاراشلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇزاق يىل قەبىلىنى ئاساس قىلىپ
توپلىشىپ يۈرۈش، سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ ئولتۇراق-
لىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈش، بىر قەدەر كۈچلۈك
قەبىلىلەر توپى ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن، دۆلەت ئېڭى بولسا
نىسبەتەن ئاجىزراق بولۇپ، بىرلىككە كېلىش ئېڭىمۇ ئانچە
كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. مىللەتنىڭ مىجەزىدىن قارىغاندا، ئۇ
چاغدا قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىلەر، ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق ئوت-
تۇرىسىدا يايلاق تالىشىش، چارۋا تالىشىش ھەم بايلىق تالى-
شىش ئۇرۇشلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇراتتى. كۆچمەن چارۋى-
چى مىللەت بولغان ئۇيغۇرلار بۇ ۋاقىتتا كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق،
جەسۇر ۋە چەبدەس، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئىدى ھەمدە ئۆل-
تۈرگەن دۈشمىنى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە قەھرىمان ھېساب-
لىناتتى. ئېتىقاد ۋە كۆز قاراش جەھەتتە، ئۇ ۋاقىتتىكى ئۇي-
غۇرلار ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخ-
شاشلا ئۇزاق ۋاقىت شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ،
ھەممە شەيئىنىڭ روھى بولىدىغانلىقىغا، تەبىئەتكە، ھايۋانلارغا،
دەل-دەرەخلەرگە، ھەتتا ئەجدادلىرىنىڭ روھ-ئەرۋاھلىرىغىمۇ
قاتتىق سىغىناتتى ۋە تىۋىناتتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا

تەڭرى (ئاسمان ئىلاھى) گە بولغان ئېتىقاد، دەل-دەرەخلەرگە بولغان ئېتىقاد، بۆرىلەرگە بولغان ئېتىقاد، تاغۇ تاشلارغا بولغان ئېتىقاد كۆز قارىشى قاتتىق يىلتىزلاپ كەتكەنىدى. شامان دىنىدا ئاخىرەت ۋە سەۋەب-نەتىجە توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار بولمىغانلىقتىن ئۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار باقىي ئالەمگە ئىشەنمەيتتى. ئۇلارچە بولغاندا، بىر ئادەمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى مال-دۇنياسى قانچە كۆپ بولسا، ئۆلتۈرگەن ئادىمى قانچە جىق بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى پاكلىرى نۇرغۇن مال-دۇنيالار بىلەن راھەتلىنەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ھىمايە قىلىناتتى، ئۇلارنى ئۆزى باشقۇرالايتتى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي-شىمالىي رايونلىرىغا كەلگەندىن كېيىن سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئىش ئاخىرلىشىپ، ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان تۇرمۇش باشلاندى ھەم ناھايىتى تېزلا غەربىي رايوننىڭ تۇپرىقىدا ئىككى ئۇيغۇر فېئوداللىق ھاكىمىيىتى — تۇرپاننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقى ۋە بالاساغۇن، قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەر توپى ئېڭى، ئاستا-ئاستا ئاجىزلاپ يوقىلىشقا باشلىدى، ئەكسىچە، دۆلەت ئېڭى، بىرلىككە كېلىش ئېڭى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، غەربىي رايوندىكى ھەرخىل قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ، غەربىي رايون بۇددا ئىدىيىسىنىڭ، كۆكزۇچىلار ئىدىيىسىنىڭ شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئېتىقاد قىلغان دىنى — ئىسلام دىنى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىجەزىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، قوپاللىقتىن، يۇمۇر-

لۇق، ئوچۇق-يورۇقلۇقنى قاراپ مېڭىپ ئەقىل-پاراسەتكە
تولدى، ھەرىكەت قىلغاندا ئېھتىياتچان بولىدىغان، باتۇرلۇق
قىلغاندا پىلان ۋە تەدبىرگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، قائىدە-يو-
سۇنغا دىققەت قىلىدىغان بولدى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى
ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ،
مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇددا دىنىغا، كېيىن يەنە ئاز
بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىپ، بۇددا ۋە ئىسلام دىنى
ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن باقىي ئالەم ھەققىدىكى
كۆز قاراش، ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق دەيدى-
غان كۆز قاراشلار تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ئېڭىدا
شەكىللەندى، تەپەككۇر شەكلى جەھەتتە سۇبيېكتىلىق ئېڭى
روشەن ھالدا كۈچەيدى.

پلېخانوۋ «سەنئەتنى ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى ئىجاد
قىلىدۇ، ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى بولسا ئۇلارنىڭ مۇھىتىنىڭ
ئەھۋالىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ»① دېگەنىدى. ئۇيغۇرلار-
نىڭ مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ
ئىدىيىۋى ئېڭى، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ
ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. پسىخىكىسىدا ئۆزگىرىش بولغاندا،
ئىجاد قىلغان ئەدەبىيات-سەنئەتلىرىدىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆز-
گىرىش ھاسىل بولاتتى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىن غەر-
بىي رايوندىكى بوستانلىقلارغا كۆچۈپ كېلىشى، يەككە-يېگا-
نە بولغان يايلاق كۆچمەن مەدەنىيىتىدىن كۆپ مەنبەلىك مە-
دەنىيەتكە كۆچۈشتەك ئالاھىدىلىكى، بىرقەدەر يۇقىرى سەۋ-
يىدىكە ئىگە بولغان غەربىي رايوننىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى

① «پلېخانوۋ ئېستېتىكىلىق ماقالىلەر توپلىمى» I جىلد، خەلق نەشرىياتى،
1983-يىل خەنزۇچە نەشرى، 350-بەت.

مۇھىتىدا ھازىرلاندى. بۇ يەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى غەربىي رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بىلەن كۆچلۈك تۈردە تسوقۇنۇش ياسىدى، نەتىجىدە ئۇيغۇر مىللىتى مەدەنىيىتى تاللاشقا دۇچ كەلدى. مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولغاندا تۆۋەن قاتلامدا تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت ھامان پايدا ئالاتتى. ئۇيغۇر مىللىتى غەربىي رايوندىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ زەر-بىسى بىلەن تاشلىۋېتىش، يېڭىنى قوبۇل قىلىش، بىرلەشتۈرۈپ كېتىش ۋە قايتىدىن بەرپا قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا بىر خىل يېڭى مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل مەدەنىيەت گەرچە مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن تۈپ ماھىيەتتىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ يۇقىرى قاتلاملىق، يېپيېڭى بولغان بىر مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ خۇددى كېپىنەكنىڭ قورچاق ئايرىپ چىقىنغا ئوخشاشلا ئىش بولۇپ، گەرچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولسىمۇ، ئەمما كېپىنەك بىلەن قورچاقنى سېلىشتۇرغاندا ئەلۋەتتە سۈپەت جەھەتتىكى سەكرەش مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى.

ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى غەربكە كۆچۈشنى بىر پۇرسەت قىلىپ يېتەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى ھەم بېكىنمە، يەككە-يېگانە يايلاق كۆچمەن مەدەنىيىتى ھالىتىدىن تەدرىجىي ھالدا ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئالاھىدىلىكى سەنئەتتە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادى-

لىنىدۇ. تۇرپان بېزەكلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تام سۈرەتلىرىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، سول تەرەپتىكى كارىدورنىڭ تېمىغا سىزىق تون كىيگۈزۈلگەن ھىندىستانلىق راھىبنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، بېشىغا سانسكرىت تىلىدىكى ۋەسىقە چۈشۈرۈلگەن، ئوڭ تەرەپتىكى كارىدورنىڭ تېمىغا بىنەپشە رەڭلىك تون كىيگۈزۈلگەن شەرقىي ئاسىيالىق راھىبنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، بېشىغا خەنزۇ تىلىدىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇپ ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقە چۈشۈرۈلگەن. راھىبلار سۈرىتى سىزىلغان بۇ تامدا قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ھىندىچە ئۈچ خىل مەدەنىيەت مۇجەسسەملەنگەن. تام سۈرىتى-دىكى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىنىڭ ئوبرازى بولۇپمۇ باشقىچىرەك ئۇسلۇبتا بولۇپ، ئۇلار «ئۇزۇن چاپان كىيگەن، بېشىغا ئوتۇ-غات تاقىغان، ئاياللىرى گۈلدەستە تۇتقان، مۇزىكانتلىرى يېنىدا تۇرۇپ نەغمە-ناۋا قىلىشىۋاتقان بولۇپ، بۇلار مانى دىنى سۈرەتلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى، پارس سەنئىتى بىلەن جۇڭگو سەنئىتى بىۋاستە بىرىكتۈرۈلگەن بولسىمۇ ھىندىستان سەنئىتىنى ئارىلاشتۇرمىغانىدى»①.

بۇ جايدىكى تام سۈرەتلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولى-دۇكى، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئېچىد-ۋېتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى شۇنىڭدەك پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر مۇلاقات بولغانىدى.

ئامېرىكا ئالىمى كاد غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر

---

① «ستەيىننىڭ غەربىي رايون ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسىدىن مۇھىم بايان-لار» دىن ئېلىنغان. خۇابېي تەرجىمە تەھرىر يۈرتىنىڭ «يۇرت ژۇرنىلى» نىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچىسى. «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى» (1 - قى-سىم)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 90 - بەت.

مەدەنىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ
بىرىكىشى، ئۆزلىشىش ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ناھايىتى ھەيران
قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى
ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» دېگەن كىتابىدا «ئىرق بىلەن
دىنىنىڭ بىرىكىشى بىزنىڭ تۇرپاننى بايقىشىمىزنى تېخىمۇ بىر
سېھىرلىك ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ. خەنزۇلار بىلەن قارا تەنلىك
ھىندىلار، تۈركلەر بىلەن ھىندىستان ياۋروپا، يۇنان، پاكىس-
تان ئىرقىدىكى كۆزى يوغان، سېرىق چاچ، چوڭ گەۋدىلىك
ئادەملەر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تام سۈرەتلىرىدە نا-
ھايىتى روشەن كۆرۈلمەكتە. ئوخشاشلا يەنە بۇ تام سۈرەتلى-
رىنىڭ ئۇسلۇبى يۇنان-ھىندىستان مىمارچىلىقى بىلەن جۇڭ-
گو سەنئىتىنىڭ بىرىكىشى بولۇپ، ئۇنىڭ پارس مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ»
دەپ يازغانىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، قەدىمكى زاماندىكى غەر-
بىي رايون شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىدىغان جايى
ئىدى. كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى — غەربىي رايون
مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى ئىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە
كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتى قەدىمكى غەربىي رايوننىڭ
كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپلا
قالماستىن، بەلكى غەربىي رايوننىڭ تۈركلىشىش قەدىمىنىڭ
تېزلىشىگە ئەگىشىپ، خۇددى بىر تېگىنلىچىگە، پىچقا ئوخشاش،
ھەر خىل مەدەنىيەتنى ئۆزىگە جەملەپ پىشۇردى، ئۇنى تاۋ-
لاپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى. ياپون ئالىمى يىۋي تېيەنخېڭ
«غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»
دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى
ۋاقىتلىرىدا مەيدانغا كەلگەن «تېگىنلىچە ھادىسىسى» گە، ئۇي-

غۇرلارنىڭ غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان
غايەت زور تۆھپىسى ھەققىدە توختالغانىدى. ئۇ: «ئۇ ۋا-
قىتتا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل خاراكتېرگە ۋە سىس-
تېمىغا ئىگە مەدەنىيەت ئۆزئارا ئارىلىشىپ (غەربكە كۆچكەن
ئۇيغۇرلار) ئارىسىدا ھەرىكەت قىلدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە
ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا گىرەلىشىش ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلدى
ۋە راۋاجلاندى... بۇ خىل قوشۇلۇپ كېتىش ئاتالمىش قە-
دىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى... غەربىي
رايوندىكى جايلارغا تارقىلىپ، شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ
گىرەلىشىپ قوشۇلۇپ كېتىشىدە بۇ يەردىكى غەربىي رايونلۇق-
لار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ ھەرقايسىسى
ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە تەرسالىق بىلەن يېپىشىۋال-
غانلىقى سەۋەبىدىن قوشۇلۇپ كېتىشمۇ تەسكە چۈشتى. تاكى
ئازراقمۇ تەرسالىقنى خالىمايدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ يەر-
گە كەلگەندىن كېيىن شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قو-
شۇلۇپ كېتىشى ۋەزىيىتىدىن خالىي بولغىلى بولمىدى. غەربىي
رايوندىكى جايلاردا قوشۇلۇپ كېتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدە-
نىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى دەل قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەر-
بىي رايونغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ۋەجىدىن مەيدانغا كې-
لىۋاتقان بىر مۇقەررەرلىك بولدى»① دەپ يازدى. يۈي تيەن-
خېڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدا ئۇنىڭ ئۈچ قاتلاملىق مەنىسىنى مۇنداق
ئىپادىلىدى: بىرىنچى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن
غەربىي رايون مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئالاھى-
دىلىكىگە ئىگە ئىدى؛ ئىككىنچى، ھەرخىل قەدىمكى مەدەنى-

① (ياپونىيە) يۈي تيەنخېڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، جېڭ جىفاڭ تەرجىمىسى، شاڭخەي شاڭۋۇ كىتابخانىسى، 1934-يىل خەنزۇچە نەشرى، 76 — 80-بەتلەر.

يەت غەربىي رايونغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى جاھىللىق بىلەن ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشالمىدى. ئۇيغۇرلار غەربىي رايونغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلار كونسېرۋاتىپلىق قىلمىدى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئېچىۋېتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولدى، شۇڭلاشقا شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇ-رۇش تارىخىي بۇرچ سۈپىتىدە ئۇيغۇر مىللىتىگە يۈكلەندى؛ ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار غەربىي رايوندا ئولتۇراقلاشقاندىن كې-يىن، غەربىي رايوندىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى بىرلەش-تۈردى، بۇ بىرىكمە دەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ئىلگىرى دۆلىتىمىز ۋە خەلقئارادىكى ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن شەكىللەندۈرگەن شەرق-غەرب ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مەدەنىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە توختالغاندا، كۆپىنچە دىققەت-ئېتىبارىنى سەنئەتكە قاراتتى، تام سۈرەتلىرى بىۋاسىتە كۆزگە چېلىقىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەقتە كۆپلەپ توختالدى. مۇزىكا، ئۇسسۇل ھەم ئاۋازلىق، ھەم شەكىللىك سەنئەت شەكلى بولغاچقا، ئۇلار بۇ ھەقتىمۇ كۆپ گەپ قىلدى. پەقەت ئەدەبىياتقا قارىتا، ئۇيغۇر مەدە-نىيىتىنىڭ تاماندىن چىقىپ تەھلىل-تەتقىق ئېلىپ بارىدى-غانلار ناھايىتى ئاز بولدى. ئەمەلىيەتتە مەلۇم مەنىدىن ئېيت-قاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەر تام سۈرەتلىرى، مۇزىكا، ئۇسسۇلغا قارىغاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەرق-غەرب مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. چۈنكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، ئىنكاس قىلىنغان تۇرمۇش بەزى بەدىئىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا تېخى-مۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىدى.

11 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن كاتتا ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» تە غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەركەزلىك ۋە تىپىك ھالدا ئىپادىلەندى. بۇ شېئىردىي ئەسەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى، پارس ـ ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى، شۇنىڭدەك قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئوزۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندى. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، غەربىي رايون مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، شەرق ـ غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە ئارتۇقلۇق قىلمايدىغان بىر قىممەتلىك مىراستۇر. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ تېپىلىشى سەل يېقىنقى زاماندىكى ئىش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ نەشر قىلىنىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئاران قىرىق يىللىق قىسقىچە تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ تىل ـ يېزىقىنىڭ ئوقۇلۇشى جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە شەرق ـ غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەلدىكى ئالىملارنى بۇ بىر بىباھا قىممەتلىك ماتېرىيالدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىدى. بۇنى ناھايىتى زور ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دېمەي بولمايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت تارىخى قىممىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلەش، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، كەمىنە تۆۋەندە شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىندۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئوپېراتسىيە قىلماقچىمەن.

## ئىككىنچى پاراگراف پارس-ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە تۇتقان ئورنى

ئەسلى ماۋزۇ ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ غەربىي رايون مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئەرەبىستانلىق مۇھەممەد تەرىپىدىن مىلادى 622-يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلدى. بۇ دىن كۆپ خۇدالىق ئېتىقادقا ۋە بۇتقا باش ئۇرۇشقا قارشى تۇراتتى، پەقەت بىرلا ئاللاغا ئىمان كەلتۈرەتتى. ئەرەبلەر «مۇسۇلمانلار ھەممىسى بىر تۇغقان» دېگەن دىنىي شوئار بىلەن قوراللىق كۈچكە تايىنىپ، قىسقىغىنا 100 يىل ئىچىدە شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە ئىسپانىيىگىچە بولغان، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدىن ھالقىغان ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، قەدىمكى ھىندىستان، پارس، يۇنانلارنىڭ ئاۋۋالقى مۇنبەت تۇپراقلىرىمۇ ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

ئىسلام دىنى ئەمدى بىنا بولغان چاغلاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەدەنىيىتى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىدى. ئۇلاردا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بويۇنتۇرۇقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتكە قارىتا ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى، كۆپىنچە باشقىلارنىڭكىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت ۋە رايونلارنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، پارس مەدە-

نىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى تەدرىجىي شەكىللەندى ۋە راۋاجلاندى. ئەرەبلەر دىنىي ئەقىدىدە «قۇرئان» نى قىلمىش ۋە ئېتىكىنىڭ ئۆلچىمى بىلدى. ئۇلار ئەدەبىيات، مۇزىكا جەھەتتە پارس، ھىندىستاننىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قوبۇل قىلدى. پارس ئىمپېرىيەسىنى مىلادى 641 - يىلى ئەرەبلەر يىمىرىپ تاشلىدى. ئىسلاملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن پارس ئەدەبىياتى ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئەرەبلەر پەلسەپە جەھەتتە قەدىمكى يۇناننىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلدى، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئوقۇشلۇقى بوپقالدى. ئىسلام ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋاقتى مىلادى 7 -، 8 -، 9 - ئەسىرلىرى بولۇپ، 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرى باشلاندى.

ئۇنداقتا ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى قانداق بولغان؟ غەربىي يۇرت — خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئېلىمىز خەلقلىرىنىڭ قاشتېشى قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا قويغان يەر ئىسمى بولۇپ، ئۇ كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت ۋە تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئادەتتە بىز دەۋاتقان غەربىي يۇرت تار مەنىدىكىسى بولۇپ، ئۇ قاشتېشى قوۋۇقىنىڭ غەربى، پامىرنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى يەنى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنى كۆزدە تۇتاتتى. كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت — تار مەنىدىكى غەربىي يۇرتتىن ئۆتۈپ بارىدىغان جايلارنى يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھىندىستان يېرىم ئارىلى، پارس، شىمالىي ئافرىقا، شەرقىي - جەنۇبىي ياۋرو-

پانى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىسلام ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇچى ئاساسەن دېگۈدەك كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ زور كۆپچىلىك جايلىرىغا كېڭەيگەنىدى.

ئەرەب ئىمپېرىيەسى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «تازى» دېيىلەتتى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەب ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدا بىر چاغلاردا ھەربىي توقۇنۇش بولغان، تاڭ سۇلالىسى شاش (تاشكەنت) پادىشاھىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شاش شاھزادىسى ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولۇپ، ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ تاڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. ئەنشى (غەربنى تىنجىتىش) باسقاق بېگى گاۋ شيەنزى چېرىك باشلاپ ئۇلارغا قارشى جەڭگە چىققاندا ئىككى قوشۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاستا ئۇچراشتى. كېيىن قارلۇقلارنىڭ ئەرەبلەرگە تەسلىم بولۇپ، تاڭغا قارشى ئۇرۇشۇشى نەتىجىسىدە تاڭ قوشۇنلىرى مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ، گاۋ شيەنزى مەغلۇپ بولدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق تالاس جېڭى بولۇپ مىلادى 751-يىلى يۈز بەرگەنىدى. تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى ئەسىرگە چۈشتى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى چېرىكلەر بىللە كەلگەن ھۈنەرۋەنلەر ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى مۇشۇ ھۈنەرۋەنلەر ئارقىلىق غەربكە تارقالدى. بۇ قېتىمقى جەڭ جۇڭگو-غەرب مەدەنىيەت ئالمىشىش تارىخىدىكى بىر مۇھىم ۋەقە ئىدى. ئەرەب قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدە تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق تارىخچى، «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ مۇئەللىپى دۇيۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئەدىب، دۇخۇەنمۇ بار ئىدى. دۇخۇەن ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىكى كۆپ جايلاردا ساياھەتتە بولغان ۋاقىت، دەل ئەرەب ئىمپېرىيەسىدىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى قۇرۇلغان بىر ۋاقىت ئىدى. ئۇ باغداتتا ئۇزۇن

مۇددەت تۇرغان، كۆپلىگەن خەنزۇلارنى ئۇچراتقانىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە چاڭئەندىن ۋە شەنشىدىن كەلگەن رەسساملار ھەم باپكارلار بار ئىدى. دۇخۇەن ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە ئون يىل ئۆپچۆرىسىدە ياشاپ ئىسلام دىنىغا كىردى، ناماز ئوقۇدى، كېيىن دېڭىز يولى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتتى ھەمدە ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە تۇرغان ۋاقىتتىكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن «سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن بىر كىتابنى يازدى. بۇ كىتاب كېيىن يوقىلىپ كېتىپ «قانۇنلار قامۇسى» غا كىرگەن بۆلىكىلا ساقلىنىپ قالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، ناھايىتى نۇرغۇن تۈرك ئالىملىرى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى باغداتقا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى مەشھۇر تۈرك ئالىمى ئەل فارابى (مىلادى 870 — 950 - يىللار) بولۇپ، ئۇ باغداتتا ئوقۇدى. تۈرك تىلى ۋە ئەرەب تىلىنى ناھايىتى پىششىق ئۆگەندى. ئەرەب تىلى ۋە يېزىقىدا ئەسەر يازدى. ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، يازغان ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پەلسەپە، ماتېماتىكا، فىزىكا، مۇزىكا قاتارلىق ساھەلەردە نەتىجە ياراتتى ۋە ئىسلام ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە داڭلىق ئۇلۇغ ئالىمغا ئايلاندى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، ئۇنىڭ ياۋروپادىمۇ شۆھرىتى چوڭ بولۇپ، «ئارىستوتېل ئىككىنچى» دەپ نام ئالدى.

ئىسلام دىنىنىڭ تار مەنىدىكى غەربىي يۇرتقا — يەنى بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى بىرقەدەر كېيىنرەك بولۇپ، تەخمىنەن 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلەتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كىچىكرەك

بولدى، تارقىلىش دائىرىسى پەقەت قەشقەر، خوتەن بىلەن
چەكلەندى، كېيىنچە كۇچانىڭ غەربىدىكى جايلارغا يېتىپ
باردى. كۇچانىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلار بولۇپمۇ تەڭرى
تاغنىڭ شىمالىي رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار يەنىلا بۇددا
راھىبلىرىنىڭ دۇنياسى ئىدى. غەربىي يۇرتنىڭ باشقا قەدىم-
كى مەدەنىيەتلەر — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى،
ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىگە
سىڭدىشتۇرغاندا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ
كىرىشى خېلىلا كېيىن بولۇپ، غەربىي رايوندا پۇت دەسسەپ
تۇرغان ۋاقتىمۇ خېلى قىسقا ئىدى.
لېكىن، ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئىسلام
مەدەنىيىتى خۇددى تاقاقنى ئېچىۋېتىپ سۇ باشلىغاندەكلا
غەربتىكى ئۇيغۇر دۆلىتى — قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دائىرىسىدە
ناھايىتى تېزلا يۇرۇشۇپ كەتتى. ئىسلام دىنى قاراخانىلار
سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلدى، قاراخانىلار سۇلا-
لىسىدىكى مۇتلەق زور ئاھالە ئىسلام دىنىغا كىردى. قەشقەر
ئەسلىدە غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق بۇددا مەدەنىيىتى مەركىزى
ئىدى. لېكىن 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11 - ئەسىرنىڭ باشلى-
رىغا كەلگەندە شەرقىي قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولۇپ-
لا قالماستىن، بەلكى راۋاجلىنىپ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركى-
زىگە ئايلاندى، مەدرىسىلەر قاتار-قاتار بىنا قىلىندى، ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان
ئىسلام ئالىملىرى بۇ يەرگە توپلىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلدى،
مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پۇرىقى نا-
ھايىتى قويۇقلاشتى.
«قۇتادغۇبىلىك» دىن ئىبارەت بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ
مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شائىر يۇسۇپ خاس

ھاجىپ بىر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇ پارس-ئەرەب مەدەنىيىتىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شائىرنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردە ئىجاد قىلغان بۇ شېئىردىي ئەسىرى قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پۇرىقىدىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تەسىرى ئەسەرنىڭ شېئىردىي قۇرۇلمىسىدا گەۋدىلەندى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى ئۈچ بابتا خۇداغا بولغان ھەمدۇسانا (بىرىنچى باب)، پەيغەمبەرگە مەدھىيە (ئىككىنچى باب) ۋە ئۇنىڭ تۆت ساھابىسىگە مەدھىيە (ئۈچىنچى باب) ئوقۇلىدى. بۇ ئۈچ بابتىكى مەدھىيە قوشاقلىرى 62 بېيت (124 قۇر) قا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر تىپىك بولغان ئىسلام شېئىرىيىتىنىڭ شەكلى ئىدى. شۇ دەۋردە ياشىغان شائىر يۈسۈپنىڭ رەسمىي تېكىستكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، خۇدا، پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەرنىڭ تۆت ساھابىسىگە ھەمدۇسانا ئوقۇشى، ئىسلام شېئىرىيىتىدىكى قېلىپلاشقان بىر ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈردى.

بۇ خىل بەدىئىي شەكىلنىڭ ئىجادچىسى پارس شائىرى ئابدۇل خەمىد بىر چاغلاردا ئەرەب ئىمپېرىيىسىدىكى ئۇمەيۋىيىلەر خاندانلىقى خەلىپىسىنىڭ كاتىپى بولغانىدى. ئۇ مىلادى 8-ئەسىردە «تۇنجى بولۇپ داستانچىلىقنى كەشىپ قىلغان ھەم ئەسەرنىڭ بېشىدا خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان كەلىمىلەرنى قوللانغان، كېيىنكى ئەدىبلەرمۇ ئۇنىڭ يولىنى بويلاپ ماڭغانىدى».① ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ بۇ خىل شەكىلچىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىسلام شېئىرىيەت

① ئىبنى خەللىكان: «ئادەملەر ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەر» دىن ئېلىنغان، (مىسىر) ئەخمەت ئەمىن: «ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى»، شاڭخەي كىتابخانىسى، 1982-يىل خەنزۇچە نەشرى، 130-بەت.

ئۇرنى «قۇتادغۇبىلىك» كە ئېلىپ كىرىپ كېيىنكى ئۇيغۇر
شائىرلىرى ئۈچۈن يول ئاچتى. ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنىڭ
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شېئىر ۋە باشقا ئەسەرلەرنىڭ
ھەممىسىنىڭ بېشىدا خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان، پەيغەمبەرلەرنى
مەدھىيىلەيدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىش ئەسەر مەزمۇنى
بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان كونا ئادەتكە ئايلىنىپ
قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى
شېئىرىيىتىنىڭ ۋەزنى ئەمەس، بەلكى پارس، ئەرەب شېئىرىيە-
تىدە قوللىنىلىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئارۇز ۋەزنى ھەم
مەسنەۋى شېئىرىيەت شەكلى ئىدى. شېئىرنىڭ تېكىستىدىن قا-
رىغاندا، ئاپتور ئىسلام شېئىرىيىتىدە ئادەتكە ئايلانغان بۇ خىل
ۋەزىن بىلەن شېئىر شەكلىنى ناھايىتى ئوبدان تەتقىق قىل-
غان، ئۇنى ئىنتايىن راۋان قوللانغان ۋە پىششىق ئىگىلىگە-
نىدى. ئاپتور ئەگەر پارس، ئەرەب تىللىرىنى پىششىق بىلمە-
سە، پارس، ئەرەب شېئىرلىرىنى ئوبدان تەھسىل قىلمىغان
بولسا، ئۇنىڭ بۇنچىلىك سەۋىيىگە كۆتۈرۈلەلىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەسەردىكى
تۆت نەپەر باش قەھرىمان — كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈل-
مىش ۋە ئودغۇرمىشلار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ھاكىمىيەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرى ۋە كۆز
قاراشلىرىدا خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەش-
ۋىق قىلىدىغان، غازاتنى كۆككە كۆتۈرۈپ غەيرىي دىندىكى-
لەرنى كەمسىتىدىغان ئىبارىلەر ئازدۇر-كۆپتۇر بار ئىدى.

ئودغۇرمىش پادىشاھ كۈنتۇغدىغا يازغان مەكتۇبىدا «گېپ-
لىمغا، ئەگەشمىگە بار (نەرسىلىرىم) يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى

نېمە كېرەك؟ گېلىمىغا يەيدىغىنىمنى ۋە ئۇچامىغا كىيىدىغى-
نىمنى ياراتقان ئىگەم (مەن ئۈچۈن) كەم قىلمايدۇ. بارلىق
ياخشى-يامانلىقىم، كەمبەغەل-بايلىقىمنى خۇدادىن كۆرىمەن،
خۇدانىڭ دەرگاھىنى تۇتتۇم، ئىبادەت قىلىمەن، ھەممە خەلق
جەم بولىدىغان ھەقىقىي دەرگاھ ئەنە شۇدۇر. كىشىنىڭ ھىممىتى
شۇنداق بولۇشى كېرەككى، كۆڭۈل قويۇپ، خۇداغا ئىبادەت
قىلسۇن!» (3742 — 3751 - بېيىتلار) دېدى. ئودغۇرمىش ئۆزى-
نىڭ قېرىندىشى ئۆگدۈلمىشكە رېئال دۇنياغا ئىتائەت قىلىش
ۋە قانائەت توغرىسىدىكى كىشىلىك دۇنياسى ھەققىدىكى قا-
راشلىرىنى بايان قىلىپ: «(ئەي) ئوغۇل، نەزەر سال، بۇ
دۇنيا بوراندەك (ئۆتۈپ) كېتىدۇ، ئۇ بىر كۆلەڭگىدۇركى،
(تۇرىدىغان) قارارى يوق، ئۇ (بەئەينى) سەرراپتۇر، قارىساڭ
كۆزۈڭگە كۆرۈنىدۇ، ئەمدى (تۇتاي) دېگەندە، غايىب بولىدۇ-
يوقاپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ دۇنيا ماڭا كېرەك ئەمەس، دۆلەت-
مۇ، ئۇنىڭ كېلىش ئۆۋۈتىمۇ (كېرەك) ئەمەس، ئەي مەرد
يىگىت، ئىگەمنىڭ يادى ماڭا ھەمراھ بەس، (ئۇ) سۆيۈنچىمگە
سۆيۈنچ، ئۇنىڭ يارلىقى (مەن ئۈچۈن) كۇپايە، شادلىقىمغا
شادلىق. سۆيۈنچ بولمىسا، ئىگەمنى سۆيۈش كۇپايە، دۈشمىنىم
شەيتاندۇر، شۇنىڭ بىلەنلا ئېلىشىمەن. تىلىكىمنى ئۇنىڭدىن
(تىلەيمەن)، ئۇنىڭدىن ئۈمىد (كۈتىمەن)، سېغىنغان ئىگەم
شۇ، ئۇنىڭدىن شادلىق كۆرىمەن» (4758 — 4764 - بېيىتلار)
دېدى.

ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆزلىرىدە خۇدانىڭ مۇبارەك نا-
مى تىلغا ئېلىنغان جايلار ئودغۇرمىشنىڭكىدىن ئازراق بولۇپ،
ئۇ دىنغا ئانچە بەك قىزىقمايتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ
ئۇنىڭ بايانلىرىدا يەنىلا غەيرىي دىندىكىلەرنى كەمسۇندۇرىدىغان
ئىبارىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايتتى. مەسىلەن، ئۇ ئودغۇرمىشقا

ئۆزىنىڭ دوست تۇتۇش ئۇسۇلىنى بايان قىلىپ بەرگىنىدە
«جاھاندىكى دۈشمەن ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى، خۇدالىق
دۈشمەن بولۇپ، بۇلار كاپىر دۈشمەنلەردۇر، يەنە بىرى،
پايدا-زىيان ئۈچۈن دۈشمەن بولۇپ، كىشىدىن ئۆچ ئېلىشقا
ئۇرۇنىدۇ. كاپىر دۈشمەنگە قاتتىق جەڭ قىلىش كېرەك،
بۇ ئىشقا پىدائىي بولۇپ، جان-تەننى سەدىقە قىلىش لازىم.
دۈشمەن پايدا-زىيان ئۈچۈنلا بولغان بولسا، پايدىگىنى
ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياراشقىن» (4224—
4228-بېيىتلار) دېگەنىدى. ئۇ پادىشاھ كۇنتۇغدىغا دۆلەتنى
ئىدارە قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە سۆزلەپ: «ئەسكەر-
خىزمەتچىلەرنى كۆپەيتكىن، ئۇلارنى خۇشال قىل، (ئۇلارمۇ)
بىر كۈنى سەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك جېنىنى پىدا قىلىدۇ. قو-
شۇن ۋە ئەسكەر-خىزمەتچىلەر بىلەن كاپىر دۈشمەنلەرنى
يانجىپ تاشلا، خۇدادىن مەدەت تىلە، سېنىڭ تايانچىڭ پاك-
تۇر. بۇ كاپىرلار ئۈچۈن قوشۇن-ئەسكەر توپلا، قورال تەي-
يارلا، كاپىرلار بىلەن (بولغان جەڭدە) ئۆلسە، ئۆلۈم ھېساب-
لانمايدۇ. ئۆي-ماكانلىرىنى كۆيدۈر، بۇتلىرىنى سۇندۇر،
ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت-جامە (بىنا) قىل. ئوغۇللىرىنى قۇل،
قىزلىرىنى چۆرە قىلغىن، ئۇنىڭدىن (ئولجا) ئالغان نەرسىلەر
بىلەن خەزىنە توپلا. مۇسۇلمانلىقنى يولغا قوي، شەرىئەتنى
تەرغىب قىل، (شۇنداق قىلساڭ) ياخشى نام قازىنىسەن، ئۇلۇغ
بولىسەن.» (5483 — 5488-بېيىتلار) دېدى.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان قويۇق دىنىي
تۈس ئالغان پارچىلارنىڭ پۈتكۈل ئەسەردە تۇتقان ئورنى
يەنىلا ناھايىتى ئاز، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئىسلام
دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ
دىنىي كەيپىياتىنى قوزغاش، شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»

نى يېزىشتىكى مۇددىئاسى ئەمەس. ھەرقانداق بىر كىتابتا ئەسەر دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەدىئىي ئەسەرگىمۇ مۇقەررەر رەۋىشتە دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىگە تارقىلىپ كىرگىنىگە ئەمدىلا 100 يىل بولغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بۇددا دىنى كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق دىنىي ئۇرۇشلار بولدى. بۇنداق دىنىي توقۇنۇش «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بىز بۇ شېئىردىي ئەسەردىن شائىر يۈسۈپنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇشتا ئۇنىڭ باشتىن-ئاياغ ئىسلام دىنى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شائىرنىڭ بۇ مەيدانى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قوشۇمچە سەھىپىلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستىنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن زامانىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئۆككۈندى، ئۇ ئادەملەرنىڭ خۇداغا بولغان ئېتىقادىنىڭ سۇسلاپ كەتكەنلىكىنى زامانىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قاراپ: «مەي بىلەن يۈزنى يۇيۇپ، نامازنى تاشلىغانلار مەرد-باتۇر ئاتالدى، زورلۇق قىلدى» (6454-بېيىت)، «ناماز، روزا بىلەن يۈرگەن كىشىلەر مۇناپىق ئاتالدى، ئەي ئەل ھۆكۈمدارى» (6456-بېيىت)، «يېقىنلىق (پەقەت) پۇل ئۈچۈنلا بولدى، ھەقىقەت ئۈچۈن تۇغرا ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟» (6470-بېيىت)، «مەسچىتلەر كۆپەيسە، جامائەتلەر ئاز قالدى» (6477-بېيىت) دېگەن بېيىتلارنى يازدى. بۇ مىسرالار مۇسۇلمان شائىرنىڭ تەقۋادارلىقىنى كۆر-

سىتەپ بېرەتتى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتا، ئاساسەن پارس ئەدىبلىرىنىڭ ياردىمىگە تاياندى. پارس بىلەن ئۇيغۇرلار چېگرىداش ئىدى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، پارس مانى راھىبلىرى پارس بىلەن قومۇلنىڭ شىمالىدا كېلىپ-كېتىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن پارس مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرىدىغان ئەلچىلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پارس بىلەن بولغان باردى-كەلدىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. پارس مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، پارسلارنىڭ ئەدەبىياتى ئىسلام مەدەنىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پارس تىلىنى بىلىدىغان شائىرلار، ئالىملار كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. مۇشۇ تۈپەيلى پارس ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىۋاسىتە ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. پارس ئەدەبىياتى تەسىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە قالدۇرغان ئىزلىرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

بىرىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قويۇق پەلسەپىۋىلىككە ئىگە شېئىرىي ئۇسلۇبى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا پارس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

قەدىمكى پارسنىڭ پەلسەپىۋىلىككە ئىگە شېئىرلىرى دۇنياغا داڭلىق. پارس شائىرى رۇداكى (مىلادى 850 — 941-يىللار) خان، پادىشاھلارغا نەسىھەت قىلىدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ئىگە ئېسىل شېئىرلارنى يازغانىدى. بۇ شېئىرلار پارس ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئىگەلىدى ۋە كېيىنكى پارس شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭ-

قۇر تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. روداكى پارسلاردا پەلسەپىۋى دىداكتىك شېئىر يېزىشنى باشلاپ بەرگەن باشلامچى بولدى. «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيىتىدە پەلسەپىۋىلىككە باي شېئىرلارمۇ بولغان، دىداكتىك مەزمۇندىكىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش پارس، ئەرەب ۋەزنى ھەم شېئىر شەكلىنى قوللانغان، مەنتىقىيلىقى كۈچلۈك، دىداكتىكىلىق ئۇسلۇبقا ئىگە زور ھەجىمدىكى كاتتا ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇنجى ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ شېئىرى ئۇسلۇب جەھەتتە پارس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ناھايىتى ئوچاي كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، داستاندا ئاز بولمىغان پارس مىسرالىرى نەقىل كەلتۈرۈلدى. ئالايلۇق: «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق بېيىتلار بار:

ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ، ئېتىڭ ماختىلۇر،
ئەي ھوشيار، يامان ئات بولسا سۆكىلۇر.

يامان خۇيلۇق زوھاك سۆكۈلدى نىچۈن؟
نىچۈن ماختىنىلدى قۇتلۇق پەرىدۇن؟

بىرى ياخشى ئەردى، ئۇنى ماختىدى،
يامان ئەردى بىرى، ئۇنى قارغىدى.

شائىر بۇ يەردە مىسال كەلتۈرگەن زوھاك بىلەن پەرىدۇنلار پارس ئەپسانىلىرىدىكى ئىككى شەخس. زوھاك پارس زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، ئىككى مۈرىسىدىن يىلان چىقىپ

تۇرىدىغان زوراۋان پادىشاھ، ئۇ ھەر كۈنى ئىككى نەپەر پارس يىگىتىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ مۈرىسىدىكى زەھەرلىك يىلان-غا يەم قىلىپ بېرىپ، شۇ يول بىلەن پۈتكۈل پارسنى يۇ-قىتىۋېتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. زوھاكنىڭ بۇنداق زالىملىقى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. خەلق تۆمۈرچى كاۋىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يىلان پادىشاھ زوھاكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاي-دۇ، خەلق ئاممىسى دانا، ئاق كۆڭۈل پەرىدۇننى پارسنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەيدۇ. بۇ ئىككى شەخسنى قەدىمدىن تارتىپ پارس خەلقى ئىچىدە بىلمەيدىغانلىرى يوق، پارس خەلقىنىڭ كۆڭلىدە زوھاك زوراۋان، مۇستەبىتلىكنىڭ، پەرىدۇن بولسا دانالىق، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سىمۋولىدۇر.

شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قوشۇمچە سەھى-پىسىدە يازغان بىر لىرىكىسى بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدا ياشلىقىنىڭ تۈگەپ، قېرىلىقىنىڭ باشلانغانلىقى ھەققىدە ئەپسۇسلىنىپ مۇن-داق دېگەنىدى:

چېقىندەك قىلىچلىق ھەيدەر ئەرسەم ئۆزۈم،
يا رۇستەمدەك جاھانغا داڭقىم تاراتتىم؛
......

......
نە پايدا بۇلاردىن كىردىم ئاخىر يەرگە،
جاھان قالدى، مەن ئىككى بوز ئىلە كەتتىم.

(6549—6552 - بېيىتلار)

شائىر بۇ يەردە پارس مىفلىرىدىكى رۇستەمنى تىلغا ئالىدۇ. پارس مىفلىرىدىكى رۇستەم مەردۇ مەردانە،

تەڭداشسىز قەھرىمان، پارس تارىخىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق ھەربىي
سەركەردىنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ ئاتىسى زال ئاق چاچ پېتى تۇغۇل-
غان، تاغ ئىچىگە تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر ئىلاھىي
قۇش بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتى ئوغلىغا مىراس
قالغان، رۇستەم كىچىككىدىلا يوغانلىقتا خۇددى تاغدەك، كۈچ-
تۈگگۈرلۈكتە تەڭداشسىز بولغان، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىلا قاتتىق
ماھارەتلىك بولغاچقا يەتتە ئۆتكەلنى بۆسۈپ كىرىپ ئالۋاستى-
لارنى يوقىتىپ، پۇقرالار ئۈچۈن ئاپەتنى قۇرۇقداپ، نامى
جاھانغا تارالغانىدى.

پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى، رۇستەم ھې-
كايىسى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا
مىللەتلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالدى، رۇستەمنىڭ قەھرىمانلىق
ئىش ئىزلىرىغا ئائىت ئېپىك شېئىرلار تاكى ھازىرغىچە ئۇي-
غۇر، قازاق مىللەتلىرى ئارىسىدا مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ فولك-
لور ئەدەبىياتىنىڭ ئورگانىك تەركىبى بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچى، پارس شېئىرىيىتىدىكى بەزى ستىلىستىكا ھەم
ئوخشىتىش قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى «قۇتادغۇبىلىك»
كە تەسىر كۆرسەتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاز بولمىغان كۆركەم، گۈزەل،
ئوبرازلىق يېپيېڭى ئوخشىتىشلارنىڭ ھەممىسى پارس شېئىرلى-
رىدىن ئېلىنغانىدى. ئەسەردە تۈن قاراڭغۇسىنى تەسۋىرلىگەن
«دۇنيا قاپىقىنى تۇرۇپ، قۇللۇق تونىنى كىيدى، ئاسمان
شەيتان يۈزىدەك ئۆڭۈپ قارايدى» (5029 - بېيىت)، رۇمى
قىزى — قۇياش يۈزىنى يەرگە يوشۇردى، ئالەم گەردىشى
زەڭگىنىڭ يۈزىدەك (قارامتۇل) بولدى» (3948 - بېيىت)
دېگەنگە ئوخشاش بېيىتلار دائىم ئۇچرايدۇ. كېچىنى «قۇللۇق
تونى» غا، قۇياشنى «رۇمى قىزى»غا ئوخشىتىش پارس

شېئىرىيىتىدىكى ئادەتلەنگەن ئوخشىتىشلار بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىر - قوشاقلىرىدا قوللىنىلمىغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، شائىر يۈسۈپ شېئىرىي ئەسەردە يۇلتۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ ھەرىكەتلىنىپ كۆچۈپ تۇرۇشىنى پەسىل ۋە ۋاقىتقا ئوخشىتىش قىلدى: ئۇ «قۇياش يەنە ئۆز ئورنىغا يېنىپ كەلدى — ‹بېلىق› قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا ئۆتتى» (66 - بېيىت) دېيىش ئارقىلىق باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلىسە، تاڭنىڭ ئېتىشىنى «شەرقتىن ‹قاراقۇش› چىقىپ، ئۇچقۇنغا ئوخشاش يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كېيىن يىلدىرىق بىلەن ئايغىر يورۇدى، ئۆزىدىن بەلگە بېرىپ ئەرەنىر سەپكە تىزىلدى» (5675 — 5676 - بېيىتلار) دېيىش ئارقىلىق تەسۋىرلىدى. شائىر پېرسوناژلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى يارىتىشتا، يۇلتۇزلار ئارقىلىق ۋاقىتنى ئىپادىلەشتىن تاشقىرى يەنە كۈن، ئاي ۋە ئۇلارنىڭ ئورنى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ قىلىقلىرىنى ئوبرازلاشتۇردى، ۋەزىر ئايتولدى كۈنتۇغدى پادىشاھقا ئۆزىنىڭ مىجەزىنى بايان قىلىپ «بۇ ئاينىڭ ئورنى — ئۆيى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، ھەر نېمە قىلساڭمۇ، ئورۇنسىز قالىدۇ. ئاينىڭ بۇرچى سەرەتاندۇر، بۇ ‹ئۆي› ئايلىنىدۇ، ئۆي ئايلىنىدۇ ھەم ئۆزى چۆگىلەيدۇ. بۇ ئاي قايسى ئۆيگە كىرسە، تېزلا چىقىدۇ، تېز چىقماق ئۈچۈن، ياتقان يېرىنىمۇ بۇزىدۇ. قارا، مەن ئۆزۈممۇ شۇنىڭغا ئوخشايمەن، قىلىقىم بەزىدە تۆۋەنلەش، بەزىدە يۇقىرى ئۆرلەش. كېلىمەن كېتىمەن، مېنىڭ (تۇراقلىق) ئورنۇم يوق» (743 — 747 - بېيىتلار) دېگەنىدى. پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋەزىر ئايتولدىغا ئۆزىنىڭ مىجەزىنى بايان قىلغاندا ئىلمىي نۇجۇم ھادىسىلىرى بىلەن ئوخشىتىش قىلىپ، «مېنىڭمۇ ئادىتىم ئېنىق شۇنداقتۇر، مەن-

دىن ھەممىگە باراۋەر ئۆلۈش تېگىمدۇ. يەنە كېلىپ، كۈننىڭ
بۇرچى تۇرغۇن بولىدۇ، تۇرغۇن دېگىنىم ئۇنىڭ ئاساسى
مۇستەھكەم دېگىنىمدۇر. كۈن بۇرچى ئارسلان، بۇ بۇرچ
تەۋرەنمەيدۇ. ئورنىدىن تەۋرىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆيى بۇزۇل-
مايدۇ. مېنىڭ ئادەتلىرىمگە باق، دائىم بىر خىلدۇر، يورۇق-
لۇق بېرىشتە ھەرگىز ئۆزگەرمەيمەن» (832 — 835- بېيىتلار)
دېدى. ئەسەردىن قارىغاندا، شائىر يۈسۈپنىڭ ئىلمىي نۇجۇم
بىلىملىرى ناھايىتى مول، ئۇ ئەسەرنىڭ بەشىنچى بابىدا
مەخسۇس قىلىپ، يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرچ ۋە
ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى شۇنىڭدەك ھەرقايسىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەت
ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغانىدى. يۇلتۇزلار ھەققىدىكى
بىلىمنى مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2000- يىللاردىن بۇرۇنلا
مېسوپوتامىيىدە ياشايدىغان بابىلۇنلۇقلار ئەڭ بۇرۇن بايقىغانىدى.
مىلادىدىن ئاۋۋالقى 13- ئەسىردە مېسوپوتامىيىدىكى تاش بەل-
گىلەر ئۈستىگە ئون ئىككى بۇرچ ۋە 20 نەچچىدىن ئارتۇق
يۇلتۇزلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. مىلادىدىن ئاۋۋالقى
6- ئەسىردە پارسلار بابىلۇننى ئىشغال قىلدى. قەدىمكى
بابىلۇنلۇقلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى پارسلارنىڭ مىراسىغا ئاي-
لاندى. پارسلار قەدىمكى بابىلۇنلۇقلارنىڭ مول ئاسترونومىيە
بىلىملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى پارسلارنىڭ ئەدەبىيات-
سەنئەتلىرىدە قوللاندى. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، پارس ساسا-
نىلار خاندانلىقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى باربادنىڭ ئوردا ئۈچۈن
ئىختىرا قىلغان نەغمىسى ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك بولغانىكەن. مەسىلەن، ئۇ ئوخشمايدىغان ھېسسىياتنى
ئىپادىلەيدىغان يەتتە خىل پەدە بىر ئاي ئىچىدىكى 30 كۈن-
نىڭ ھەربىر كۈنىدە دەۋرلىنىپ تۇرىدىغان 30 ئاھاڭ كەشىپ

قىلىپ ئوردا زىياپىتى ئۈچۈن 360 مۇزىكا ئىشلەپ بەرگەن①. پارس شائىرلىرى ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قوللانغان، يۇلتۇزنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئارقىلىق پەسىل ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلىگەن، ئوخشىمىغان يۇلتۇزنى ئوخشىمىغان تەقدىرگە ۋەكىل قىلغان، يۇلتۇزلارنىڭ چىقىشى ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئامەتلىك ئىكەنلىكى ياكى تەلەيسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ خېلى بۇرۇنلا يەتتە يۇلتۇزغا مۇناسىۋەتلىك ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، رەڭگى ئوخشىمايدىغان تاشلار بىلەن ئوخشاش بولمىغان يۇلتۇزلارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغانىدى. مەسىلەن، كۆك رەڭ، ئاق رەڭدىكىلەر مېركۇرىي خاراكتېرىدە، سېرىق رەڭلىك تاش مارس خاراكتېرىدە، قارا رەڭلىك تاش ساتۇرن خاراكتېرىدە بولغان ۋەھاكازالار. ئوخشىمىغان رەڭدىكى تاشلار ئوخشىمىغان رەڭدىكى سۇغا چىلانغاندا تاشلاردا ئوخشىمىغان سېھرىي كۈچ پەيدا بولغان②. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى يەتتە يۇلتۇز 12 بۇرچ ھەققىدىكى بايانلار شۇنىڭدەك يۇلتۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيى ئارقىلىق پەسىل، ۋاقىت، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتەك ئىپادىلەش ۋاسىتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ پارس شېئىرىيىتىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، شائىر يۈسۈپنى پارس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان دېسە ئازراقمۇ ئارتۇق بولمايدۇ.

---

① (ياپونىيە) ئەنبيەن چىڭشىيۇڭ: «ئىسلام مۇزىكىسى»، لاۋ يىڭ تەرجىمە قىلغان، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى، 9 - بەت.

② «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى تۈركچە پارچە - پۇرات تېكىستلەر» گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە ۋەسىقىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 80 — 82 - بەتلەر.

يۇقىرىدىقى بىر قانچە تەرەپلەردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، شائىر يۇسۇپ قەدىمكى پارسلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم يازغۇچىلار ئەدەبىياتىدىن تولۇق خەۋەردار ھەتتا ئۇنىڭغا ناھايىتى كامىل ئىدى. بۇنداق ئىشنى پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، پارس ئەدەبىياتىدىكى ئەسلى ئەسەرلەرنى ناھايىتى كۆپ ئوقۇغان ئادەملەرلا قىلالايتتى. شائىر يۇسۇپنىڭ پارس ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى بىلىمى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىزگە ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

پارس، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى كۆپ قەۋەتلىك مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى — ئىنتايىن مۇھىم بىر تىندۇرۇلغان قەۋەتتۇر. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئىنتايىن نۇرغۇن ئالىملارنىڭ بۇ ئەسەرگە باھا بېرىپ «تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى» دېيىشىمۇ ئېھتىمال بۇ ئەسەرنىڭ ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن دۇنياغا كەلگەنلىكىدىنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەسەرگە سىڭدۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىدە بولسا كېرەك.

لېكىن، بەزى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە كېڭىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى ئۇلار «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەڭلەشتۈرۈپ قارايدۇ، شۇڭا بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان دىنىي دىداكتىك داستان دېيىشىدۇ، ھەتتا بەزى ئالىملار خاتا ھالدا «قۇتادغۇبىلىك» نى پارس شېئىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ئىجادكارلىقى يوق، دەپ قارايدۇ. بۇ مۇنداق بىر مەسىلىگە يەنى ئىسلام مەدەنىيىتى «قۇتادغۇبىلىك» تە

زادى قانچىلىك ئورۇنغا ئىگە؟ دېگەن مەسىلىگە بېرىپ تاقى-
شىدۇ. بۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك
بولغان مەسىلە. چۈنكى، بۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت
مەزمۇنى قىممىتىگە قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يۇقىرىدىكى تەھلىل ۋە بايانلاردىن قارىغاندا، ئىسلام
مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە بولغان تەسىرى مەۋجۇت
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى ئېنىق دېگەن بىر نۇقتى-
نى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. لېكىن، پارس، ئەرەب ئىسلام
مەدەنىيىتىنىڭ بۇ شېئىرنى ئەسەرگە بولغان تەسىرىدە، شەكىل-
نىڭ مەزمۇنىدىن چوڭراق تۇرىدىغانلىقىنىمۇ كۆرمەي بولمايدۇ.

بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش
كېرەككى، شائىر يۈسۈپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، لېكىن
ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا
قارىشىغا ماس كەلمەيدۇ. خۇددى بەزى ئالىملار
كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «گەرچە ئاپتور خۇداغا ھەمدۇسانا
ئوقۇغان چاغدا بارلىق مەدھىيە، ماختاشلارنى خۇداغا ئاتىسىمۇ،
ئەمما ئالەم ۋە ھاياتلىقنىڭ يارىلىشى ھەققىدە كونكرېتراق
توختالغىنىدا ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ماددىنىڭ تۆت ئامىلىغا
يىغىنچاقلايدۇ»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام دىنىنىڭ
‹تەقۋادار مۇرىتى›، لېكىن ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئىسلام
كۆز قاراشلىرىنى چەكلىمەيدۇ، باشقىلارنى مەنسىتمەي يالغۇز
ئىسلام دىنىنىلا ياقلايدىغان پوزىتسىيىنىمۇ تۇتمايدۇ، بەلكى
‹ئېچىۋېتىش پوزىتسىيىسىنى› تۇتىدۇ، قەدىمكى ۋە ئۆز دەۋ-
رىدىكى، جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەلدىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىم-
مىتى بار دەپ قارالغانلىكى ھەر خىل پەلسەپە ۋە ماتېرىيال-
لارنى قوبۇل قىلىپ، ھەزىم قىلىش، رەتلەش، يىغىنچاقلاش

ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا ئايلاندۇرىدۇ»①. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە كۆپ قەۋەتلىكلىكى. ئىسلام دىنىدىن باشقا ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىمۇ بۇ ئەسەردە بىر تىندۇرما قالدۇرۇپ كەتكەن، بۇ مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ يىغىلىش سۇبيېكتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا تۇتقان ئورنىغا زادىلا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تەسىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش ئەلۋەتتە خاتادۇر. يەنە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەسەردىكى ئورنىنى ئارتۇقچە ماختاش ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ، ئۇنى پارس، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتارغا قويۇشمۇ مۇۋاپىق ئەمەستۇر.

## ئۈچىنچى پاراگراف ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تىندۇرمىسى

قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى شەرقتە ياپون يېرىم ئارىلى، غەربتە بالقان يېرىم ئارىلى، جەنۇبتا سۇماترا ئارىلى، شىمالدا موڭغۇل ياي‍لاقلىرىغىچە يېتىپ

① چىن جۇڭلى: «〈قۇتادغۇبىلىك〉 نىڭ پەلسەپە قىممىتى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىل 1 - سان، 7 — 11 - بەتلەر.

باردى. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەر ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ئېلىمىز مەدەنىيىتىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، غەربىي جەنۇبتىكى زاڭزۇ مەدەنىيىتى، شىمالدىكى موڭغۇل مەدەنىيىتى، جەنۇبتىكى دەيزۇ مەدەنىيىتى، غەربتىكى ئۇيغۇر، يۈگۈ مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندى. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بەدىئىي شەكىل جەھەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ داڭلىق كلاسسىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بۇددا دىنى ئىدىيىسى بىلەن تاۋلانغان، ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇددا دىنى ئىدىيىسى «قۇتادغۇبىلىك» تە زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە بىر قەدەر يىغىنچاقلانغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. زاھىد ئودغۇرمىش بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ھاۋايى-ھەۋەستىن قول ئۈزۈپ، ئورمانلىق تاغلاردا ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى تۇتۇپ قاتتىق دۇئا - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، كۆز قارىشى ھەم تەشەببۇسلىرى، بۇددا دىنىدىكى ھىنايانا مەزھىپى راھىبلىرىنىڭ ئوبرازى ۋە دۇنيا قارىشىغا ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ. كىشىلەر بۇددا دىنى ئىدىيىسى تەسىرىنىڭ ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىشىپ خېلى بىر يەرگە بارغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ. بۇ ھەقتە مەن مەزكۇر كىتابىمىنىڭ 7 - بابىدا ئودغۇرمىش ئوبرازىغا قارىتا تەھلىل ئېلىپ بارغان ۋاقتىمدا تەپسىلىي توختالغانىدىم،

شۇڭا بۇ يەردە ئارتۇقچە بىر نەرسە دېمەيمەن.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇددا ئىدىيىسى ئايتولدى ئوبرازىنى يارىتىشتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن.

ئايتولدى ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئۇزۇنغا قالماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىدا، ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ئۆزىنىڭ ھاياتلىق، رىئاللىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ زاھىد ئودغۇرمىشقا ئوخشاش ھەممە ئادەم تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق رىيازەتتىن قۇتۇلالمايدۇ، ھاياتلىقنىڭ ئازاب دېگىنى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنىڭ يىلتىزى دەل مۇشۇ، ھەممە ئادەم ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ، ئۆلۈمنى ئويلىغاندا «شادلىق، ئارزۇ، نېمەتلەر ئارقىدا قالىدۇ، قايغۇ، ئەلەم، مۇشەققەت باشقا چۈشىدۇ» (1074 ـ بېيىت) دەپ قارايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى قەدىمكى زاماندا ياشىغان بىر دانىشمەننىڭ «دۇنيادا ئۆلۈمدىن قاتتىق نېمە بار؟ ئۆلۈمنى ئويلىساڭ بارلىق لەززەت كېتىدۇ» (1139 ـ بېيىت) دېگەن سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا بۇ دۇنيا ۋە ھاياتلىق تولىمۇ ۋاپاسىز، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى (1175 ـ بېيىت)، «بۇ دۇنيا قونالغۇ، سەن كارۋان ھېسابلىنىسەن، كارۋاننىڭ قونالغۇدا تۇرىدىغان ۋاقتى قانچىلىك بولاتتى؟» (1443 ـ بېيىت) دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇ ئىنسانلارغا «مال ـ دۇنياغا گۆل بولما، (ئۇ) يۈز ئۆرىدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ» (1331 ـ بېيىت) دەيدۇ ھەمدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىشىلەرنى بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىككە نەسىھەت قىلىپ «بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما، ۋۇجۇدۇڭغا ئۆچ بول، ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ

بويىنى كەس»، «دۇنياسىنى تاشلاشتىن بۇرۇن سەن دۇنيانى تۈل قىلىپ تاشلاپ كەت» (1375 — 1376 - بېيىتلار) دەيدۇ. ئۇ پانىي دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرىگە مەست بولغۇچىلار، پانىي دۇنيانى ئوغلاشقۇچىلار غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلار، ھوشىنى تاپمىغانلار دەپ قارىغاچقا، كىشىلەرنى ئويغىنىشقا چاقىرىدۇ. ئايتولدى ئۆزىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىدە «ئويغىنىش» دېگەن سۆزنى توققۇز قېتىم تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە: «ئەي ئوغلۇم، غاپىللىق مېنى خاراب قىلدى، ئۆكۈنمەكتىمەن، بالدۇرراق ئويغان، غەپلەتتە يۈرمە!» (1209-بېيىت) دەيدۇ. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن پادىشاھ كۈنتوغدىغا: «مانا بۈگۈن ئانىلاج كېتىۋاتىمەن، ئەتە سەنمۇ شۇبھىسىز، ئىزىمدىن كېلىسەن، ئەي ئىلىگ، ئويغانغىن!» (1365 — 1366-بېيىتلار) دەيدۇ. ئايتولدى قوللانغان «ئويغىنىش»، «ئويغانماق» كەلىمىلىرى ئۇيغۇرچىدا «odun» ياكى «odunmix» بولۇپ، «od» ئويغىنىش دېگەن سۆزنىڭ سۆز يىلتىزى، ئايتولدى تىلغا ئالغان «ئويغىنىش» بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش ئىسمىنىڭ مەنىسى تامامەن ئوخشاش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر پەرق مەۋجۇت، يەنى زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئىسمىدىكى «odqurmix» ـپېئىل «od» (ئويغىنىش) نىڭ مەجبۇرلاش ھالىتىدىكى ئىسىم شەكلى بىلەن كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئىسمىدا ئۆزىنىڭ ئويغىنىش مەنىسىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە باشقىلارنى ئويغىتىش مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندى.

لېكىن، مەنە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئايتولدى تەشەببۇس قىلىۋاتقان «ئويغىنىش» بىلەن زاھىد ئودغۇرمىشتا ئىسىم بولۇپ كېلىۋاتقان «ئويغىنىش» تامامەن بىردەكلىككە ئىگە.

ئايتولدىنىڭ كۆڭلىدىكى ئويغانغۇچى دەل زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئوبرازى. ئايتولدىنىڭ ۋاپاسىز دۇنيانى تەرك ئېتىپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك توغرىسىدىكى تەرغىبلىرىنى زاھىد ئودغۇرمىش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆز ئۆمرىدىكى بىردىنبىر ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆز ھەرىكىتىگىمۇ ئايلاندۇرىدۇ، نەتىجىدە پانىي دۇنيادىن ۋاز كېچىپ تاغقا چىقىپ ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ، جىمى ئارزۇ-ھەۋەستىن قول ئۈزۈپ، باقىي ئالەم يولىدا دەرۋىشلىك قىلىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئايتولدى ۋەزىر ئەسەرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۆز قاراش ۋە روھىي ھالەت يېقىدىن بىزگە مەلۇم بىر ئويغانغۇچىنىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەپ بەرگەن بولسا، ئەسەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئويغانغۇچى تىرىلىدۇ ۋە سەھنىدىن چۈشۈپ، كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بەس-مۇنازىرە ئارقىلىق، ئايتولدىنىڭ پانىي ئالەمدىكى رىيازەتلىرىنى، پانىي ئالەمدىن ۋاز كېچىش ئىدىيىسىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەشەببۇسلىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق تەرغىب قىلىدۇ. ئايتولدى بىلەن زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ بۇ ئىدىيە ۋە تەشەببۇسلىرى ئىسلام دىنىدىكى رىئاللىققا ھۆرمەت قىلىش، پانىي ئالەمدىكى راھەت-پاراغەتنىڭ يولىنى ئىزدەش دېگەندەك ئەقىدىلەر بىلەن قارىمۇ قارشى. ھالبۇكى، ئىدىيىۋى سىستېما يېقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئايتولدى بىلەن زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئىدىيىسى باقىي ئالەمنىڭ دىنى بىلەن يەنى بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قالىدۇ.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىن بۇددا دىنى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئائىت مۇنداق بىر ھالەتنى چېلىقتۇرىمىز:

ئايتولدى ۋەزىر ئاخىرەت سەپىرىگە مېڭىشتىن بۇرۇن كۈنتۇغدى ئېلىگ بىلەن ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قالدۇرغان ۋەسىيەتتە: ئۆلۈم ئازابىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەرغىب قىلىدۇ، پانىي ئالەمنىڭ ۋاپاسىزلىقى، لەۋزىدە تۇرمايدىغانلىقىنى قارغايدۇ. جاپا-مۇشەققەت بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىدىن رەنجىيدۇ. ئېلىگ بىلەن ئوغلىنى ئويغىنىشقا، پانىي ئالەمدىن ۋە ھاۋايى-ھەۋەستىن قول ئۈزۈشكە ئۈندەيدۇ (20 — 23 - باب).

زاھىد ئودغۇرمىش كۈنتۇغدى ئېلىگ ۋە ئۆگدۈلمىش ۋەزىر بىلەن ئېلىپ بارغان بەس-مۇنازىرىدە: ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلەيدۇ، ئۆلۈمنىڭ ئازابى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەرغىب قىلىدۇ، پانىي دۇنيانىڭ خىيالىي ۋە ۋاپاسىزلىقىنى تىلغا ئالىدۇ، پانىي دۇنيانىڭ ئازابلىق قەپەس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەت ۋە قاراڭغۇ زۇلمەت بىلەن تولۇپ كەتكەن چوڭقۇر قۇدۇق ئىكەنلىكىدىن رەنجىيدۇ، ئادەملەرنى ئويغىنىشقا، پانىي دۇنيادىن ۋە ھاۋايى-ھەۋەستىن قول ئۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. ئۆزى بولسا ئاۋامدىن ئايرىلىپ، تەنھالىقنى خالايدۇ، ئورمانلىق، تاغلار ئارىسىغا يوشۇرۇنىدۇ، رېئال دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ، باقىي ئالەمنىڭ ساۋابى ئۈچۈن دەرۋىشلىك يولىغا قەدەم قويىدۇ (41 — 72 - باب).

كۈنتۇغدى ئېلىگ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر ئىككىسى ئايتولدى بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ تەسىرىگە يولۇقىدۇ. توۋا-ئىستىغپار ئېيتىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىگەنلىرىدە مۇئەييەن ھەقىقەت بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا پانىي دۇنيانىڭ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان، خۇددى ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك نەرسە ئىكەنلىكىنى؛ ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ ئادەمگە دۈشمەن ئىكەنلى-

كىنى، ئۇنىڭدىن چوقۇم خالىي بولۇش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى، باقىي ئالەمدە ساۋاب تېپىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

بىز يۇقىرىقى تەھلىل ئارقىلىق، بۇددا دىنى ئىدىيىسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇددا دىنى ئىدىيىسى شېئىرىي ئەسەرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاساسەن ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ئاخىرەت سەپىرى ئالدىدىكى سۆزى ۋە روھىي ھالىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كېيىنكى يېرىمىدا بولسا زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى يالغۇز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇ بىر پۈتۈن شېئىرىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. پېرسوناژلار نامىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك. بۇ خىل بەدىئىي ئۇسلۇبنىڭ قوللىنىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى ئىجادىيەت، ئۇ پارس، ئەرەب ئەدەبىياتىدىمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال. ھالبۇكى، بۇ ھىندىستان قەدىمكى بۇددا دىنى تىياتىرلىرىدا ئادەتتىكە ئايلانغان ئەھۋال ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۇرپاندىن مەزمۇن جەھەتتە بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سانسكرىت تىلىدىكى ئۈچ پارچە درامىنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى. ئۇنىڭ بىرى قەدىمكى ھىندىستان دراماتورگى مامىك تەرىپىدىن يېزىلغان دەپ قارالدى. مامىك مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياشىغان كىشى ئىدى. ئۈچ پارچە دراما بىرلىكتە تېپىلغانلىقتىن، قالغان ئىككى پارچىسىمۇ مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىجاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن

ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر درامىدا پەقەت بىر ئادەمنىڭ
ئىسمىلا راھىب دەپ ئاتالغاندىن باشقا، قالغان پېرسوناژلار-
نىڭ ئىسمى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئابستراكت ئۇقۇملار بويىچە
«سېزىم» (ئەقىل - پاراسەت)، «ئاتاق» (نام) دېيىلگەن بولۇپ،
بۇلارنىڭ ھەممىسى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىدى. 11 - ئە-
سىردە ھىندىستاندا يېزىلغان مەلۇم بىر درامىنىڭ نامى
«سەزگۈر ئاينىڭ كۆككە ئۆرلىشى» بولۇپ، مەزمۇنى ياقتىن
بۇددا دىنىغا تەئەللۇق بولماي، ئەكسىچە ئۆرپ - ئادەت تەرەپكە
ياتىدىغان دراما بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلاردا
يەنىلا ئابستراكت ئۇقۇم بويىچە ئاتىلىدىغان ئادەت ساقلىنىپ
قالغانىدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئىسمى «مۇھەببەت»، «ھە-
ۋەس»، «ئەقىل - پاراسەت»، «ئويغىنىش»، «ئاچكۆز» قاتارلىق-
لار بولغانىدى.

ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» نىمۇ دراما پېر-
سوناژلىرىغا ئابستراكت ئۇقۇملار بويىچە «ئەقىل - پاراسەت»
(ئۆگدۈلمىش)، «ئويغىنىش» (ئودغۇرمىش) دەپ ئات قويىدى،
بۇ ھىندىستان درامىلىرىدىكى پېرسوناژلارغا قويۇلغان ئات
بىلەن بىر قېلىپتىن چىققاندەكلا ئوخشاش ئىدى. بولۇپمۇ
دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، «قۇتادغۇبىلىك» مۇ روشەن
دراما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شېئىرىي دراما ئەسەر ئىدى. بۇ ھىن-
دىستان درامىلىرىنىڭ ئۇيغۇر شائىرىغا بولغان تەسىرىنىڭ
ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەر-
دە چىڭ تۇرغان پېرسوناژلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان
بەس - مۇنازىرە بۇ ئەسەرنىڭ جەۋھىرى. بۇ خىل بەس - مۇ-
نازىرە شەكلى بۇددا دىنى سورۇنلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان
ئەھۋال ئىدى. ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەردىكى بۇددا مۇخلىس-

لىرى بىر يەرگە جەم بولغان سورۇنلاردا كەسكىن بەس-مۇنازىرىنى قانات يايدۇراتتى، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، قارشى تەرەپنى يېڭىش ئۈچۈن ئايىماي ئىشلىشاتتى. بۇددا دىنى يازما ھۆججەتلىرىدە مۇنازىرىگە چۈشكەن ئىككى تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى خاتىرىلەنگەن، «بەس-مۇنازىرە» دېگەن كىتاب ھېلىمۇ بار. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىدىيىۋى بەس-مۇنازىرىنىڭ بۇددا دىنى سورۇنلىرىدىكى بەس-مۇنازىرىنى ئۆرنەك قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ.

دېمەك، ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تەسىرى ھەم روشەن، ھەم ناھايىتى چوڭقۇر.

نۇرغۇن ئالىملار بۇددا دىنى ئىدىيىسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلدى، ھەممە بۇنى سەل قاراشقا بولمايدىغان، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە دەپ تونۇدى. لېكىن يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى بىر-بىرى بىلەن قىلچە چىقىشالمايدىغان ئىككى دىن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇبىلىك» ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇ قانداقچە بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مۇنچىۋالا چوڭقۇر تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ دەپ ھەيران بولدى.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولغان جاي — غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تۇپرىقىنى تەھلىل قىلىش كېرەك.

غەربىي يۇرت بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم زېمىنى. مىلادىنىڭ 1 — 2 - ئەسىرلىرىدە، بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتا تارقىلىشقا باشلىدى، ئىسلام دىنى بۇ رايونغا كىرىشتىن بۇرۇن

بۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ئەسلىدىكى غەربىي يۇرت ئاھالىسى ئاساسەن دېگۈدەك بۇددا دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرى بولغانلىقتىن، ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى غەربىي يۇرتتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى.

مىلادى 7 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرتتىن بۇددا نوملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇ يۇرتتىن ئۆتكەن تاڭ راھىبى شۈەنجۇاڭ بارغانلا يېرىدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ئۇچراتقانىدى. ئۇ كۈسەن (ھازىرقى كۇچا) ئەتراپىدا كۆلىمى غايەت زور بولغان ئىككى ئىبادەتخانىنى يولۇقتۇرۇپ ئۆزى يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا ھېلىقى ئىككى ئىبادەتخانىنى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەپ: «بۇتلار شۇنچە چىرايلىق ئىدىكى، ئۇنى ئادەم قولى بىلەن ياساشقا بولمايتتى، راھىبلار شەرم ـ ھايالىق، ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى»① دېگەنىدى. ئۇ يەنە «بۇ كاتتا شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن بۇت ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 90 چىدىن ئاشاتتى» دەپ يازغانىدى②. ئۇ يەردىكى بۇت ئالدىدا بۇددا دىنىنىڭ ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىمى ئۈچۈن چوڭ بىر مەيدان تەييارلانغانىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولغان قەشقەرمۇ ئوخشاشلا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ئىدى. تاڭ راھىبى شۈەنجۇاڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندە «نەچچە يۈزلىگەن ئىبادەتخانا، نەچچە ئون مىڭ راھىب»③ بولغان بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغانىدى. قەشقەر شەھەر

①②③ بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرىگە ئىزاھات»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 60 — 61 ـ بەتلەر.

رايونى ئەتراپىدىكى «ئۈچ ئەۋلىيا غارى» غا سىزىلغان بۇددا تام سۈرەتلىرى ۋە يېقىندىن بۇيان قېزىۋېلىنغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىغا ئائىت زور تۈركۈم يادىكارلىقلارمۇ، قەشقەرنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر تارىخىي مەزگىل ئىچىدە بۇددا دىنى روناق تاپقان جايلاردىن بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

غەربىي يۇرت بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى ماكانى. بۇددا دىنىنىڭ ئېتىقادى، بۇددا دىنىنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى مىڭ يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تۇپرىقىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە ئىچكىرىلەپ سىڭدى ھەمدە قويۇق بۇددا مەدەنىيىتى تۈسىدىكى دائىرىنى شەكىللەندۈردى. غەربىي يۇرتتا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئەسلىدىكى ئاھالىدىن باشقا، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار، تۈركىي مىللەتلەر ۋە ئۇلاردىن بالدۇرراق كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭ دىيانەتلىك مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. مىلادى 9 ـ ئەسىردە، ئۇيغۇرلار زور تۈركۈملەپ غەربكە كۆچتى، ئۇلار غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ قورشاۋىدا قالدى. لېكىن، ئۇلار بۇددا دىنىدىن ياتسىراپ يۈرمىدى، چۈنكى ئۇلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى دەۋرىدىلا، بۇددا مۇخلىسلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە باردى ـ كەلدى قىلىشىپ يۈرگەن، ھەتتا بەزى قاغانلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلغانىدى①. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەزەلدىن ئولتۇراق-

① شېن فۇۋېي: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 170 ـ بەت. يېزىلمىشىچە ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئېل تۇتمىش قۇچ قولۇق بىلگە قاغان بۆگۈخان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆگلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، لوياڭنى ئالغاندىن كېيىن، مانى دىنىنىڭ ھەزرىتىگە يولۇقۇپ، بۇددا دىنىدىن قول ئۈزگەن ۋە مانى دىنىغا بەيئەت قىلغان.

لىشىپ كەلگەن مىللەتلەر بىلەن بولغان بىرىكىش جەريانىدا، بۇددا دىنىغا مۆمىنلىك بىلەن باش ئۇرۇپ كەلگەن ئەسلى ئاھالە ئۆزلىرىدىكى بۇددا ئەقىدىسىنىلا ئەمەس، بەلكى بۇددا مەدەنىيىتىنىمۇ ئېلىپ كىردى، بۇ ئەھۋاللار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتتى، ئەسلى ئولتۇراقلاشقان مىللەت يېقىنقى مىڭ يىلدىن بېرى جۇغلانما قىلغان بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىچىگە تۆكتى. بۇ راستىنىلا سەل قاراشقا بولمايدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىدى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئىچكى - تاشقى كۆچلەرنىڭ تۈرتكىسىدە بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلدى. سۇڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ يەندى مىلادى 10 - ئەسىردە ئىدىقۇتقا زىيارەت قىلىپ، «ئىدىقۇتتىكى ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلغانلىق ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ: «بۇ يەردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى 50 تىن ئارتۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھىممىتى بىلەن قۇرۇلغان، ئىبادەتخانىلاردا ‹گادىنجۇر نومى›، ‹تاڭ ئاھاڭلىرى›، ‹سۆزلەر جەۋھىرى›، ‹سۇتراسۋادا› قاتارلىق كىتابلار بار، ئاھالە ئەتىيازدا بىر يەرگە جەم بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئويۇن - تاماشا قىلىدۇ» دەپ يازغانىدى. «سۇڭ تارىخى، ئىدىقۇت تەزكىرىسى» دە: «چيەندېنىڭ 3 - يىلى (965 - يىلى) 11 - ئايدا، غەربىي ئايماق — ئۇيغۇر قاغانى بۇتنىڭ چىشىنى ۋە فارفور قاچىلارنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن راھىب فايۋەننى يولغا سالدى» دەپ خاتىرىلەندى، خەنزۇچە يازما تارىخي ھۆججەتلەرگە كۆرە، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى، قاغاندىن تارتىپ

ئادەتتىكى پۇقراغا قەدەر ھەممە ئادەمنىڭ بۇددىست ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئىگىلەشتە ئىنتايىن زور قىزىقىش ۋە قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار زور تۈركۈمدىكى بۇددا نوملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى، ئۇيغۇر راھىبلار بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلدى، بۇددا دىنى ئەدەبىياتى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، بۇددا دىنىنىڭ مەزمۇنىنى تەرغىب قىلىدىغان «ئىككى تىكىننىڭ ھېكايىسى»، «چاشتان ئىلىك بەگ» قاتارلىقلار ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلىنىپ، ئاۋام ئىچىگە كەڭ تارقالدى. بۇددا ئەقىدىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان «بۇددا قەسىدىسى» زور تۈركۈملەپ يارىتىلدى. بۇددا دىنىغا ئائىت بۇ شېئىرىي نەزمىلەر ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلىنى قوللانغانلىقى، شۇنداقلا ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تارقىلىشىمۇ كەڭ بولدى. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دراما «مايتىرى سىمىت» نىڭ تېپىلىشى بولدى. بۇددا دىنىنى مەزمۇن قىلغان بۇ دراما قەدىمكى قارا شەھەر تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىچىدە تاكى 17 - ئەسىرگىچە ئېقىپ يۈرگەنىدى.

بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، بۇ ئەھۋال يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەمەس ئىدى.

مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىسلام دىنى غەربىي يۇرتقا كىرىشكە يۈزلەندى. دەسلەپتە ئۇنىڭ تەسىرى

زور بولمىدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قى-
لىشتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئېلىپ بارىدى-
غان سودا ئىشلىرىدىكى قولايلىقنى چىقىش قىلغانىدى. كېيىنچە،
ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تەسىر كۈچى تەدرىجىي
يۇسۇندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى ھەمدە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ
دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. لېكىن بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىلار
سۇلالىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتتى. ئالايلۇق، قاراخانىلار سۇ-
لالىسىنىڭ پايتەختى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دىنىي مەركىزى
بولغان قەشقەر تاكى 11 - ئەسىرگە قەدەم قويغان چاغدا ھەم
يەنىلا بۇددا دىنى تەسىر كۈچىنىڭ قورشاۋىدا ئىدى. ئۇنىڭ
شەرقىي تەرىپىدە بۇددا دىنى تەسىر كۈچىنىڭ چوڭ قارارگاھى
بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاقانلىقى، جەنۇبىدا بولسا بۇددا دى-
نىنىڭ تەسىر كۈچى تازا ئەۋج ئالغان خوتەن تۇراتتى، شىمال تەرەپ-
تە بۇددا دىنىغا چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلار
ياشايتتى. قەشقەر رايونى ھەققىدىلا سۆزلىسەك، ئىسلام دىنى
دەسلەپتە تارقالغان نەچچە ئون يىل ئىچىدە، ئىسلام دىنىنىڭ
ئۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك ئۇنچىۋالا
مۇستەھكەم بولالمىدى. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، خوتەندىكى
بۇددىستلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى، قەشقەردىكى پۇقرالارنىڭ ماسلى-
شىشى نەتىجىسىدە، خوتەن بۇددىستلىرى قەشقەرنى بىر مە-
ھەل ئىشغال قىلدى. 11 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەن-
دىمۇ، ۋەزىيەت يەنىلا مۇقىم بولمىدى. 1032 - يىلى «تارىم
ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا قاراخا-
نىلار سۇلالىسىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭ پارت-
لىدى. بۇ قوزغىلاڭ روشەن دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، تىغ

ئۇچى ئىسلام دىنىغا قارىتىلغانىدى. قوزغىلاڭچىلار جايلاردىكى ئىسلام مەسچىتلىرىنى بۇزدى، تاقىۋېتىلگەن بۇددا دىنى مۇئەسسەسەلىرىنى يېڭىباشتىن ئاچتى، بۇددا دىنىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. قوزغىلاڭنىڭ دولقۇنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن خوتەن، يەكەنگە قەدەر يەتتى، ھەتتا قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىمۇ داۋالغۇش پەيدا بولدى»①. يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار مۇنداق بىر نۇقتىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: يەنى «قۇتادغۇبىلىك» گەرچە ئىسلام دەۋرىدە تەۋەللۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغىنىغا تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، جۈملىدىن قەشقەر رايونىنىڭ ئەتراپىدا، بۇددا دىنىنىڭ كۈچى ۋە تەسىرى يەنىلا خېلى چوڭ ئىدى. بۇ يەردە بىز يەنە بىر نۇقتىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، يەنى ئەڭ باشتا ئۇيغۇرلارغا تارقالغان ئىسلام دىنى نەسەبلىك ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى نەسەبلىك ئىسلام دىنى مەزھەپدىكىلەر تەرىپىدىن بىر ئەتلىك دەپ قارىلىپ كەلگەن سوپى مەزھىپى ئىدى. سوپى مەزھىپىنىڭ نەسەبلىك ئىسلام دىنىي مەزھىپى بىلەن ئەڭ چوڭ ئوخشىمايدىغان جايى، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىدا ئىدى. بۇ خىل كەڭ قورساقلىق بىر ياقتىن ئۇنىڭ شۇ جايدا ئېقىپ يۈرگەن دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي مۇراسىملارغا ئەپۇچانلىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدا ئىپادىلەنسە، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭ شۇ جايدا ئېقىپ يۈرگەن دىنىي ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنەتتى. سوپى مەزھەپدىكىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە كۆپ خىل دىنىي ئىدىيىلەر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقىلىپلا بۇددا دىنى ئىدىيىسىنى ۋە شامان دىنى

① ليۇ جىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 157 - بەت.

ئىدىيىسىنى گەۋدىلىك ھالدا قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزىدە نىسبەتەن روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى زىدىرلىدى. بىز بۇ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەنسەكلا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇددا دىنى مەدەنىيەت چۆكمىسىنىڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەسلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇددا دىنى ئىدىيىسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرىگە، ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇش، مەدەنىيەت تارىخى خاراكتېرلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش. ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن بولغانلىقى تۈپەيلى، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر كۈچى 14 — 15 - ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاران دېگەندە تۇرپان رايونىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 19 - ئەسىردىن كېيىنمۇ تۇرپان رايونىدىن بۇددا دىنى مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق زور تۈركۈمدىكى يادىكارلىقلار تېپىلغانلىقتىن، ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى نىسبەتەن ئېنىق كۆرەلىدى، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمۇ خېلى چوڭقۇر بولدى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونىدىن يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچە يازما تارىخىي ماتېرىياللاردا قاراخانىلار سۇلالىسى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە قارىغاندا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئاز بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇزۇن يىللار مابەينىدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە قالغانلىقى سەۋەبىدىن، غەربچە يېزىقتىكى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرمۇ يوقىلىپ بىر يەرگە بارغاندى. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ

رايونغا تارقىلىشى خېلى بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش بولغاچقا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانلىقىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيە-تى بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى — ئىسلام مەدەنىيىتى دەيدىغان ھۆكۈم شەكىللەندى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە كونكرېت گەپ بولۇن-غان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسى-ۋىتى پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىدى، بۇنىڭ ئادەملەرگە بەرگەن تە-سىرى قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى نوقۇل ئىسلام مەدەنىيىتى، بۇنىڭ ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى قاتار-لىقلار بىلەن ھەتتا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى، بۇ خىل قاراش پۈتۈنلەي خاتا، ئۇنى چوقۇم تۈزىتىش كېرەك.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى، قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگى-لىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنى-يىتىنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل تەسىر ئاجىز بولغان ئەمەس، بەلكى 11 - ئەسىرگە كەلگەندىمۇ يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشى-شىدىن ئىبارەت بۇ زور تېمىغا ھېچكىم قول سالمىغان بولسا، ئەم-دىلىكتە «قۇتادغۇبىلىك» بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئىنتايىن قىم-مەتلىك، ئىنتايىن مول بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بىز بۇ ماتېرىياللارغا تايىنىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى قاي-تا تونۇش، ئۇنىڭغا قايتا باھا بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

## ئۈچىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى

«قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇغان خەنزۇ كىتابخانلاردا، ئەسەردە تەرغىب قىلىنغان سىياسىي قاراش، ئېتىكىلىق قاراشلارغا نىسبەتەن كۆپىنچە خېلى بالدۇر ئۆزئارا ئۇچراشقاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى بەزى ئوي - پىكىرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى بىلەن ھەقىقەتەن كۆپ ئوخشاشلىقى بارلىقىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

شائىر يۈسۈپ بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئەلگە خاتىرجەملىك، خەلققە ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بىر غايىۋى دۆلەتنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، يۈسۈپنىڭ قەلبىدىكى غايىۋى دۆلەت شائىرنىڭ ئىلغار ئويغىنىش ئىدىيىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى بىرلىشىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن مەھسۇلات ئىدى.

خەن سۇلالىسىدىكى دۇڭ جۇڭشۇ «ھەممە ئېقىملارنى بىكار قىلىپ، يالغۇز كۇڭزىچىلىقنىلا ئىتائەت قىلىش» نى يولغا قويغاندىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى دەۋر ھۆكۈمرانلىرى «ئۈچ ئەركان بىلەن بەش ئەھكام» نى ئادەملەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى چەكلەيدىغان مىزان قىلىۋالدى، ئۇلار «ئۈچ ئەركان ۋە بەش ئەھكام» ئارقىلىق فېئودال

پاتىرىئارخاللىق تۈزۈمىنى قوغدىماقچى بولدى. ئاتالمىش «ئۈچ ئەركان» پۇقرا بىلەن شاھ، ئاتا بىلەن ئوغۇل، ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغانىدى. پۇقرانىڭ پادىشاھقا، ئوغۇلنىڭ ئاتىغا، خوتۇننىڭ ئەرگە بويسۇنۇشى مانا شۇ «ئۈچ ئەركان» نىڭ ئۆزى ئىدى. «بەش ئەھكام» بولسا، «ئاتىنىڭ ئادىللىقى، ئانىنىڭ مېھرىبانلىقى، ئاكىلارنىڭ دوستانىلىكى، ئىنىلارنىڭ ئىتائەتمەنلىكى، ئوغۇللارنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بەش تەرەپ ئادەملەرنىڭ دائىملىق ھەرىكىتى ھېسابلىناتتى. «بەش ئەھكام» نى بەزىلەر ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئەدەب - قائىدە، ئەقىل - پاراسەت، لەۋزىدە تۇرۇشلارنى كۆزدە تۇتىدۇ دەپ چۈشەندۈرەتتى. «ئۈچ ئەركان بىلەن بەش ئەھكام» ئىچىدە «پادىشاھلارنىڭ پۇقرالارغا ئەركان» بولۇشى ئۇنىڭ يادروسى ئىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا «پادىشاھلارغا سادىق بولۇش ئىدىيىسى» كۇڭزىچىلار ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەشكىلىي قىسمى ئىدى.

شائىر يۈسۈپ ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئەسىرىدە پادىشاھلارغا سادىق بولۇش ئىدىيىسىنى زور قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپلا قالماي، بەلكى ئۇنى بارلىق كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلدى. ئۇ شېئىرىي ئەسەردە: پادىشاھلار «ئانىدىن تۇغۇلغاندا، بەگ (بولۇش، ئۈچۈن) تۇغۇلىدۇ» (1932 - بېيىت)، «خىزمەتكارلار (شاھلار ئۈچۈن) توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك» (615 - بېيىت) دەپ يازدى. ئايتولدى سەكراتتىكى چاغدا ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قالدۇرغان بىر مۇھىم ۋەسىيەتتە «ئىلىگكە خىزمەت قىل، (بۇنىڭ بىلەن) قەلبىڭنى ئىسسىت» (1507 - بېيىت) دېگەنىدى. ئۆگدۈلمىش ئوردىدىكى ئەمەلدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر شەرت پادىشاھلارغا سادىق بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ «خىزمەتچى بېگىگە سادىق بو-

لۇشى كېرەك» (2570 - بېيىت)، «قانچىلىك يۈكسەك (مەرتىۋى-
گە) يەتسىمۇ، قۇلنىڭ نامى قۇلدۇر، ئۇ يۈكسەك (مەرتىۋىگە)
يەتكۈزگەن بېگىگە خىزمەتكار (خالاس)؛ بەگ قانچە كىچىك
بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامى بەگدۇر، خىزمەتكار نامىدىن بەگنىڭ
نامى ئەۋزەلدۇر» (4083 - 4084 - بېيىتلار) دېگەنىدى. يۈسۈپ-
نىڭ قارىشىچە پادىشاھ بىر دۆلەتنىڭ ئىگىسى ئىدى، ئۇنىڭ
ئورنى ۋە ھەيۋىسى تەڭداشسىز ئىدى، ئوردىدىكى ئەمەلدارلار-
نىڭ ھەممىسى خىزمەتكار ئىدى، ئاددىي پۇقرالار ئورنى تېخى-
مۇ تۆۋەن قۇل ئىدى. خىزمەتكارلار ۋە قۇللارنىڭ ئۆز پادىشا-
ھىدىن ئەيمىنىشى ھەم ئۇلارغا مۇتلەق سادىق بولۇشى كېرەك
ئىدى.

يۈسۈپ تەرغىب قىلغان پادىشاھلارغا سادىق بولۇش
ئىدىيىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى.
ئىسلام دىنى «ئاللا ئالەمنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى»، «بارلىق
ھوقۇق ئاللاغا مەنسۇپ»، ئاللا ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ سىمۋو-
لى دېگەنلەرنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئىسلام دىنى ئۆز مۇخ-
لىسلىرىدىن «پەقەت بىر ئاللاغىلا ئىقتىدا قىلىمەن» دەپ قە-
سەم ئىچىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئاللانىڭ ئالدىدا «مۇسۇلمانلار-
نىڭ ھەممىسى قېرىنداش» ئىدى. ئىسلامنىڭ ئېتىكىلىق كۆز-
قاراشلىرىدا، ئەگەر كىمكى ئاللانىڭ بىردىنبىر ئالىي ھوقۇقىغا
شەك كەلتۈرۈپ، ئاللانىڭ سىرتىدىكى قانداقتۇر بىرەر بەندىگە
باش قويسا، ئۇنىڭغا ھۆرمەت ئىپادە قىلسا، ئۇ ئىسلام دىنى
ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدىغان ئاسىي گۇناھكار بولۇپ قالاتتى. ئىسلام
دىنى ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئاللانىڭ يارىتقانلىقىغا
قەتئىي ئىشەنگەن يەردە، «پادىشاھلار دۆلەتنىڭ ئىگىسى» دەي-
دىغان تەشەببۇسقا چىداپ تۇرالمايتتى. ئىسلام دىنى ئاللا-
نىڭ بىرلىكىگە شەك كەلتۈرمىگەن يەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللا-

دىن تاشقىرى ھەرقانداق بىر ئادەمگە «ساداقەتمەن» بولۇشقا يول قويۇلمايتتى. جىمى مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش دېيىلىۋاتقاندا، پادىشاھ ۋە خىزمەتكار دەپ ئايرىشقا قوشۇلغىلى بولمايتتى.

ئىسلام دىنى پادىشاھلارغا سادىق بولۇش ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىشقا قارشى ئىدى. بۇ كۈنتۇغدى ئىلىگ، ئۆگدۈلمىش ۋەزىر بىلەن زاھىد ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيەۋى مۇنازىرىدە، زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ تىلى ئارقىلىق سۆزلىنىدۇ. ئۇ كۈنتۇغدى ئىلىگكە يازغان جاۋاب خېتىدە: «ھەر ئىككىمىز پەقەت خۇدانىڭ قۇللىرى، قۇللۇق جەھەتتە (ھەر ئىككىمىز) تەڭ باراۋەر؛ قۇلغا قۇللۇق قىلىش ياراشماس ئىشتۇر، خىزمەتچىگە خىزمەت قىلىش قەدىرسىزلىكتۇر» (3749 — 3750 - بېيىتلار) دەيدۇ. لېكىن زاھىد ئودغۇرمىشمۇ بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق يۇقىرىدىكى نۇقتىئىنەزەردىن ۋاز كېچىپ، ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى جەمەت قېرىندىشى ئۆگدۈلمىش ۋەزىرگە پادىشاھتىن ئۆزۈڭنى پىنھان تۇتما، «نامىڭ قۇل ئىكەن، سەن بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلما، ئۆزۈڭنىڭ قۇللۇقىنى قىل، ئەي ياخشى كىشى» (6144 - بېيىت) دەيدۇ.

شائىر يۈسۈپ پادىشاھلارغا سادىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇسۇلمان شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدىن ۋاز كەچسە بولمايتتى. شۇڭا كۇڭزىچىلارنىڭ پادىشاھلارغا سادىق بولۇش ئىدىيىسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭ تاللىۋالغىنى ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسىنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇش، ماڭغان يولى قويۇق كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى تۈسىنى ئالغان «دۇئالىزملىق ساداقەت» يولىدىن ئىبارەت بولدى. بۇمۇ جۇڭگودىكى ئىسلام ئېتىقادىنىڭ مۇھىم بىر ئالا-

ھەدلىكى ئىدى. 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرىدىن باشلانغان بۇ خىل «دۇئالىزملىق ساداقەت» نەزەرىيىسى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى كەلگەندە تېخىمۇ سىستېمىلاشتى. ۋاڭ دەيىۋى ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان ئالىم «چىن ساداقەت» دېگەن بىر كىتابىدا: «بۇ ئالەمدە ياشىغان ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك راۋۇرۇس ئۈچ ئىش بار: ئۇ بولسىمۇ ئاللاغا بويسۇنۇش، پادىشاھقا بويسۇنۇش، قېرىنداشلىرىغا بويسۇنۇشتۇر. كىمكى بۇ ئۈچ ئىشقا ئەمەل قىلمىسا، ئۇ ساداقىتى يوق، ئىنسابى يوق، كۆيۈمى يوق دېيىلۇر»، «ئاللاغا سادىق بولۇش كېرەك، لېكىن پادىشاھقا تېخىمۇ سادىق بولۇش كېرەك، مۇشۇنىڭ ئۆزى ھەق يولدۇر»① دەپ يازدى. «دۇئالىزملىق ساداقەت» نەزەرىيىسى ئىسلام دىنى بىلەن كۇڭزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى، ھالبۇكى، «دۇئالىزملىق ساداقەت» تە، پادىشاھلارغا سادىق بولۇش تېخىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە، كۇڭزىچىلارنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى «ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈش»، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ئىدى. ئاتالمىش «ئادىل سىياسەت» خەلققە نەپىقە بېرىش، خەلققە پايدا يەتكۈزۈش، خەلققە ئېتىبار بېرىش ئىدى. ئادىل سىياسەت يۈرگۈزگەندە «سىياسەتنى ئەدەپ - ئەخلاق ئورنىدا كۆرۈش» لازىم ئىدى («مۇھاكىمە ۋە بايان. ھاكىمىيەت باشقۇرۇش»).

كۇڭزىچىلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بۇ تەشەببۇسلىرى، ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ يازغان «قۇتادغۇبىلىك» تە

① دەي، كاڭشىڭ، چىن خۇيبىن: «ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىزدىكى خۇيزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقىلىش ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە دەسلەپكى پىكىر»، «دۇنيا دىن تەتقىقاتى»، 1982 - يىل 10 - سان.

ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەشەببۇسىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقتى. شائىر يۈسۈپمۇ ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشنى بارلىق كۈچى بىلەن تەكىتلىدى. ئۇ پادىشاھقا «پۈتۈن خەلققە (چىن) دىلىڭدىن كۆيۈمچان بول» (2160 - بېيىت)، «كۆيۈمچان بولۇپ، ئەلنى پۈختا قوغدا» (2169 - بېيىت) دەپ نەسىھەت قىلدى. ئادىل سىياسەتنىڭ قارشى تەرىپى زوراۋانلىق ئىدى. ئادىل سىياسەت يۈرگۈزىمەن دېگەندە، ئالدى بىلەن چوقۇم زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش لازىم ئىدى. يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇشۇ بىر نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى، ئۇ «زۇلۇم - زورلۇق كۆيەر ئوتتۇركى، يېقىنلاشسا (ئادەم) كۆيىدۇ؛ قانۇن بىر سۇدۇركى، ئۇ ئاقسا نېمەت ئۈنىدۇ» (2032 - بېيىت)، «قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، دۇنيا تۈزىلىدۇ، زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ، دۇنيا بۇزۇلىدۇ» (2034 - بېيىت) دەپ يازدى. ئۇ يەنە پادىشاھلارغا ئەلنى ئەدەب - ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، «يامانلارنى خورلىساڭ، يۈرۈش-تۇرۇشنى توغرىلايدۇ، ياخشىلارنى ھۆرمەت قىلساڭ، قىلىقلىرى (تېخىمۇ) ياخشى بولىدۇ. سەممىي - سادىق كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، ئۇياتسىزلارنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇر، (ئۇلاردىن) ساقلان» (5527 — 5528 - بېيىتلار) دەپ كۆرسەتتى، ئۇ پادىشاھلارنىڭ سىياسەت يۈرگۈزگەندە، ئادىل، تۈز كۆڭۈل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. ئۇ بۇ ھەقتە «بەگ تۈز كۆڭۈل بولسا، ئېلى مەڭگۈ ئامان بولىدۇ» (319 - بېيىت). «بەگ ياخشى بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسە، خەلق ئۈچۈن نەقەدەر قۇتلۇق زامان بولىدۇ - ھە!» (455 - بېيىت) دېدى. بۇ دەل «سىياسەتنى ئەدەب - ئەخلاق ئورنىدا كۆرۈش»، «سىياسەت يۈرگۈزگۈچى، ئادىل بولۇش كېرەك» دېگەن ئىدى-

يىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى.

فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن كۈيچىلار «ئەدەب - قائىدە» نىڭ رولىغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلۈپ، «ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەبكە قايتىش ئىنسانپەرۋەرلىك بولىدۇ» دېيىلگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە «ئەدەب - قائىدىنى قوللىنىشتا، بىرلىك ھەممىدىن قىممەتلىكتۇر، ئالدىنقى شاھلارنىڭ تۇتقان يولىدا، ھەممىدىن ياخشى ئىش مۇشۇ ئىدى» («مۇھاكىمە ۋە بايان. ئۆگىنىش»)، «ئەدەب - قائىدىنى بىلمىگەنلەر، پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ» («مۇھاكىمە ۋە بايان؛ ياۋاي») دەپ قارىدى. مۇشۇ تۈپەيلىدىن، كۈيچىلارنىڭ ئېتىكىلىق ئەخلاقى ئەدەب - قائىدە دەپمۇ ئاتالغانىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە دەۋرمۇ دەۋر ياشىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك فېئودالىق ئەدەب - قائىدىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى ئىسكەنجىگە ئالغان، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ كەلگەنىدى.

كۈيچىلارنىڭ «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت» دېگەن ئىدىيىسى «قۇتادغۇبىلىك» كىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شېئىرىي ئەسەردە قانۇن - قائىدىلەر، قائىدە - يوسۇنلار ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى، «(توغرا) قانۇن بىلەن بەگلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ» (5285 - بېيت)، پادىشاھ، ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار «ئار - نومۇسنى، ئەدەب - قائىدىنى بىلىشى لازىم» دېيىلدى. يۈسۈپنىڭ غايىۋى دۆلىتىدىمۇ ئوردىغا كىرىش، ئوردىدىن چىقىش، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن قايتىش، سەھرالارغا بېرىپ شىكار قىلىش توغرىسىدا ئوخشاشلا قاتتىق ئەدەب - قائىدە مۇراسىملىرى بار ئىدى. «يۈزۈڭ بەگكە يۈزمۇيۈز تۇرىدىغان بولساڭ، بەك قورقۇپ تۇرغىن، كۆزۈڭگە بايقا» (4051 - بېيت)، «كۆزۈڭنى يەرگە تىك»

(4055 - بېيت)، «قولۇڭنى قوۋۇشتۇرۇپ ئايىغىڭنى تۈزەپ تۇر، ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قوي» (4056 - بېيت) دېگەنلەر مۇشۇنى كۆرسىتەتتى. ناۋادا ۋەزىر - ۋۇزرالار پادىشاھقا بىرەر ئىشنى مەلۇم قىلماقچى بولغان بولسا «ئىشىكتىن كىرىشتە ئوڭ (ئايىغىڭنى) ئالدىن بېسىپ ماڭ» (4057 - بېيت) دېگەنلەرنى قۇلاقتا تۇتۇشى، «قولنى تۈز تۇتۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇشى، ئەدەبلىك ۋە سىلىق بولۇشى» (4058 - بېيت)، ئوڭغا - سولغا قىيا قارىماسلىقى، سۆز - نەسىھەتنى ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئاڭلىشى» (4059 - بېيت) لازىم ئىدى. پادىشاھلارنىڭ ئورنى مۇقەددەس، ئالىيجاناب سانىلاتتى، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەرقانداق يېرىدە، ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا پادىشاھ ھەققىدە غەيۋەت - شىكايەت قىلىشقا يول قويۇلمايتتى. «كىمكى بەگلەرنىڭ كەينىدىن ئېگىز - پەس گەپ قىلسا ياكى بەگلەرنىڭ سۆزىنى سىرتقا يايسا، چوقۇم ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۆزى يوقىتاتتى» (2514 - بېيت). فېئوداللىق قائىدە - قانۇنلارنىڭ قوغدىماقچى بولغىنى پادىشاھلارنىڭ ئىززەت - نەپسى ئىدى، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى چېكىدىن ئاشقان نەسەپ، مەرتىۋە تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ فېئودال پاترىئارخاللىق ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

كۇڭزىچىلارنىڭ ئېتىكىلىق ئەخلاق قارىشى «قۇتادغۇبىلىك» تە تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى، شائىر يۈسۈپ ئەقىل-پاراسەت بىلەن بىلىمگە تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ ئەقىللىك، بىلىملىك ئادەملەر گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئادەملەردىن ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايتتى. يۈسۈپنىڭ قەلبىدە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئادەملەرلا «كۆزى توق، ھايالىق، خۇشپېئىل» (2441 - بېيت)، «تەمكىن، مۇلايىم (ۋە) ناھايىتى سەۋرچان،

ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، ئالدىرىماي ئىشلەيدىغان» (1867 - بېيىت)، «شەپقەتلىك، ئەپۇچان ۋە مۇلايىم» (2170 - بېيىت) بولالايتتى. ئۇ يەنە جاپا قىلغۇچىغا ۋاپا قىلىشۋەرگىن، مەرد كىشى ۋاپا قىلىدۇ، يامانلار جاپا (قىلىدۇ)» (3432 - بېيىت) دەپ كېلىپ، «جاپاغا ۋاپا قىلىش» نى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە «ئادەمگەرچىلىك قىلىش، ئۇ-لۇغ كىشى بولۇش» (5788 - بېيىت) نى ئالاھىدە تىلغا ئال-دى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ تەشەببۇسلار كۈڭزىچىلار ئوت-تۇرىغا قويۇپ كەلگەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغان ئادەم «مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ئەدەبلىك، ئىقتىسادچان، ئەپۇچان» («مۇھاكىمە ۋە بايان. ئۆگىنىش») بولۇش، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، «جاپاغا ۋاپا بىلەن جاۋاب بېرىش، ۋاپاغا ۋاپا قىلىش» («مۇھاكىمە ۋە بايان. پەرمان») دېگەنلەر بىلەن قويۇپ قويغاندەك ئوخ-شاش ئىدى.

كۈڭزىچىلار ئۆزلىرىنىڭ كۈڭزىچە ئەخلاقى ئارقىلىق ئادەم-لەرنى قىلمىش جەھەتتىلا ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى سىزغان سىزىقتا كىرگۈزۈپلا قالماي، بەلكى يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ئۇلارغا بىر تالاي ئەمرىمەرۇپلارنى بەلگىلەپ بەردى. خۇددى شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك، ئالىيجاناب ئادەم-لەرنىڭ چوڭ سۇپەت بىلەن ئولتۇرۇشى، ئۇيان - بۇيانغا قالاي-مىقان قارىماسلىقى لازىم ئىدى. ئەدەبلىك ئەربابلارنىڭ ئارتۇق گەپ - سۆز ۋە كۈلكە - چاقچاقتىن ئۆزىنى تارتىشى، تەمكىن ۋە سالاپەتلىك بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇ تۈپەيلى شائىر كىشى-لەرنى «كۆرەڭلىمە، قولۇڭنى پۇلاڭلىتىپ كىرمە، قولۇڭنى گى-رەلەشتۈرۈپ، نامۇۋاپىق سەرىكەت قىلما» (4111 - بېيىت)، «چازا قۇرۇپ ئولتۇرما، يانپاشلاپ ياتما، ئۈنلۈك قاقاقلاپ،

قاتتىق كۆلمە» (4114 - بېيىت) دەپ ئاگاھلاندۇردى. ھەتتا غىزالانغان چاغدىمۇ، ئۆزىنىڭ يورۇش - تۇرۇشىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر ئىدى، شۇڭا ئۇ «يېمەكنى ئېلىپ، چىشلەپ، ئۇششاق چاينا، ئىسسىق ئاشنى ئاغزىڭ بىلەن پۈۋلىمە، تاماق يېگەندە داستىخاندىكى ئاشنى (ئالدىڭغا) تارتما، كىشىلەرنىڭ پەيزىنى قاچۇرمىغىن، ھەرىكىتىڭگە دىققەت قىل» (4601 - بېيىت) دەپ كېلىپ، كىشىلەرگە «قائىدە بويىچە يۈر، قائىدىسىز كىشىلەر كىشىلەرنىڭ تۆۋىنىدۇر. تەرتىپ - قائىدىلىك كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى يادىڭدا تۇت، قائىدە بىلگەن ئادەم تۆرگە ئېرىشىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپ - قائىدىسى بار، قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، كىشىنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ» (4603 — 4605 - بېيىتلار) دەپ نەسىھەت قىلىدى.

بىز يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرما ئارقىلىق، «قۇتادغۇبىلىك» تە تەرغىب قىلىنغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەشەببۇسلىرى، ئېتىكىلىق ئەدەب - ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىدە روشەن ھالدىكى كۆگزىچىلار مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر مىللىتى غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى. ئۇلار مىجەزى چۇس، كۈچكە ۋە باتۇرلۇققا قول قويىدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ دەۋردە «مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ئەدەبلىك، تېجەشلىك، ئەپچان» بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «جاپاغا ۋاپا قىلىش» نىمۇ ھەرگىز تىلغا ئالمايتتى. ئاتقا مىنىۋېلىپ، پايانسىز يايلاقتا قېيغىتىپ يۈرگەن بۇ مەردانە چەۋەندازلار، مۇلايىم ۋە تەمكىن، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەدەبلىك ئەربابلاردىن تولىمۇ يىراقتا تۇراتتى.

لېكىن، ئۇيغۇر مىللىتى غەربكە كۆچۈپ، يايلاقتىكى

كۆچمەن چارۋىچى مىللەتتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچى-
لىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتكە ئايلانغاندىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى فېئودال كۆچمەن قاغانلىقىنى ئىدارە قىلى-
دىغان ئۇسۇللىرىلا ئۆز ئۈنۈمىنى يوقىتىپ قالماي، بەلكى ياي-
لاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش بىلەن ماسلاشقان بەزى
ئېتىكىلىق كۆز قاراشلار ۋە بەزى ئىدىيىۋى ئاڭ قاتارلىقلارمۇ
يېڭى تېرىقچىلىق تۇرمۇشى بىلەن چىقىشالمىدى، ئوتتۇرىدا
زىددىيەت پەيدا بولدى. شائىر يۈسۈپ بۇ نۇقتىنى سەزگۈرلۈك
بىلەن ھېس قىلدى ھەمدە ئەگەر بۇ زىددىيەتنى ۋاقتىدا ھەل
قىلمىغاندا، دۆلەتتە خاتىرجەملىك، پۇقرالاردا ئاسايىشلىق بول-
مايدۇ دېگەن يەرگە كەلدى.

ئۇنداقتا، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟
ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتا قۇرغان فېئودالىق ھاكىمىيەتنى
قانداق ئىدارە قىلغاندا ئاندىن مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ؟ بۇلار
دەل شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە باش قاتۇرۇپ ئىز-
دەنگەن، ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلەپ چىققان مەسىلىنىڭ
ئۆزى ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە
قىلىش سىياسىتى، كۇڭزىچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى قاتار-
لىقلارنى پىششىق بىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى تولۇقلاپ تەت-
قىق قىلغانىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قاغانلىقى-
نىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىياسەتلىرى توغرۇلۇق ئويلان-
غاندا، روشەنكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردىنىڭ دۆلەت ئى-
دارە قىلىش سىياسەتلىرىنى ئەينەك قىلدى. ئۇ ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكى كۇڭزىچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ
رېئاللىقى بىلەن بىر گەۋدىگە تازا جايىدا مۇجەسسەملەشتۈ-

روپ، ئۆزىنىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈردى. كۆكىزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ تۈسىنى ئالغان، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرگەن شەرقتىكى غايىۋى دۆلەتنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر پارچە داڭلىق ئەسەردە، كۆكىزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ مۇنچىۋالا روشەن، مۇنچىۋالا ۋەزنى بار مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ھاسىل قىلالىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ يېتەرلىك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلغاندا، كۆپىنچە ھالدا بۇ نۇقتىغا سەل قارىدى. بۇ يالغۇز مۇشۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىلا ئىپادىلەنگەن مەسىلە ئەمەس، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتىمۇ، پەقەتلا ئۇنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىنىپ، ئۇنىڭ شەرق مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر يانغا قايرىپ قويۇلدى.

تارىختىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مىللىتى بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشى، ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن غەربتىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بېرىش كېلىشكە قارىغاندا تولىمۇ زىچ ئىدى.

ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىكتە ياشىغان مەزگىلدە ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىگە قارام بولغانىدى. ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ خانلىرى تاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلاتتى.

تاڭ سۇلالىسى ئۈگىلۈك ـ سۈيگۈم ئىسيانى تۈپەيلى داۋالغۇپ ئاران قالغاندا، ئۇيغۇر قاغانلىقى بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇش كۈرىشىگە قوشۇن ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردە، لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈگىلۈك ئىسيانىنى تىنچىتقانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقىغا، تاڭ ئوردىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر ئوخشاشلا ئاپىرىن ئوقۇغانىدى، تاڭ دەۋرىدىكى كىتابلارمۇ ئۇيغۇرلارنى «تاغنى يۇلۇۋالغۇدەك كۈچى بار، بۇلۇتلارنى بۆسۈپ ئۆتكۈدەك جىگىرى بار»① دەپ ماختىغانىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جەڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى «ئاي بىلەن كۈندە جۇلالاپ، نەۋرە ـ چەۋرىلەرگىچە بارىدۇ»② دەپ يازغانىدى.

ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ ئوردىسى ئارىسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋەتمۇ ئورنىتىلغانىدى. ئۇيغۇر خانلار ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى تاڭ ئوردىسىدىكى پادىشاھ جەمەتىگە ياتلىق قىلغان، تاڭ ئوردىسىمۇ نىڭگو مەلىكىسى، شيەنئەن مەلىكە، تەيخې مەلىكە قاتارلىقلارنى ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ئۇيغۇر خانلىرىغا چىقارغانىدى.

ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىقتىسادىي بېرىش ـ كېلىشكە كەلسەك، بۇ مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك ماللىرىنى ئات بىلەن ئالماشتۇراتتى، بۇ خىل سودا ھۆكۈمەت ئارىسىدىمۇ بولاتتى، ئاۋام ئارىسىدىمۇ يولغا قويۇلاتتى، جېنگۈەننىڭ 8 ـ يىلى (634 ـ يىلى) ياغلاقار ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىر قېتىمدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سودىگەرلەر بىلەن 70 مىڭ توپ خۇسۇسىي يىپەك سودىسى قىلغانىدى. ئىككى تەرەپتىكى سودىگەرلەر ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن ئوتتۇ-

① «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».
② «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

را تۈزلەڭلىك ئارىسىدا ئۇيانىدىن بۇيانغا توختىماي مېڭىپ تۇراتتى، پەقەت چاڭئەنگىلا نەچچە مىڭ ئۇيغۇر سودىگەر توپلاشقانىدى①.

سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى بېرىش ـ كېلىش مۇقەررەر يوسۇندا مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئۇيغۇر قاغانلىقىدىكى خانلار، بەگلەر گۈللەنگەن تاڭ مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن ھېرىس ئىدى، ئۇلار تاڭ ئوردىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئوخشىتىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىي ئېگىزلىكىدىكى ئورخۇن دەريا ساھىلىدا ھەشەمەتلىك قارا بالغاسۇن شەھىرىنى قۇرۇپ چىققان ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە پايتەخت قىلغانىدى. بۇ شەھەرنىڭ خارابىسىدىن تاڭ دەۋرى ئۇسلۇبىدا ياسالغان زور تۈركۈمدىكى قۇرۇلۇش ئىزنالىرى ئۇچرىتىلدى، ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن تاش ئابىدىلەر قېزىۋېلىندى. كۆپ ھاللاردا بۇ تاش ئابىدىلەرنىڭ بىر تەرىپىگە قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن خەتلەر ئويۇلغان، يەنە بىر تەرىپىگە بولسا خەنزۇ يېزىقىدىكى خەتلەر ئويۇلغانىدى. ئۇزۇن مەزگىللىك قويۇق باردى ـ كەلدى جەريانىدا، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقىدا خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشلۇقى بار نۇرغۇن ئۇيغۇرلار پەيدا بولدى. بۇلاردىن قارىغاندىمۇ، قۇملۇقنىڭ شىمالىي مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە يولۇققانلىقىدىن گۇمان قىلىشقا بولمايتتى.

مىلادى 9 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار زور تۈركۈملەپ غەربكە كۆچتى ۋە غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلاشتى. غەربىي

① ليۇجىمشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 56 ـ بەت.

يۇرت ئەزەلدىنلا جۇڭگونىڭ زېمىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردىغا قارام بولغان جاي بولغانلىقتىن ئۇ يەردە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈردى.

غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئېلىمىز تېررىتورىيىسىگە رەسمىي قوشۇلغانىدى. تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، 45 ۋىلايەت، 115 ئوبلاستتىن تەسىس قىلىندى. ئەنشىدە قۇرۇلغان تۆت بازار غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكىرىنى بىر گەۋدە قىلىپ باغلىدى. كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار بارغانسېرى كۆپەيدى، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى جايلار ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرغان ئەمەلدارلار، ئالىملار، سودىگەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەن مەدەنىيىتى ھېلىقى خەنزۇلار بىلەن بىرلىكتە غەربىي يۇرتقا ئېقىپ كىردى. خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ۋە قېزىپ تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى غەربىي يۇرتتا خەنزۇ تىلى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنىڭ ئورتاق قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئالايلۇق: لوپنۇردىكى «سۇ بېشى» خارابىلىكىدىن تېپىلغان «غەربىي يۇرت تارىخى»، لى بەينىڭ قاراشەھەردىكى خانىغا يازغان خېتى قاتارلىقلار. بۇ خەتلەرنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغانلىقى، شۇ چاغدىكى قاراشەھەر خانىنىڭ خەنزۇچىدىن خەۋىرى بارلىقىنى بىلدۈرەتتى. لوپنۇردىن يەنە شۇ جايدا ياشىغان چياڭ قىزىنىڭ خەنزۇچە يازغان خەتلىرى چېلىقتۇرۇلدى، بۇ خەت راۋان بولۇپ، ئىشلەتكەن سۆزلەرمۇ مەقسەتنى ئۇقتۇرالىغۇدەك دەل جايىدا بولغانىدى①. يۇقىرىدا

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن كىتاب «شىنجاڭدىكى 30 يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل نەشرى، 204-بەت.

تىلغا ئېلىنغان مىساللاردىن غەربىي يۇرتتىكى ئەزەلدىن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئاھالە ئىچىدە خەنزۇچىنى تولۇق بىلىدىغانلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خەنزۇچە كىتابلار، كلاسسىك ئەسەرلەرمۇ غەربىي يۇرتتا كەڭ تارقالغانىدى. «لىياڭنامە، ئىدىقۇت تەزكىرىسى»دە: ئىدىقۇتتا «بەش رىسالە، دەۋرلەر تارىخى، مۇنەججىملەر توپلىمى» بار دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. يەنە «جۇنامە ئىدىقۇت تەزكىرىسى»دە: ئىدىقۇتتا «ماۋنىڭ نەزمىلىرى، مۇھاكىمە ۋە بايان، كۆيۈمچانلىق رىسالىسى بار، ئەمەل تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن شاگىرتلار ئۆز ئارا دەرس سۆزلەيدۇ، ئۇلار ئەمدىلەتىن ئۆگىنىۋاتقان بولسىمۇ ئوقۇپ كېتەلەيدۇ، ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا سۆزلىشىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ تارىخىي ماتېرىيال ۋە خاتىرىدىن قارىغاندا، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىيال ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇ مىللىتى ۋە ئەزەلدىن ئولتۇراقلاشقان مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش دەستۇرى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

غەربىي يۇرتتا ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىللەتلەر ئىچىدە، ئالدىنقى مەزگىلدىلا كۆچۈپ كەلگەن ئاز بولمىغان تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە تىل بىلىدىغان، خەنزۇچە يېزىقنى ئوقۇيالايدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. «كونا تاڭنامە»دە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەنشىدە ياشىغان، تۈركلەرنىڭ تۈركەش قەبىلىسىگە مەنسۇپ گاشۇخان ئىسىملىك بىرسىنىڭ ‹ئەمىنىيە دەۋرى تەزكىرىسى›نى ياخشى ئوقۇيالايدىغانلىقى» ۋە «خەننامە»نى كۆرەلەيدىغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى.

كۇڭزىچىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. «مۇھاكىمە ۋە

بايان» ئۇلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۇڭزىنىڭ ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان مۇھاكىمىلىرى، سوئال-جاۋابلىرى خاتىرىلەنگەنىدى. «مۇھاكىمە ۋە باياն» ئۇزۇنغا سوزۇلغا فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئىزچىل ھالدا كلاسسىك ئەسەر دېيىلىپ كەلدى ھەمدە ئۆسمۈرلەرنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇق ماتېرىيالى بولدى. «مۇھاكىمە ۋە باياն» غەربىي يۇرتقا ناھايىتى بۇرۇنلا يېتىپ كەلگەنىدى، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياپونىيىلىك داگۇ گۇاڭرۇي، ئەنگلىيىلىك ستەيىن، فرانسىيىلىك بوكخىدۇ قاتارلىقلار «مۇھاكىمە ۋە باياն»نىڭ ئاز بولمىغان قالدۇق پارچىلىرىنى شىنجاڭدىن ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭدا قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە كىتابلار ئىچىدە «مۇھاكىمەۋە باياն» ھەممىدىن كۆپ بولدى. بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى 1969 - يىلى تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلۇڭ 4 - يىلى (710 - يىلى) يېزىلغان «جىڭ تالىپنىڭ مۇھاكىمە ۋە بايانغا ئىزاھاتى» بولدى. بۇ ئىنتايىن مۇكەممەل نۇسخا بولۇپ، ئۇنى تېخى ئەمدى 12 ياشقا كىرگەن پۇتيەنشۇ ئىسىملىك غەربىي يۇرتلۇق بىر بالا يازغانىدى①. «مۇھاكىمە ۋە باياն» نىڭ غەربىي يۇرتتا كەڭ تارقالغانلىقىنى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقىنى مۇشۇنىڭدىنلا كۆرۈۋېلىش يەتكىلى بولىدۇ.

كۇڭزى — كۇڭزى تەلىماتىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغاچقا، ئەۋلىيا دەپ قارىلىپ كەلدى. كۇڭزىنىڭ روھىغا سىغىنىپ نەزىر - چىراغ قىلىش ئادىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار

① «جىڭ تالىپنىڭ مۇھاكىمە ۋە بايانغا ئىزاھاتى ۋە ئۇنىڭ يازما نۇسخىسى»، «شىنجاڭدىكى 30 يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى، 343 — 368 - بەتلەر.

رايونىدا ئىنتايىن ئەۋج ئالدى. كۆكزىغا باش ئۇرۇش، كۆكزىغا ياغ پۇرىتىش ئادىتى غەربىي يۇرتقىمۇ يەتتى، ئالايلۇق، ئىدىقۇت خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى دوراپ، چۇڭگۇاڭ، جاڭخې، جيەنگو، يەنچاڭ، يەنخې، يىشۇ قاتارلىق يىل ناملىرىنى بەلگىلەپلا قالماي، ھەتتا لۇئەيگۇڭنىڭ كۆكزىدىن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مەسلىھەت سوراۋاتقان كۆرۈنۈشىنى سىزدۇرۇپ، ئۇنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئاسقانىدى①.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى قويۇق باردى-كەلدى قىلغان ئۇزۇن تارىخىي مەزگىلدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۆكزىچىلار ئىدىيىسى غەربىي يۇرتقا يېتىپ كېلىپ، ئاۋام خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، شۇنداقلا غەربىي يۇرت ئىدىيىۋى تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا تەدرىجىي يوسۇندا تەسىر كۆرسەتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ، خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى. شۇ چاغلاردا، غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى خەنزۇچە يېزىلاتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە خەتنى تونۇيدىغان، خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغانلارنىڭ خېلى كۆپ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. 11-ئەسىردە ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، ئۇلار تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ... (شەھەردىكى) ئۇيغۇرلار چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقنىمۇ بار، رەسمىي خەت-چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىن-

① زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 1936-يىل شاڭۋۇ باسمىخانىسى، شىنجاڭ تەزكىرە تەھرىراتى، 1986-يىلدىكى قايتا نەشرى، 99-بەت.

لىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ① دەپ يېزىلغانىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار غەربلىكلەرگە ئوخشاش، خەنزۇلارنى چىنلىقلار دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان تىلمۇ، شۈبھىسىزكى، خەنزۇ تىلى ئىدى. بۇ خاتىرە مىلادى 11 ـ ئەسىردىكى مەزگىللەردە خەنزۇ تىلىنىڭ يەنىلا غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمەت تىلى ئىكەنلىكىنى، بەزى رەسمىي سورۇنلاردا يەنىلا خەنزۇ تىلى قوللىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. 11 ـ ئەسىردە، ئىسلام دىنى پەقەت قەشقەر، خوتەن رايونلىرىغىلا تارقالغانىدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ۋە كۇچانىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا بۇددىستلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادى تولىمۇ مۇستەھكەم ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار چىنلىقلارنىڭ يېزىقىنى ئوقۇيالايتتى دېگەن خاتىرىدىن قارىغاندا، ئاز ساندىكى ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا، شەھەردە ئولتۇراقلاشقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇچە يېزىقنى بىلەتتى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار، ئۇيغۇرلارنىڭ يالغۇز غەربكە كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ھاياتى كەچۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قالماي، بەلكى غەربكە كۆچۈپ كېلىپ غەربىي يۇرتتا مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى، غەربىي يۇرتتا

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1981 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 40 ـ بەت.

تۈركلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، نۇرغۇن خەنزۇلار ئۇيغۇر مىللىتى تەركىبىگە كىردى، شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر مىللىتى غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاجىزلىدى ئەمەس، ئەكسىچە مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيدى.

مۇشۇ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىزنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سىياسىي قارىشى، ئىجتىمائىي قارىشىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم. «قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولغان چاغدا، كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ، مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن كۆپرەك ئۇزۇن تارىخنى باشتىن كەچۈرۈپ بولغانىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان بىر تالاي ئالىملار، يۇقىرىلار، كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئاۋام خەلقى ئارىسىدىكى تارقاتقۇچىلىرى بولۇپ قالغانىدى، ھالبۇكى بۇ خىل تارقىتىش ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈشتىن بۇرۇنقى ئۇملۇقنىڭ شىمالدىكى مەزگىللىرىلا باشلانغانىدى. شۇنىڭدىن كۆرە، «قۇتادغۇبىلىك»تە نىسبەتەن روشەن، نىسبەتەن سالمىقى بار كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئىندۇرمىسى بولغانلىقى ھەيران قالىدىغان ئەھۋال ئەمەس.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقى قارىغاندا، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار زېمىنى بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراقراق ئىدى. لېكىن، قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بىر گەۋدە ئىدى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. ئومۇملۇق يېقىدىن ئالغاندا، ئۇلار ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان تۇپراق، ئەزەلدىن تارتىپ ئاسەن دېگۈدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەن ئوردىسىنىڭ تەسىر

كۆچى دائىرىسىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ خەن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك رايون ئىدى.

شائىر يۈسۈپ بالاساغۇندا دۇنياغا كەلدى. بالاساغۇن سۇياپنىڭ يېنىدا بولۇپ، بۇ شەھەر تاڭ دەۋرىدە ئەنشىدە تەسىس قىلىنغان تۆت بازارنىڭ ئىچىدىكى چېگرا تەرەپكە جايلاشقان مۇھىم جاي ئىدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە بولغاچقا، ئىزچىل رەۋىشتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە تۇرغانىدى. تاڭ سۇلالىسىدىكى باۋداجۇن بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزغان، ئەنشى ھىراۋۇلى دۇخۇەيباۋمۇ بۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ بىر مەزگىل تۇرغانىدى. سۇياپتىكى بىرقانچە نۆۋەتلىك باسقاۋۇللارنىڭ ھەممىسى تاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلاردىن تەيىنلەنگەنىدى. خەنزۇچە يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەنلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تاڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ فاڭيى قايتىدىن ياساپ چىققان، «تۆت تەرىپى ئون ئىككى دەرۋازىلىق»، ئىچىدە «كوچىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن» دەرىجىگە بارغانىدى. شۇ دەۋردىكى دۇخۇەي دېگەن كىشى، ئاردىن يەتمىش يىل ئۆتۈپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شەھەر ئىچىدە دايۈنسى ئىبادەتخانىسى قۇرۇلغانلىقىنى بىلدى. ۋۇ زېتيەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى چاغدا، دۆلەت تەۋەلىكىدىكى «ھەرقايسى ئوبلاستلارنىڭ ھەممىسىدە دايۈنسى ئىبادەتخانىسى قۇرۇش»قا بۇيرۇق چىقارغانىدى. سۇياپتا قۇرۇلغان دايۈنسى ئىبادەتخانىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ئوبلاست، شەھەرلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ياساپ چىققانلىقى ئېنىق ئىدى. يەنە بىرنەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، بۇ يەردىن ئۆتكەن يېلۇچۇسەي سۇياپ بازىرىنىڭ خارابىلىكىنى، تاڭ دەۋرىدە ياسالغان ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى، تاڭ دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ

قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان خاتىرە تاشلارنى ئۇچراتتى، تاڭ دەۋ-
رىگە تەئەللۇق خارابە ئىزلىرى ۋە ئاز بولمىغان مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرىنى چېپىلدىقتۇردى①. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارىخىي
ماتېرىياللار، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى، شائىر يۈسۈپ-
نىڭ ئانا يۇرتى بالاساغۇننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى
چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بىر جاي ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ
قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تەۋەللۇت بولغان قەشقەر يەنى مۇنداق-
چە ئېيتقاندا خەنزۇچە يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپىنچە
چە سۇلې دېگەن نام بىلەن ئۇچرايدىغان بۇ يەرمۇ تاڭ
دەۋرىدە ئەنشىدە تەسىس قىلىنغان تۆت بازارنىڭ بىرى
ئىدى، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سۇياپقا قارىغاندا يېقىن بول-
غاچقا، قەشقەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردىنىڭ سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەپلەردىكى ئالاقىسى تېخىمۇ
قويۇق ئىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختى — بالاساغۇن
بىلەن قەشقەر — ئەينى زاماندا ئوخشاشلا جۇڭگونىڭ زېمىنىدا
ئىدى. قارخانىلار سۇلالىسىنىڭ قاغانلىرىمۇ ئۆزىنى جۇڭگو قا-
غانلىرى دەپ بىلەتتى، بەزى قاغانلار ھەتتا ئۆز ناملىرىنىڭ
ئالدىغا «چىن ئارسلانخان»، «چىن بۇغراخان» دېگەن ئىزاھ-
لارنى قوشقانىدى②. قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ
كۆڭلىدە ۋەتەن ئېڭى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى، ئۇلار قاراخانىلار

① مۇقەددىمىدىكى بايانلارغا قارالسۇن (ئاپتور)

② ۋۇجېن: «تۇرپاندىن قېزىلغان ‹خەن دېدانىڭ ئەرزى› دىن تاڭ دەۋرىدىكى سۇياپ شەھىرىگىچە»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1975-يىل 8-ئاي، «شىنجاڭدىكى 30 يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل نەشرى، 29 — 298-بەتلەر.

سۇلالىسىنى ئىزچىل رەۋىشتە جۇڭگونىڭ سۇلالىسى دەپ قارايتتى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوردا بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ بېكىتكەنىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر «ئەگەر بىلىم چىنىدەك يىراق جايدا بولسىمۇ، بېرىپ ئۆگىنىش كېرەك» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان بولغاچقا، ئىسلام دىنى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى چەتكە قاقمىدىلا ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن دەرىجىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان قايىللىقىنى ئىپادىلىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق ئالىمى، تۈركولوگىيە مۇتەخەسسىسى B .B بارتولد «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: («قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاپىرىم ھادىسە ئەمەس، ئۇ تۈركىي تىلىدىكى ئەدەبىياتتا قەشقەر دەۋرىنى يورۇتۇپ بەردى... ئۇ دەۋردە بۇرۇنقى تۈرك ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ تەسىرى ساقلىنىپ قالغانىدى، بۇ يالغۇز خانلارنىڭ نام مەرتىۋىسىدىلا ئىپادىلەنگەن ئەمەس) دېگەنىدى. ئۇ قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئادەملەر «ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە تايانغان ھالدا، جۇڭگونىڭ تەسىرى ئىچىدە ياشىغان» دەپ قارايتتى①.

«قۇتادغۇبىلىك» تە خەنزۇچە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى

① لى چېڭشىڭ «سوۋېت روسسىيە ئالىم - پەن ساھاسىدىكىلەرنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك›نى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى»، «مىللىي يازغۇچىلار ژۇرنىلى» 1987 - يىل.

بىرقەدەر ئېنىق، شۇڭا بەزى ئالىملار شائىر يۈسۈپ خەنزۇ تىلىنى بىلىسە كېرەك دەپ پەرەز قىلىدى. ئۆۋەتتە بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق بولغاچقا، ئۇ پەقەتكىنە بىرخىل پەرەز، خالاس. لېكىن، بۇ پەرەزنى قىلىچە ئاساسسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇقەددىمىسىدە: «بۇ كىتاب بەك ئەزىزدۇر. (ئۇ) چىن ھۆكۈمالىرىنىڭ تەمسىللىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئۆلىمالىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن» دېگەن گەپ بار. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «چىن» ۋە «ماچىن» نىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىدى. مۇقەددىمە ئاپتورى شائىر يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىش جەريانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى زور مىقداردا قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى شېئىرىي كىتابلاردىن بىۋاسىتە نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى بېيىتقانلىقىنى قەيت قىلىدى. مۇقەددىمە ئاپتورى ياشىغان دەۋر بىلەن يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»نى يازغان دەۋرنىڭ ئارىلىقى خېلى يېقىن كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددىمە ئاپتورىنىڭ بىر ئۇيغۇر شائىرى ياكى ئۇيغۇر ئالىمى ئىكەنلىكى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ تەمىنلىگەن بۇ ئەھۋالنى شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئىشەنچلىك دېيىشكە بولاتتى.

مۇقەددىمىنىڭ ئاپتورى شائىر يۈسۈپ شېئىرىي ئەسىرىنى چىن ھۆكۈمالىرىنىڭ تەمسىللىرى بىلەن بېزىدى دېدى، بۇ يەردىكى چىن ھۆكۈمالىرىنىڭ تەمسىللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ ھۆكۈمالىرىنىڭ تەمسىللىرى ئىدى. ھالبۇكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ تەمسىللىرىنىڭ ناھايىتى زور قىسمى كۇڭزى بىلەن مېڭزىنىڭ سۆزلىرى ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك»تە تەرغىب قىلىنغان «ۋاپاغا ۋاپا»، «جاپا-

غا ۋاپا»، «مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ئەدەبلىك، تېجەشلىك، ئەپۇچان» بولۇش قاتارلىق ئەدەب-قائىدە ئېتىكىسى قارىشى، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولى، ئۆزىنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم شېئىرلارنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، مەزمۇنى ياقتىن قارىغاندا، ئۇلار بىر-بىرىگە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى يالغۇز بەزى تەمسىللەرنىڭ قوللىنىلىشىدىلا ئىپادىلىنىش بىلەن تۈگىمىدى، بەلكى ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سىياسىي قارىشى، ئېتىكىلىق قارىشى قاتارلىق چوڭقۇر قاتلامدىكى ئىدىيىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە سىڭىپ كىردى. سىياسىيغا ئېتىبار بېرىش، ئېتىكىغا ئېتىبار بېرىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ئېتىبار بېرىش، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ئىدى، شۇنداقلا جۇڭگودىكى مەدەنىيەت بىلەن غەربتىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم پەرقىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك «قۇتادغۇبىلىك» تە تولىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ئەگەر جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ماكرولۇق قارىشى بويىچە نەزەر سالساق، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

18 - ئەسىردىكى ئەنگلىيىلىك جۇنسۇن — جۇڭگو ئىدىيىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق تەسىراتقا كەلگەنىدى:

ئۇ جۇڭگودىكى ھۆكۈمالارنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ۋە ئەقىل-پاراسەتكە باي پەند-نەسىھەتلىرىنى ئوقۇغاندا، كۆڭلى جايىغا چۈشكۈدەك دەرىجىدە قانائەتلىنىش ھېس قىلىدى.

ئەخلاق دېگەن ھەر قانداق جايدا ئوخشاشلا بولىدىغان نەرسىكەن دېگەن يەرگە كەلدى، ھېلىقىدەك ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدىغان ئادەملەردىن تېخىمۇ نەپرەتلەندى. چۈنكى بۇ ئادەملەر ئەخلاق دېگەن ناھايىتى كەلسە بىر غايە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ پەرقى پۈتۈنلەي خام خىيال دەپ گەپنى ئۈزگەنىدى، لېكىن ئۇ جۇڭگونىڭ ھۆكۈمىتى ۋە قانۇن-تۈزۈمى بىلەن پىششىق تونۇشقاندىن كېيىن، يېڭى شەيئىلەرلا بېرەلەيدىغان بارلىق خۇشاللىقتىن بەھرە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، مۇشۇنداق بىر دۆلەتنى تاپالىغانلىقىدىن ھەيران قالدى ۋە شادلاندى؛ بۇ جايدا ئالىيجانابلىق بىلەن بىلىم ئوخشاش نەرسە ئىدى؛ بۇ جايدا بىلىمى چوڭ بولغانلارنىڭ ئورنىمۇ يۇقىرى بولاتتى؛ نەسەب-مەرتىۋىنىڭ ئۆسۈشى ساۋابلىق ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ يەردە ھېچكىممۇ نادانلىق ئورۇن-مەرتىۋىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنىڭ ئالامىتى ياكى ھورۇنلۇق ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى بولغانلارنىڭ قولىدىكى ئىمتىياز دەپ قارىمايتتى.

ئۇ بۇ جايدىكى ساداقەتمەن پۇقرالار توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى. بۇ خاتىرىلەر ئادەم ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە ئىدى، لېكىن ئۇ ئارقىمۇ ئارقا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئەھۋال ئىدى. بۇ يەردە سادىق ۋەزىر-ۋۇزرالار قىلچە ئەيمىنىپ تۇرماي، پادىشاھنىڭ دۆلەتنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغان-

لىقى پاكى يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغانلىقىنى ھەمدە بۇ قىلمىشلارنىڭ ئۆزىنىڭ بەختەرلىكىگە پاكى بەخت - سائادىتىگە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى يۈزىگە سېلىپ سۆزلەۋېرەتتى. پادىشاھ - خانلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلى-غاندىن كېيىن، ۋەزىرلىرىگە ئاچچىقلانمايتتى، ئۇلارغا تەھدىت سالمايتتى، ئۇلارغا كايىمايتتى، خاتالىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشنى شەرەپ ھېسابلىمايتتى. ئەكسىچە ئۆزىدىكى قىلمىش - ئەتمىشلەرنى جۇڭگو پادىشاھلىرى ۋە جۇڭگو خان-لىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك كەڭ قورساقلىق بىلەن، ئىدراك، قا-نۇن - پەرمان ۋە ئەدەب - ئەخلاق ئۆلچەملىرى بويىچە تەك-شۈرۈپ چىقاتتى، ئۆزىدىكى چاپان يېپىشقا بولمايدىغان ئىش-لارغا، قولۇمدىكى ھوقۇققا تايىنىپ چاپان يېپىمەنغۇ دەيدىغان ئىشنى پىسەنتىگە ئالمايتتى①.

دەل بەزى ئالىملارنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش جۇڭنۇڭنىڭ بۇ يەردە تەسۋىرلىگەنلىرى «غايىۋىلەشتۈرۈلگەن جۇڭگو قەدىمكى جەمئى-يىتى ئىدى، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ غايىۋىلەش-تۈرۈلگەن قەدىمكى جۇڭگو «قۇتادغۇبىلىك»تىكى غايىۋى دۆلەت بى-لەن پۈتۈنلەي ئوخشاش چىقاتتى»②. ھۆكۈمالارنىڭ تەمسىللىرىنى ئەخلاقنىڭ مىزانى قىلىش، بىلىمگە ۋە ئۆگەنگەن نەرسىلەرگە ھۆرمەت قىلىش، بىلىملىكلەر يۇقىرى ئۆرلەش، ساۋابلىق ئىش قىلغانلارنىڭ نامىنى تىللاردا زىكىر قىلىش، سادىق ۋەزىرلەرنىڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىشقا پېتىنالىغانلىقى پادىشاھ - خانلارنىڭ ئادىللىق بىلەن قانۇن يۈرگۈزۈشى، ئۆزى-نىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئەخلاق بىلەن چەكلەپ تۇرۇش

① فەن سۇنجۇڭ: «جۇڭگو ئىدىيەۋى مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام جۇنسۇن».

② ياۋباۋشۈەن: «‹قۇتادغۇبىلىك›تىكى دراماتىك ئېستېتىك تەتقىقات»، «بەلىمكە تىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماتېرىياللىرى.

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەل غايىۋىلەشتۈرۈلگەن قەدىمكى جۇڭگودىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ شۇنداقلا شائىر يۈسۈپنىڭ قەلبىدىكى ئۇيغۇر غايىۋى جەمئىيىتى ئىدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئوخشاشلىق، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەدەنىيەتنىڭ جۇڭگو ئىدىيىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر مۇھىم مەسىلىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

## بەشىنچى پاراگراف قەدىمكى گرېك ئېستېتىكىسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە بولغان تەسىرى

قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى غەربىي يۇرتنىڭ ھەممىلا يېرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. كېرىيە دەندانلىق خارابىسىدىكى تامغا سىزىلغان يالىڭاچ قىزنىڭ ئۇياتچان قىياپىتى بىلەن ۋېناسنىڭ رەسىمى ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ؛ قىزىل مىڭئۆي تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەردە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان مەھلىيالىق ھەمدە يالىڭاچ رەسىملەرنىڭ باش بىلەن بەدەننىڭ سەككىزدە بىر نىسبىتى بويىچە سىزىلغانلىقى، رەسسامنىڭ ئۆز زامانىسىدە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئادەمنى تولۇق ئىشەندۈرىدۇ؛ تۇرپان ئىدىقۇت تام رەسىملىرىدە يەنە گرېكلار پاسونىدا كىيىنگەن ئاياللارنىڭ ئوبرازىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. مىدەندىكى — خەن - جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابىلىكىدىكى تام سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بولسىمۇ، لېكىن رەسسامنىڭ پەلكۈچى ئاستىدىكى بۇددانىڭ رەسىمى ۋە

ئادەم رەسىملىرى تىپىك رىم ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن، شاھزادە شەنىيا بىلەن خانىش ئولتۇرغان ھارۋا دەل رىم ئۇسلۇبىدىكى تۆت ئات قوشۇلغان ھارۋا بولۇپ، ھەرقايسى بۇددالارغا، شاھزادىلەرگە ۋە بۇددا موناخلىرىغا قاناتلىق پەرىشتىلەر ھەمراھ بولغان. قاناتلىق ئادەم رەسىملىرى، قاناتلىق پەرىشتە رەسىملىرىنى يالغۇز تام رەسىملىرىدىلا ئەمەس، بەلكى كۇچا قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان مىتالدىن ياسالغان قاناتلىق ئادەملەر ئىچىدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

مىلادى 1 - ئەسىردە پاكىستاننىڭ شىمالى، ئافغانىستاننىڭ شەرقىدە شەكىللەنگەن جەنتولو مەدەنىيىتى بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن رىم سەنئىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. جەنتولو مەدەنىيىتى شەكىللىنىش بىلەن تەڭلا غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل تەسىر يالغۇز شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تام رەسىملىرى، سىزما رەسىملەردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەيكەلتىراشلىق جەھەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. شىنجاڭدىن جەنتولو مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئاز بولمىغان بۇتلار تېپىلدى، بۇ بۇتلار بۇدۇر چاچ، قاڭشارلىق، چوڭقۇر كۆزلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىتىدە گرېكلارنىڭ شىجائىتى ۋە روھىي قىياپىتى بار ئىدى، بۇلار كېيىنكى چاغلاردىكى بۇت رەسىملىرىدىن بەكمۇ يىراق بولۇپ، قويۇق گرېك ھەيكەلتىراشلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلغانىدى. جەنتولو مەدەنىيىتى 5 — 6 - ئەسىردىكى غەربىي يۇرتتا تازا گۈللەندى، تا 8 - ئەسىرگە كەلگەندىمۇ جەنتولو ئۇسلۇبىدىكى سىزما رەسىملەر ۋە ھەيكەلتىراشلىقنىڭ تەسىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا داۋاملىشىپ تۇردۇۋەرگەنىدى.

مۇشۇ خىلمۇ خىل ئەھۋاللار قەدىمكى گرېك، رىم

مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى، بۇ تەسىر قەـ
دىمدىن تارتىپلا بولۇپ كەلگەنىدى.

قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرت مەدەنىيـ
تىگە سوقۇلۇشى ئىككى قېتىمدا بىر قەدەر شىددەتلىك بولدى.
بىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە ئالېكساندىر ماكېدو-
نىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا يۈز بەردى؛ يەنە
بىر قېتىملىقى مىلادى 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي
يۇرتقا يوپۇرۇلۇپ كىرىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە، ئالېكساندىر گرېكـ
لار ۋە ماكېدونلاردىن تەشكىل تاپقان نەچچە يۈز مىڭ قوشۇنـ
نى باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتـ
تۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ، جەنۇبتا ھىندىستانغىچە بار-
دى. ئۇ شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە بالقان يېرىم
ئارىلىغىچە بولغان كەڭ رايوندا ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىنى
تۇتاشتۇرىدىغان ئالېكساندىر بۈيۈك ئىمپېرىيىسىنى قۇردى
ھەمدە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلار تەۋەسىدە
ئالېكساندىر شەھىرىدىن ئوننى ياسىدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ
ھەر بىرى گرېك مەدەنىيىتىنى تارقىتىدىغان قورغانلارغا ئاي-
لاندى. ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى خاراكتېر
جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە
جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش
رولىنى ئوينىدى.

ئالېكساندىر يۇنانىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ئارىستوتېلـ
نىڭ بىلىملىك شاگىرتى ئىدى. ئۇ گرېك پەلسەپىسىگە
ۋە مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ يىراققا يۈرۈش
قىلغان ھەيۋەتلىك قوشۇنى ئىچىدە بىللە ماڭغان يۇنان پەيـ

لاسوپلىرى، ئىلىم - پەن خادىملىرى، ئالىملار ناھايىتى كۆپ
ئىدى. ئالېكساندىرنىڭ بۇ زور قوشۇنىدا يەنە ھەم مەدەنى-
يەت خادىملىرى، ھەم ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار-
نىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان يۇنان-
لىق ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە شەرقتە ئولتۇراقلىشىپ قالدى،
شۇنداقلا شەرقتە ماكانلىشىپ، بۇ يەردىكى مەڭگۈلۈك كۆچ-
مەنلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار شەرققە گرېك مەدەنىيىتىنى
تارقىتىدىغانلارغا ئايلاندى①.

ئالېكساندىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇنانلىقلارنىڭ
ئەۋلادى شىنجاڭدىن ھېچقانچە يىراق بولمىغان ئافغانىستان-
نىڭ شىمالىي رايونى بىلەن ھىندىستاننىڭ شىمالىدا گرېكلەش-
كەن باكترىيا دۆلىتىنى قۇردى. ئارقىدىنلا يەنە گرېك
مەدەنىيىتىنىڭ قاتتىق تەسىرىگە يولۇققان كۇشان پادىشاھلى-
قى مەيدانغا كەلدى. گرېك مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان
باكترىيا مەدەنىيىتى بىلەن كۇشان مەدەنىيىتى يىپەك
يولىنى بويلاپ غەربىي يۇرتتىكى رايونلارغا قەدەم قويدى ۋە
غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان
شىددەتلىك سوقۇلۇشى گەرچە ئۇيغۇر مىللىتى زور كۆلەمدە
غەربكە كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن سادىر بولغان ئىش بولسىمۇ،
لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغان غەربىي يۇرتتىكى
ئەسلى ئاھالە، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى، تۈركلەشتۈ-
رۈشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئاساسەن دېگۈدەك ئۇيغۇر
مىللىتىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ قوشۇلۇش جەر-

① (قەدىمكى يۇنان) ئارىئان: «ئالېكساندىرنىڭ يۈرۈشى» شاڭخەي باسمىخانىسى، 1985 - يىل نەشرى، 149 -، 188 -، 229 - بەتلەر.

يانىدا، غەربىي يۇرتتىكى ئەسلى ئاھالە ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىگە ئۆزلىرىدىكى ئەسلى مەدەنىيەتنىمۇ بىرلىكتە كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن بۇ مەدەنىيەت شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قويۇق بىرىكمىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

ئالېكساندىرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردە يۈز بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت مۇساپىسىدە بىر قاتار زەنجىرسىمان رېئاك-سىيە قوزغىدى، ئۇ شەرقنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن زور تارىخىي ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن غەربلىكلەرنىڭ بۇ يۈرۈشى ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قېلىۋەردى. ئالايلۇق، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ ئېقىپ يۈرگەن «ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەت»لەر دەل ئالېك-ساندىرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت ئىدى.

قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان ئىككىنچى قېتىملىق سوقۇلۇشى مىلادى 10 - ئەسىردە يۈز بەردى. مىلادى 7 - ئەسىردە ئىسلام ئەرەب ئىمپېرىيىسى سىرتقا بولغان كېڭەيمىچىلىككە يۈزلىنىپ، يۇنانلارنىڭ كونا جايى ۋىزانتىيىنى بېسىۋالدى. نادانلىقتىن ئەمدىلا قۇتۇلغان ئەرەبلەر قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئاجايىپ زور قىزغىنلىقنى ئىپادىلىدى، ئۇ-لار زور بىر تۈركۈم ئالىملارنى گرېكلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلى-رىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. 9 - ئەسىرگە

گىرگەندە ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇش قىزغىنلىقى يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يۇنان پەلسەپە ئىلمىگە ئائىت ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرى بارلىققا كەلدى، ئۇلار ھەتتا سوقرات، پلاتون، ئارىستوتېلنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى توپلام قىلىپ چىقاردى①. قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇشنىڭ بۇ قىزغىنلىقى، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ھەرقايسى تۈركىي مىللەت ئالىملىرى ئىچىگە قەدەر تارقالدى. ئاز بولمىغان كىشىلەر دەمەشق، باغداد شەھەرلىرىگە بېرىپ گرېك پەلسەپىسىنى ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى، زور نەتىجە قازىنىپ ئوبدانلا كۆزگە كۆرۈندى. تۈرك ئالىمى ئەل. فارابى (مىلادى 870 — 950 - يىللار) بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاتاقلىقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ گرېك پەلسەپىسىدىن ئالغان بىلىمى جاھان ئەھلى قايىل بولىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىغا قەدەر يېتىپ باردى. قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇش شامىلىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگەشكەن ھالدا ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقالدى. قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشنى شەرەپ دەپ تونۇغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ، يۇنان پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش بورىنى ئەۋجگە چىقتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلور ئەسەرلىرىدە، بىلىمى باربىر ئادەمنى كۆپىنچە ھالدا يۇنانغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ياكى چىنغا (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونى) بېرىپ ئوقۇپ

① (مىسىر) ئەھمەد ئەمىن «ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى»، 1 - قىسىم، شاڭۋۇ باسمىخانىسى، 1982 - يىل نەشرى، 4 -، 145 -، 146 - بەتلەر.

كەلگەن دەپ تەسۋىرلەشنىڭ ئۆزىلا، يۇنان بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ رايونلىرىنىڭ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەلبىدە ئوخشاشلا ئىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن تولۇپ تاشقان مەدەنىيەتلىك قەدىمىي جاي بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئەگەر، گرېك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا بىرىنچى قېتىملىق سوقۇلۇشىدىن پەيدا بولغان تەسىر ئاساسلىقى سىزما رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىق تەرەپتە ئىپادىلەندى دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئەگەشكەن ھالدا يېتىپ كەلگەن گرېك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىگە بولغان ئىككىنچى قېتىملىق سوقۇلۇشى، ئۆز تەسىرىنى مۇھىمى، پەلسەپە ۋە ئىلىم - پەن تەرەپتە ئىپادىلىدى. «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كۆز ئاچقان مەزگىل، غەربتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سوقۇلۇشىغا داخىل بولغان ۋاقىت ئىدى، بۇ سوقۇلۇش «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۆزىنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى قالدۇردى.

قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە بولغان تەسىرى، ئاساسلىقى پەلسەپە ۋە ئېستېتىكا قارىشى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.

قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىدە بىلىم بىلەن ئەقىل ھەققىدىكى بايانلار كۆپ ئىدى. سوقرات «بىلىم — پەزىلەتتۇر» دەپ قارىغانىدى؛ پلاتون بۇنىڭغا ئېستېتىكىلىق نام قويۇپ: ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ماھىيەتتە ئەقىل - پاراسەت گۈزەللىكى يالغۇز مۇشۇلا ئەمەس، نۇرغۇن شەيئىلەردىكى گۈزەللىكمۇ ئادەمدىكى ئەقىل - پاراسەتنىڭ چاقنىشى دېگەن ھەممە «ئەقىل - پاراسەت شەيئىلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ

گۈزەللىك» دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى.① ئارىستوتېل پلاتوننىڭ «ئەقىل گۈزەللىكى» نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەقىل - پاراسەت تەبىئىي ئىنساننىڭ گەۋدىسىدىكى «ئەڭ مۇكەممەل بولغان بىلىم شەكلى» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەرەبلەر قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى قانداق چۈشەنگەن ۋە قانداق تونۇغان؟ بۇنى يېڭى پلاتون مەزھىپىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى سىڭدۈرۈلگەن «ئالما دەستۇرى» ناملىق كىتابتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ كىتابتا ئارىستوتېل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن شاگىرتلىرىغا ئېيتقان بىر ئابزاس سۆزى تەسۋىرلەنگەن: روھنىڭ ماھىيىتى ئەقىل - پاراسەتنى سۆيۈش، چۈنكى ئەقىل - پاراسەت دېگىنىمىز ئەڭ ئالىيجاناب بىلىش، شۇڭا ھەقىقەت توغرىسىدىكى مۇكەممەل بىلىش، ئەقىل - پاراسەت ئىگىسىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئىگە بولىدىغان بەخت - سائادەت ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان ئىزدىنىشنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىلىمگە كېلىدىغان ئىنئام، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان بىلىمنىڭ ئۆزى؛ نادانلىق ئېرىشىدىغان جازا تېخىمۇ ئېغىر جازانىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە، مەيلى پانىي دۇنيادا بولسۇن، مەيلى باقىي ئالەمدە بولسۇن، مەيلى كۆكتە، مەيلى يەردە بولسۇن، ئەقىل بىلەن نادانلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ئاقىۋەتتىن باشقا، ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ. گۈزەل پەزىلەت بىلەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ ماھىيەتتە پەرقى يوق؛ گۈزەل پەزىلەت بىلەن ئەقىل - پاراسەت ياكى رەزىللىك

① (قەدىمكى يۇنان) پلاتون: «ئىچمەشبازلىق»، «پلاتوننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت دىئالوگلىرى» دىن، (جۇگۇاڭچيەن تەرجىمىسى، خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 261 - بەت.

بىلەن نادانلىق سۇ بىلەن مۇزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ شەكلى ئايرىم بولسىمۇ، ماھىيىتى ئوخشاش بولىدۇ»①.

يۇقىرىدىكى سۆزدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئەرەبلەر قەدىمكى يۇنان ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى: گۈزەل پەزىلەت بىلەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ مۇناسىۋىتى سۇ بىلەن مۇزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولىدۇ دەپ چۈشەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، گۈزەل بىلەن ئەقىل - پاراسەت ماھىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشايتتى. بۇخىل نۇقتىئىنەزەر پلاتوننىڭ «ئەقىل گۈزەللىكى» نەزەرىيىسى بىلەن بىردەكلىكتە ئىكەئىدى.

ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ بىر مۇسۇلمان ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۈبھىسىزكى، قەدىمكى يۇنانغا تەلپۈنۈش شامىلىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى بىلەن پىششىق تونۇشقانىدى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىۋاتقاندا، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ «بىلىم گۈزەللىكى»، «ئەقىل گۈزەللىكى» دىن ئىبارەت ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە خېلى زور سەھىپە ئاجرىتىپ ئادەمنىڭ گۈزەللىكى، ئادەمنىڭ پەزىلىتى، ئادەمنىڭ بەخت - تەلىپى ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىمدە بولىدۇ دېگەن نۇقئىنەزەرنى تەكرار تەشۋىق قىلىدى. ئۇ ئىدراك كىشىئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشىدۇر» (1830 - بېيىت)، «بۇ ئىككىسىنى (ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىم) نى بىرلەشتۈرگەن كىشى كامالەتكە يېتىدۇ، كامىل ئەر دۇنيا (نېمەت-

① دېبوئېر (T·L·deBoer)، «ئىسلام دىنى پەلسەپە تارىخى»، تەيۋەن شاڭۋۇ باسمىخانىسى، 1986 - يىل 3 - نەشرى، 27 - بەت.

لىرىنىڭ) ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ» (225 - بېيىت) دەپ يازدى، شۇنداقلا ئىنسان بالىسىنىڭ قەدرى بىلىم (ۋە) ئەقىل بىلەن بولىدۇ» (تېكىست 6 - بابنىڭ تېمىسى) دەپ قارىدى. يۈسۈپنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ «ئەقىل - ئىدراكنى سۆيۈش» پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ تۈسىنى ئالغانىدى.

يۇنان پەيلاسوپلىرى ئىچىدە پلاتون پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك ئالىملىرىغا، قارا خانىلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك بولدى①. پلاتوننىڭ قارىشىچە بىلىم بىلەن ئەقىل-ئىدراك ئىلاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەممە ئادەمنىڭ روھى ئىچىدە پىنھان تۇرىدىغان تەبىئىي نەرسە ئىدى. ئادەم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا، ئۇنىڭ روھى مۇتلەق گۈزەللىكنى، مۇتلەق ياخشىلىقنى، مۇتلەق مۇقەددەس بولغان بىلىمنى ئۆزىدە ئالدىقاچان ھازىرلىغان بولاتتى. ئىدراكىي تونۇش، ئادەتتىكىلىك، ماھىيەت، مۇتلەقلىك، ھېسسىي بىلىم قاتارلىقلار ئۆلمەس روھنىڭ قوينىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان بولاتتى. «بارلىق تەتقىقات جىمىكى ئۆگىنىش دېگەنلەر ئەسلىمىدىنلا ئىبارەت ئىدى»②. پلاتون ئىدراك بىلەن تۇيغۇنى قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويدى ھەمدە ئىدراكنى مۇتلەقلەشتۈردى، ئۇنى ئىنسان ماھىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ھاياتلىقنىڭ نىشانى دەپ قارىدى. پلاتوننىڭ نەزەرىدە، ئىدراكلىق ئادەملەر مىجەز - خۇلق جەھەت-

① ئەڭ باشتا قاراخانىلار سۇلالىسىگە تارقالغان ئىسلام دىنى ئەسەبىلىك ئىسلام دىنى ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن بىر ئەقلىيلىك دەپ قارالغان سوپى مەزھىپى ئىدى. پلاتوننىڭ پەلسەپىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ سىرلىق تۈس ئالغان يېڭى پلاتونىزمى، سوپى مەزھىپىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

② پلاتون: «مەنىۋدى».

تە «ئەڭ ئالىي مەنزىرە» گە يېتىپ بارالايتتى. ئىدراكنى تونۇش، ھېسسىي بىلىم ئىلاھ تەرىپىدىن بېرىلگەندى، پەقەت ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىكى «ئەقىل - پاراسەتنى سۆيگۈچىلەر»لا چىققىلى بولمايدىغان بۇ «ئەڭ ئالىي مەنزىرە»گە يېقىن بېرىشتىن بەھرىمەن بولالايتتى. «ئەقىل - پاراسەتنى سۆيگۈچىلەر» پەيلاسوپلار بىلەن ئالىملار ئىدى. چۈنكى پلاتون پەيلاسوپلارنى ئادەملەر ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلار ئىنسانىيەتنىڭ سەرخىللىرى دەپ قارايتتى. تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي پۇقرالار، ئىلاھ ئۇلارغا ئىدراكنى تونۇش ئاتا قىلمىغانلىقى، ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم بەرمىگەنلىكى تۈپەيلى، «پەقەت ئۆزىنىڭ جىسمانىي ھالىتىگىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ماددىي نېمەتلەرنىڭ راھىتىنى خىيال قىلىش بىلەنلا ئۆتىدىغان»، يەپ - ئىچىشنىلا بىلىدىغان، پىكىر قىلىشنى بىلمەيدىغان، مېڭىسى يوق قاپاقباشلار ئىدى.

پلاتوندىكى بۇ خىل نەزەرىيە خاراكتېردىكى ئىدېئالىستىك پەلسەپە كۆز قارىشى شائىر يۈسۈپنىڭ پەلسەپە قارىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەقىل - پاراسەتنىڭ مەنبەسى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ: «ئىدراك بولسا، ئەسلى تەبىئەتتىن بولىدۇ» (1825 - بېيىت)، «قانچە ئۆگىنىپ چۈشەنگىنى بىلەن ئۇ ئىدراكلىق بولمايدۇ» (1827 - بېيىت)، «ئىدراك خۇدا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان» (1829 - بېيىت) دېدى. بۇ نۇقتىئىنەزەر پلاتوننىڭ ئىلاھ ئاتا قىلغان تەبىئىي مەۋجۇتلۇق تەلىماتى، روھنىڭ قويىندا تۇغما ھالەتتىلا بار بولۇش تەلىماتى بىلەن بىر يەردىن چىققاندى.

يۈسۈپمۇ ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىدراك، ئىلاھ ئاتا قىلغان تەبىئىي مەۋجۇتلۇق، تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا بار نەرسە

بولغاندىكىن، خۇدانىڭ ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىدراكىنى
ناھايىتى كۆپ ئادەمگە بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەن-
دى. ئۇ شېئىردا: «بىلىملىكلەر ناھايىتى ئاز، بىلىمسىزلەر
كۆپ، بىلگىنىكى، ئىدراكسىزلار كۆپ، ئىدراكلىقلار كەم ئۇچراي-
دۇ» (199 - بېيىت) دەپ يازدى. خۇدانىڭ ياخشى كۆرىدى-
غان پەرزەنتلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلار دەل پەيلاسوپ-
لار ۋە ئالىملار ئىدى. يۈسۈپ خۇددى پلاتون پەيلاسوپلارنى
ئىنسانىيەتنىڭ سەرخىللىرى قاتارىغا قويغاندەك، ئۆزىمۇ
پەيلاسوپلار بىلەن ئالىملارنىڭ ئورنىنى تەڭداشسىز يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە
رولىنى ھەددىدىن زىيادە مۆلچەرلىدى. يۈسۈپ ئۇلارنى
«ھەقىقەت بىلەن دىنىنىڭ تايانچىسىدۇر» (4345 - بېيىت)،
«ئەلنى يورۇتىدىغان مەشئەل» (4347 - بېيىت) دېدى ۋە
«دۇنيادا ئالىم - دانالار بولمىغان بولسا، يەردە مېۋە تېكى-
لىپ، زىرائەت ئۈنمىگەن بولار ئىدى» (4346 - بېيىت) دەپ
قارىدى. ئۇ يەنە خۇددى پلاتون تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي
پۇقرالارنى پەقەت يەپ - ئىچىشنىلا بىلىدىغان
مېڭىسى يوق قاپاقباشلار دېگەنگە ئوخشاش
كەمسىتىپ، كەڭ جاپاكەش ئەمگەكچى ئاممىنى «قىلىقلىرىنىڭ
ھەممىسى قاپقارا» (4323 - بېيىت) كېلىدىغان نادان، بىلىم-
سىزلەر دەپ ئەيىبلىدى، شۇنداقلا «بىلىملىك، ئىدراكلىق
كىشى (ھەقىقىي) كىشىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى ھەممىسى ھاي-
ۋانغا باراۋەر!» (3165 - بېيىت) دەپ تونۇدى. بۇ نۇقتىئى-
نەزەرلەر شائىر يۈسۈپنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە ئۇنىڭدىكى
سىنىپىي چەكلىمىنى ئەكس ئەتتۈردى. لېكىن، مەنبەنى سۈ-
رۈشتۈرۈپ كۆرگەن كىشىلەر، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى نۇقتىئىنەزەر-
لىرىنىڭ قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئوتتۇرىغا قويغان

«ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم تەڭداشسىز ئۇلۇغ» دېگەن پەلسەپە، ئېستېتىكا قاراشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. دەل شائىر يۈسۈپتە قەدىمكى يۇنان ئېستېتىكا قاراشلىرىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغانلىقى تۈپەيلى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ پلاتوننىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىغان مىسرالار مەيدانغا كەلدى.

لېكىن، كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان بىر نۇقتا شۇكى، شائىر يۈسۈپ گەرچە قەدىمكى يۇنان پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، شېئىرىي ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىپادىلەنگەن ئومۇمىي پەلسەپە قارىشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل تەسىر نىسبىلا بولمىسۇن چەكلىك. يەنى ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىمگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، شائىر يۈسۈپنىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرى نەزەرىيىۋى شەكىلدىكى ئەزەلىيەت نەزەرىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى، ئالايلۇق، بىلىمنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە بولغان قاراشتا، پلاتون بىلىم بىلەن ئەقىلنى ئوخشاشلا ئاللاھ ئاتا قىلغان، ئۇ روھنىڭ قوينىدا ئەزەلدىنلا بار دەپ قارىدى. ھالبۇكى، يۈسۈپ مەيدانى روشەن ھالدا بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرگە قارشى چىقتى، ئۇ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن: «ئادەم بىلىمسىز ھالدا تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا ئۆگىنىدۇ» (1680 - بېيىت)، «كىشى تۇغۇلۇشىدا دانا تۇغۇلمايدۇ، ئۆگىنىدۇ» (4021 - بېيىت)، «بىلىمى بولمىسا، ئىدراكىمۇ كارغا كەلمەيدۇ» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى، ياشاش جەريانىدا جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ بىلىم ئۆگەنمىگەندە، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقىل - پاراسەتنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ دەپ قارىدى. شائىر يەنە ئەمەلىيەت، شارائىت، تەربىيىنىڭ بىلىمنىڭ شەكىللى-

نىشى ۋە جۇغلانما بولۇشىدا ئوينايدىغان رولىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. روشەنكى، بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر ئىدېئالىستىك ئەزەلىيەت نەزەرىيىسى بىلەن چەك - چېگرا ئايرىدى، ئۇنىڭدا ساددا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ شانلىق نۇرى جەۋلان قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىمنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا، يۈسۈپ بىلەن پلاتوندا ماھىيەتلىك ئوخشىماسلىق بار ئىدى. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىمنى مەنىۋى خۇشاللىق، ھاياتلىقنىڭ پاراغىتى دەپ تونۇدى. ھالبۇكى، شائىر يۈسۈپ ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىمنىڭ قىممىتى دۇنيانى تونۇش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە ئىپادىلىنەتتى. ئۇ ئېنىق قىلىپ: «(ئادەم) بىلىمگە يېتىشىپ كېيىن دانا بولدۇ، بۇ بىلىمى بىلەن ئەلگە نەپ بېرىدۇ» (1820 - بېيىت) دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىمنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىدىكى مەقسىتى، ئەقىل - پاراسەت بىلەن بىلىم توغرىسىدىكى ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىگە نەزەرىيە جەھەتتە دەستەكچىلىك شەكلىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى پەۋقۇلئاددە مۇھىم رولىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت ئىدى. دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ھەل قىلىنىشتى پەلسەپە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، شەرق پەلسەپىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىك جۇڭگو پەلسەپىسىدە بولۇپمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنەتتى.

قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ئىلىم - پەن ئىنتايىن زىچ بىرلەشكەنىدى. قەدىمكى يۇناننىڭ ئىلىم - پەن ئالىملىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پەيلاسوپلار ئىدي، پەيلاسوپـ

لارمۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئىلىم - پەن ئالىملىرى ئىدى. ئەگەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىدە مەدەنىيەت بىلەن تارىخ ئۆزئارا ئايرىلمىغان دېيىلسە، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىدە پەلسەپە بىلەن ئىلىم - پەن ئۆزئارا ئايرىلمىغانىدى. يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ شەيئىلەرگە قارىتا مۇستەقىل كۆز قارىشى بار ئىدى، ئۆزلىرىگە خاس ئىدىيىۋى سىستېما شەكىللەندۈرگەنىدى، ئۇلار ھەتتا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا قاتارلىق پەنلەردىمۇ مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئالايلۇق، پېتىگراس مەشھۇر پەيلاسوپ شۇنداقلا داڭلىق ماتېماتىك ئىدى؛ سوقرات، پلاتون قاتارلىقلار مەشھۇر پەيلاسوپ بولۇش بىلەن بىرگە، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە پەنلىرىنىمۇ تەتقىق قىلغانىدى؛ ئارىستوتېل يۇنان پەلسەپە تارىخىدىكى گىگانت شەخس ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە لوگىكا، ستىلىستىكا، شېئىر ئىلمى، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا قاتارلىق پەنلەر جەھەتتە «غەربتىكى ئىلىم - پەننىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغانىدى.

قەدىمكى يۇناندىكى ئىلىم - پەن — ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا قاتارلىقلارمۇ قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىگە ئەگەشكەن ھالدا ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىچىگە تارقالدى. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى شېئىرلارغا كۆرە، 11 - ئەسىردىكى غەربىي ئۇيغۇرلار ئىلىم - پەنگە قارىتا ئىنتايىن زور قىزغىنلىق ئىپادىلىدى. شائىر يۈسۈپنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان غايىۋى پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئوردىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار يالغۇز ئوقۇمۇشلۇق، قائىدە - يوسۇننى بىلىدىغان مەدەنىي ئەربابلاردىن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي كاللىسى بار، بىلىملىك ئادەملەردىن ئىدى. مەسىلەن، يۈسۈپ ۋەزىر بولغۇچىنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلىپ، ۋەزىر بولغۇچى

ئىشى يالغۇز پەزىلەتتىمۇ، قىياپەتتىمۇ ياخشى بولۇپ قالماي، «ھېساب بىلىدىغان، ئالىم، زېرەك بولۇشى كېرەك، بىلىم بىلەن تۈزلۈك خەت - يېزىقلارنى بىلىشى كېرەك؛ ۋەزىرنىڭ ھەممە ئىشى ھېساب بىلەن بولىدۇ، ھېساب بىلمىسە، خەزىنەتچىلەرنىڭ ئىشى ئورۇنىدالمايدۇ» (2218 — 2219 - بېيىتلار) دېيدى.

ئەلچىلىكنى زىممىسىگە ئالغۇچىلارنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى ھەققىدە سۆزلىگەندە، بىر دۆلەتنىڭ ئەلچىسى بولغان ئادەم پۇت - قولى چاققان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ھەرخىل تىللارنى پىششىق بىلىدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە چوقۇم «ھېساب ۋە ھەندەسەنىمۇ بىلسۇن، ئەدەد جەزرىنى ۋە مەيدان ئۆلچەشنى بىلسۇن» (2633 - بېيىت) دەپ يازدى. ئوردىدىكى خەزىنىچىلەر ھەققىدە ئۇ بۇلارنىڭ «قول ھېسابىنى تولۇق، يېتەرلىك بىلىشى» (2782 - بېيىت)، «ھەندەسە ھېسابىنىمۇ ئىگىلىشى» (2783 - بېيىت) لازىملىقىنى تەكىتلىدى. يۈسۈپنىڭ قارىشىچە، پادىشاھ، ۋەزىر، ئەمەلدارلار ئىلىم - پەندىن خەۋەردار بولغاندا، كاللىسى ئايدىڭ بولالايتتى، تەپەككۇردا قالايمىقانلاشمايتتى، دۆلەت ئىشلىرىنىمۇ ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلالايتتى.

يۈسۈپ قۇرماقچى بولغان غايىۋى دۆلەتتە، يالغۇز پادىشاھ، ۋەزىر، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارلا ئىلىم - پەندىن خەۋەردار بولۇپ قالماي، ئاۋام پۇقرالارنىڭمۇ خەۋەردار بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ: «(ئۇنى) بىلەي دېسەڭ، ھەندەسەنى ئۆگەن، شۇنىڭدىن كېيىن (ساڭا) ھېساب ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كۆپەيتىش ۋە بۆلۈشنى ئوقۇغىن، كەسىرنى پۈتۈن بىل، بۇ كامالەتكە يەتكەنلەر ئۈچۈن بىر ئىمتىھان ھېسابلىنىدۇ. مەيلى قوشۇش بولسۇن، مەيلى ئېلىش بولسۇن تولۇق بىلسەڭ، ئاندىن ئاددىي كەسىرنى باشلىيالايسەن. ئان-

دىن ئۇنلۇق كەسىرى، مۇساھەتنى ئۆگەن. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەلجەبىر ۋە تەڭلىمىنى ئوقۇغىن، ئاندىن ئوقلىدىس ئىشىكىنى چۈشىنىپ باق» دېگەنىدى (4378 — 4382 - بېيىتلار).

11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرىنىڭ ئىلىم - پەنگە مۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنى مۇنچىلىك تەشەببۇس قىلىشى، ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىش ئىدى. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلاردا ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان مۇنداق بىر كەيپىياتنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ئەلۋەتتە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى، غەربىي يۇرتىمۇ ئەزەلدىن تارتىپلا قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرىدىنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام ئالىملىرىدىمۇ قەدىمكى گرېك پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، شۇڭا ئىسلام مەدەنىيىتى غەربكە تارقالغاندىن كېيىن، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرى بارغانسېرى كۈچەيدى. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدىگە بىرىكتۈرۈش، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىنىڭ بىرى، ھالبۇكى، بۇ ئالاھىدىلىك «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىنتايىن روشەن ۋە گەۋدىلىك رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

## ئالتىنچى پاراگراف «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت دەرىخىدىكى تەڭداشسىز نەتىجە

بىر مىللەت مەدەنىيىتى بىلەن باشقا بىر مىللەت مەدەنىيىتى ئارىسىدا سوقۇلۇش يۈز بەرگەندە، سىرتتىن كەلگەن

ئىدىيىۋى مەدەنىيەت ئەسلىدىكى ئىدىيىۋى مەدەنىيەتكە ھاپاچ بولۇپ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىچىگە تەدرىجىي سىڭىپ كىرگەندىلا، ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسلى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سىرتتىن كەلگەن ئىدىيىۋى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغاندا، پەقەت يۇمشاق چايناپ، قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۆپ خىل مەدەنىيەتنى بىر گەۋدىگە بىرىكتۈرەلەيدۇ. ئاندىن رەڭگارەڭ يېڭى مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. بۇ بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى، ھالبۇكى، بۇ ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىدىغان گەۋدىدىن يەنى ئەسلى بار بولغان مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ.

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق مىللەت سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ سوقۇلۇشى ۋە تەسىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. بەزى مەزگىللەردە، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ سوقۇلۇش كۈچى خېلى كۈچلۈك بولىدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ئۇ مۇشۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش دەۋرى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ سوقۇلۇش كۈچى قانچە چوڭ بولمىسۇن، تەسىر كۈچى قانچە كۈچلۈك بولمىسۇن، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ئاخىرقى ھېسابتا ئەسلى بار بولغان مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى پاك - پاكىز يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا، بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، مەيلى سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ئۇنىڭغا قانچىلىك كۈچلۈك دەرىجىدە سوقۇلمىسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ئۆزىدە قانچىلىك چوڭ ئۆزگىرىشلەر سادىر بولمىسۇن، تۇغرا لىنىيىلىك كۆزەتكەندە، ئۇ يەنىلا

مىللىي مەدەنىيەتتىكى ئۆلانىمىنى ساقلاپ قالالايدۇ. خۇددى ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك، ئەنئەنە بىر خىل غايەت زور كونسېرۋاتىپ كۈچ بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ.

يۇقىرىدىكى قاراشلار، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن ئالدىنقى بابلاردا ئىران - ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى، ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ شۇنداقلا قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ خىلمۇ خىل ئىپادىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغاندىم. شۇنداقتىمۇ، ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەت ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بېقىنغان چاغدىلا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە تەدرىجىي سىڭىپ كىرگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالىدى. ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغان گەۋدە بولۇش ھالىتى بىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا گەرچە كۆپ ئاسلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ «كۆپ ئاساس» ھەرگىزمۇ «كۆپ مەنبە» ئەمەس ئىدى، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەنبەسى پەقەت بىر، ئۇ ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىنلا ئىبارەت. ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دەرىخى بولماي تۇرۇپ، «قۇتادغۇبىلىك»تەك مېۋىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولغان قەدىمكى مىللەت. ئۇنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆز مىللىي يې-

زىنقى ۋە يازما ھۆججەتلىرى بولغان. 7 — 8 - ئەسىردە يارى-
لىقتا كەلگەن ئورخۇن - يەنسەي يېزىقىدىكى تاش ئابىدىلەر
نۆۋەتتە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا
خاتىرىلەنگەن يازما ھۆججەتلەر ھېسابلىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»
ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى خۇددى
بىر بەلباغقا ئوخشاش، بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىم-
كى مەدەنىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قۇۋۋىتىنى بەجا-
يىكى قان تومۇرغا ئوخشاش «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىنىگە ئۈزۈل-
دۈرمەي يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى.

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»نى ئىجاد قىلىش جەريا-
نىدا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر-
دىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن تولۇق پايدى-
لاندى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت-
لەردىكى فولكلوردىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئوزۇق ئالدى.
يۈسۈپ بۇ شېئىرىي ئەسەردە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا
سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى قوشاقلىرىنى، ماقال-
تەمسىللىرىنى زور تۈركۈمدە نەقىل كەلتۈردى. شائىر كىشىلەر-
گە دوستۇڭلار كۆپ بولسۇن، دۈشمىنىڭلار ئاز بولسۇن دەپ
نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىكى
قەدىمكى ئىككى تەمسىلدىن پايدىلاندى ۋە: «دۈشمەن بىر
بولسىمۇ، زىيىنى مىڭدۇر، مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، يەنە بىرى
كەمدۇر» (4190 - بېيىت)، «دوست تۇتۇش ئاسان، قوغداش
قىيىن، دوست بولماق ئاسان، ياراشماق قىيىن» (4269 - بېيىت) دەپ
يازدى. ئۇقۇرۇ - جاي سېلىش ۋە قوشنا تاللاش توغرىسىدا سۆزلەپ
كېلىپ: «بەگكە ۋە تاشقىن دەرياغا قوشنا بولما» (4546 -
بېيىت) دېگەن تەمسىلنى ئىشلەتتى. رېئال ھاياتتا، خەلققە
ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بەگلەر تاشقىن سۇغا ئوخشاش ۋەھ-

شىۋە شەپقەتسىز ئىدى، ئادەملەر بەگلەردىن كەلگۈندىن قاچقاندەك قاچاتتى، بۇ تەمسىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ بېشىدىنكى دەرد - ئەلەمنىڭ يەكۈنى ئىدى. شائىر قوشۇن قوماندانىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە، قوشۇن قوماندانى ئۇرۇش قىلالايدىغان قوماندان، شۇڭا ئۇ جاسارەتلىك، جەڭگە ماھىر، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغان بولۇش كېرەك. دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ قوشۇن قوماندانىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى «قارا، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا، بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ، ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا، بارچە ئارسلانلار ئىت سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ» (2047 — 2048 - بېيىتلار) دېگەن بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ ماقال - تەمسىل ۋە شېئىرلار قارىماققا چۈشىنىشلىك، لېكىن مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك ۋە كۈرەش جەريانىدا يىغىنچاقلىغان قىممەتلىك تەجرىبىسى ئىدى. بۇ خىلدىكى شېئىر، ماقال - تەمسىل ھەمدە ئاقىل - دانالاردىن تەركىب تاپقان ئەجدادلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلەر «قۇتادغۇبىلىك» تە 250 تىن كۆپرەك جايدا نەقىل كەلتۈرۈلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان، پەلسەپىۋى پىكىر نۇرى چاقناپ تۇرغان بۇ ماقال - تەمسىل، شېئىر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر شېئىرىي ئەسەرنىڭ مىسرالىرىغا ئۈنچە - مەرۋايىتتەك ئورناپ، ئۆزىنىڭ يارقىن شولىسى بىلەن كۆزنى قاماشتۇردى، ئەسەرنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى،

ئۆتكەنگە ئېغىمۇ مول پەلسەپەۋى تۈس بەردى.

11 - ئەسىردىن بۇرۇنلا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى ئىنتايىن ۋايىغا يەتكەنىدى. خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ھەم قەدىمىي، ھەم گۈزەل ئەپسانىلەر، سەلتەنەتلىك تارىخىي داستانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلق قوشاقلىرىغا كەلسەك، بۇ مىللەت خەلق قوشاقلىرىغا ئېغىمۇ باي ئىدى. بۇ قوشاقلارنىڭ ئىچىدە تاش قورال دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەجدادلارنىڭ ياۋايى مېۋىلەرنى تېرىۋېلىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق ھايات كەچۈرگەنلىكىگە ئائىت ئېپتىدائىي قوشاقلارمۇ، ھېسسىياتى سەمىمىي، ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرىدىغان مۇھەببەت قوشاقلىرىمۇ، چاققان ۋە ئۆزگىچە گۈزەل مەي قوشاقلىرىمۇ، تاغ - دەريالارنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان جەڭ قوشاقلىرىمۇ بار ئىدى. خەلق ئارىسىدىكى بۇ شېئىرلار مەيلى شېئىردى تىل ياكى شېئىرىي پىكىر يېقىدىن بولسۇن خېلى يۈك-سەك سەۋىيىدە ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراستى يۇغۇرۇلغان، پەلسەپىۋى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ماقال - تەم-سىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىدى، سۆپەت جەھەتتە ئۇلار يۇقىرى دەرىجىدە ئىخچام ئىدى. ئۇلار سان-ساناقسىز نۇرلۇق مەرۋايىتتەك، ئۇيغۇر فولكلور خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە، قەدىمىي ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ قۇچىقىدا بىخ سۈردى، ئۆستى، ئاخىرىدا يەنە باي ئۇيغۇر فولكلور تۇپرىقىدا تەۋەللۇت بولدى، «قۇتاد-غۇبىلىك» بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى خۇددى قان بىلەن گۆشتەك ئايرىلماس مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئۇيغۇر مىللىتى غەربكە كۆچۈشنى ئاللىقاچان تاماملىغان، غەربىي يۇرتنىڭ بوستانلىقلىرىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق بىلەن

شۇغۇللىنىشقا باشلىغانىدى. لېكىن، ئۇلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن كۆتۈرۈپ كەلگەن «مەنىۋى يۈك» — يايلاق شامان دىنى مەدەنىيىتى، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە يوقىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يەنىلا ئۆزىنىڭ گۈللەۋاتقان ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ تەسىر شائىر يۈسۈپنىڭ قەلىمى ئارقىلىق «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇ شېئىرىي ئەسەردىمۇ ئەكس ئەتتى.

ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۇڭگۇس تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ئادەملىرى دۇئاخانلارنى — يەنى ئادەملەر نەزەرىدە ئادەملەر بىلەن ئىلاھ ئارىلىقىدا بېرىپ-كېلىپ يۈرىدىغان ئەلچىلەرنى «شامان» (Saman) دەپ ئاتايتتى، مۇشۇ تۈپەيلى شامان دىنى دەپ ئاتالغان بۇ دىننىڭ دۇئاخانلىرىمۇ شامان دېيىلەتتى. ئوخشاش بولمىغان مىللەت شامانلىرىنىڭ نامىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى مىللەتلەر ئادەتتە شامانىنى «كام» (Kam)① دەيتتى، خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسا «甘» دەپ يېزىلاتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئوخشاشلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، «كام» دەل ئۇلارنىڭ شامانى ئىدى. ۋەسۋەسىنى قوغلاپ، كېسەل داۋالاش شامانلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولغاچ، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى ئۇلارنىڭ سېھىر قىلىپ، ئىلاھنى ئادەملەر ئارىسىغا ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا، ئىلاھنىڭ روھى

① ھازىرقى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر شامانىنى «باقشى» (bakxi) دەيدۇ. يوگو قاتارلىق مىللەتلەر ئۇلارنى ھېلىمۇ ھەم «كام» دەپ ئاتايدۇ.

ئۆز بەدىنىگە ياماشقاندىن كېيىن شامانىنىڭ ئىلاھىنىڭ يەردىكى ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىلاھتەك قۇدرەتلىك بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شامان ئىلاھىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋەسۋەسىنى يوقىتىپ، كېسەللىكنى ھەيدىيەلەيتتى. بالا - قازانى ياخشىلىققا ئايلاندۇرالايتتى. يۈسۈپ 11 - ئەسىردە «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىۋاتقان چاغلاردا، شامان دىنىغا بولغان ئېتىقاد ئاۋام خەلق ئىچىدە تېخى مەۋجۇت ئىدى، شامانىنىڭ كېسەل داۋالاش پائالىيىتىمۇ ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەنىدى، بۇنى شېئىرىي ئەسەردىن ھېلىمۇ ھەم كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ئايرىم سەھىپە (53 - باب) ئاجرىتىپ، شامان (كام)غا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە مەخسۇس توختالدى. شائىر بۇ ھەقتە: «بۇلارغىمۇ ئارىلىشىش كېرەك، شامال دارىغان، جىن تەگكەن كېسەللەر ئۈچۈن (ئۇلارنى) چاقىرىش كېرەك» (4362 - بېيىت)، «شامال دارىغان، جىن تەگكەن كېسەللەرنى ئۇلار داۋالايدۇ» (4361 - بېيىت) دەپ يازغانىدى.

شامان دىنى جىمى شەيئىلەرنىڭ روھى بولىدۇ نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىدىيىۋى ئاساسى قىلدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈرىدىغانلىقىنى، ناۋادا ئۇلار ئادەمگە چاپلىشىۋالسا، شۇ ئادەمنىڭ دەرھال شامال دارىپ، ئاغرىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. يۇقىرىدىكى «شامال دارىغان، جىن تەگكەن» دېگەن سۆز ئەسلى تېكىستتە «yeleyling» بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي مەنىسى «جىن چاپلىشىۋالىدۇ» دېگەن بولاتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «جىن چاپلىشىۋالىدۇ» دېگەنگە «əxlig» دېگەن مەخسۇس بىر سۆز قوللىنىلغانىدى. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا مىللەت خەلقىنىڭ «جىن چاپلىشىۋېلىش» ئادەملەرنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشىنىدىغانلىقىنى

ئىسپاتلاپ بېرەتتى. جىن - ئالۋاستىلار ئالدىدا ئادەتتىكى ئادەملەر ئامالسىز ئىدى، ئۇلار پەقەت شامانىنى سېھىر قىلىشقا تەكلىپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىلاھىي كۈچىنىڭ ياردىمى ئاستىدا جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ چىقىرالايدىغانلىقىغا، كېسەللەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

شامان دىنى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ روھىنىڭ ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈرىدىغانلىقىغىلا ئىشىنىپ قالماي، بەلكى ئادەملەرنىڭمۇ روھى بارلىقىغا، روھىنىڭ ئادەم بەدىنىگە قويۇلغان ئامانەت نەرسە ئىكەنلىكىگە، روھنىڭ ئادەم بەدىنىدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ ئۇيان - بۇيان يۈرەلەيدىغانلىقىغا ھەم ئىشىنەتتى، مەسىلەن، چۈش كۆرۈش دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى ئىدى، ئەگەر روھ سىرتقا كېتىپ قايتىپ كەلمىسە، ئادەم ئۆلۈپ قالاتتى.

شامان دىنىنىڭ بۇ خىل روھ قارىشى «قۇتادغۇبىلىك»تە روشەن ئىپادىلەندى. شائىر ئايتولدى سەكراتتا چۈشكەن چاغدا «بېزەكلىك ئۆيۈك ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئۆيىدۇر، سۆرەتتەك تېنىڭ بولسا، تازا جانىنىڭ ئۆيىدۇر» (1524 - بېيىت) دېگەن تەمسىلنى نەقىل كەلتۈردى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھ قارىشى مۇشۇ بىر جۈملە تەمسىلگە ئوبرازلىق ۋە جانلىق مۇجەسسەم بولغانىدى. ئۇلار روھنىڭ بەدەندە تۇرۇشى، خۇددى ئادەم بىلەن ئۆينىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئۆي ھەم تۇرۇشقا بولىدىغان، ھەم كېتىشكە بولىدىغان جاي، روھ (ۋۇجۇد) بېزەكلىك ئۆيدە - تەندە تۇرىدۇ، ئۇ ھەم كىرەلەيدىغان، ھەم چىقالايدىغان ھەرىكەتچانلىققا ئىگە، دالبۇكى، «جان ئۇچۇپ كەتسە، ۋۇجۇد بوش قالىدۇ» (1525 - بېيىت) دەپ بىلەتتى.

شامان دىنىنىڭ كۆز قاراشلىرىدا روھ قۇشقا ئوخشاش، بۈركۈتكە ئوخشاش ئاسمانغا قاراپ ئۇچقان ھامان، ئادەممۇ

جاندىن جۇدا بولاتتى. ئالايلۇق: زاھىد ئۇدغۇرمىش كېسەل يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي ئالەمدىن ئۆتىدىغانلىقىنى تۇيۇپ قالغاندى. چۈنكى ئۇ مۇشۇنىڭدىن بۇرۇن «يۇقىرى ئۇچۇپ، (ئاسمانغا) كۆتۈرۈلۈپ، يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، ھاۋاغا سىڭىپ» (6064 - بېيىت) چۈش كۆرگەندى. ئۇ بۇ چۈشكە ئۆزى تەبىر ئېيتىپ: «بۇ پاك جېنىمنىڭ قېپىدىن چىقىپ، يېنىپ كەلمەس جايغا ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدۇر» (6065 - بېيىت) دېگەنىدى. شائىر، ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى تەسۋىرلىگەنىدىمۇ، يۇقىرىقىدەك ئوخشىتىش قىلىپ: «جېنى يېشىل كۆككە يول ئېلىشنى تىلىدى» (1518 - بېيىت) دەپ يازغانىدى.

شامان دىنىدىكى بۇ خىل روھ كۆز قارىشىنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە تەدرىجىي يوسۇندا ئۆزگىرىپ، شۇ مىللەتلەردىكى بىر خىل تەپەككۇر شەكلىگە ئايلاندى. ئالايلۇق: ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ فولكلورىدا، پالانى ئادەم «بۆركۈت بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانلا كىشى، ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالاتتى. بۇ خىل قاراش ۋە تەپەككۇر شەكلى تۈركىي تىلىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىزنالىرىنى قالدۇردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىرەر ئادەمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى، تۈركىي تىلىدا كۆپ خىل شەكىل بىلەن ئىپادىلىنەتتى. بەزى مىللەتلەردە بىرەرسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى «ئۇ ئۇچۇپ كەتتى»، «ئۇ لاچىن بولۇپ قالدى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش ھالدا،

قەدىمكى شامان دىنىدىكى روھ كۆز قارىشىنىڭ ئىنىدۇزمىسى ھېسابلىنىدۇ.

شامان دىنى ئېتىقادىدا روھ ئۆلمەيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ روھى قېلىۋېرەتتى، بۇ روھ نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش تاماق يەيتتى، سۇ ئىچەتتى، ماكان تۇتۇپ ياشايتتى. شۇڭا شامان دىنىدا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ياكى نەزىر-چىراغ بەرگەن كۈنلىرى روھ ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەك تەييارلاش، ئات ياكى قوي ئۆلتۈرۈپ قان قىلىش ئادەتلىرى بار ئىدى. ئەرۋاھلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار تېخى دەپنە مۇراسىملىرىدا ھەشەمەتلىك ئات بەيگىلىرىنى، چېلىش قاتارلىق مۇسابىقىلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى. مىلادى 8-ئەسىردىكى ئورخۇن قەدىمكى تۈرك يېزىقى پۈتۈلگەن قەبرە تاشلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە جانلىق خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى، قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ماناس»تىكى «كۆكتاينىڭ نەزرىسى» دېگەن مەشھۇر بىر بابتىمۇ، تۈركلەردىكى شامان دىنىنىڭ بۇ قەدىمىي ئۆرپ-ئادىتى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك گۈزەل بايان قىلىنغانىدى. قەدىمكى تۈركىي تىلدا، ئەرۋاھلار ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەكلىك «ياغ» (yooq) دېيىلەتتى، دەپنە مۇراسىمى ۋە نەزىر-چىراغلاردا ئەرۋاھلارغا ئاتاپ تاماق تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، قەدىمكى تۈركلەر دەپنە مۇراسىمى بىلەن نەزىر-چىراغنى «ياغ قىلىش» (yooq kilmix» دەپ ئاتايتتى.

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك»تە قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قالدى. ئايتولدى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن «ئايتولدىنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئەرۋاھى ئۈچۈن نەزىر قىلدى» دېگەن بۇ مىسرا ئەسلى تېكىستتە «buay toldining yooli kildi» (1564-بېيىت)

... ..

دەپ بېرىلگەنىدى. ناۋادا بۇ سۆز ئۇدۇللا تەرجىمە قىلىنسا «ئايتولدىنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ تائام تەييارلىدى» بولاتتى. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردە، نەزىر-چىراغقا ئىشلىتىدىغان ھايۋانلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ نەزىرگە قاتناشقانلارغا بۆلۈپ بېرەتتى، ئات ۋە قويلارنىڭ تېرىسىنى بولسا ئىگىز موملارغا ئېسىپ قوياتتى، بۇ نەرسىلەر ئەرۋاھلارنىڭ قىشىغا يېتىپ بارغاندا پۈتۈن ئات، پۈتۈن قويغا ئايلىناتتى. «قۇتادغۇبىلىك» ھەر خىل زىياپەتلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە «نەزىر-چىراغ زىياپىتى»نىمۇ ئالاھىدە تېما سۈپىتىدە ئايرىم تىلغا ئالدى. ھالبۇكى، «نەزىر-چىراغ زىياپىتى» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە «yoq ax» (ياغ ئاش) دەپ ئېلىنغانىدى.

قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «ياغ» (yoq) دېگەن بۇ سۆز شامان دىنىنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، «قۇتادغۇبىلىك»تە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇمۇ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ يايلاق شامان مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر تەرەپتىن تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» بىلەن يايلاق شامان مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى «تەڭرى» (Tangri) گە بولغان چوقۇنۇشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا «تەڭرى» دېگەن سۆز ئاسمان مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان بولۇپ، ئۇ كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا ئىلاھ دېگەن مەنىگە ئۆزگەردى، «تەڭرى» گە چوقۇنۇش قەدىمكى تۈركلەرنىڭ شامان دىنىغا بولغان ئېتىقادىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى ئىدى. ھالبۇكى، ئاسمانغا سەجدە قىلىش مۇراسىمى شامان دىنىدىكى مۇراسىملار ئىچىدە كەم بولسا بولمايتتى. تەڭرىگە سەجدە قىلىش ئېنىكى 11-ئەسىر-

دىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىچىدە ئىنتايىن ئەۋجىگە چىققان بولغاچقا، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ ئەكس ئەتمەي قالمىدى. ھەممىگە مەلۇم، «ئاللا» (خۇدا) ئىسلام دىنى ئېتىقاد قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ئىلاھ ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى بارلىق مۇخلىسلىرى «ئاللا»نىڭ نامىنى زىكرى قىلاتتى، «ئاللا» ھەققىدە دۇئا قىلاتتى. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىلىدىكى «ئاللا»، «تەڭرى» ئىدى. شۇ تۈپەيلى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستىدە ھەم «ئاللا» دېگەن سۆز يوق، ھەم «خۇدا» دېگەن سۆز يوق، «ئاللا» بىلەن «خۇدا» نىڭ ئورنىنى قويۇق شامان مەدەنىيەت تۈسىدىكى «تەڭرى» ياكى «بايات» دېگەن سۆز ئىگىلىگەن. «بايات»مۇ قەدىمكى تۈركىي تىل سۆزلۈكى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «بايات» سۆزىگە تەڭرى بىلەن مەنىداش دەپ ئىزاھات بېرىلگەنىدى. يۇقىرىدىكى ئەھۋال يالغۇزلا سۆزلۈكلەرنى ئىستېمال قىلىش مەسىلىسى ئەمەس ئىدى، شۇڭا بۇنىڭدىن مۇنداق نۇقتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: بىرى، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن يايلاق شامان مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەنبەلىك مۇناسىۋىتى بار. ئىككىنچىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار زېمىنىغا كىرگەن ۋاقتى ئۇزاق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى ئىسلاملاشتۇرۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن.

سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، شامان دىنىنىڭ ئېتىقادلىق قارىشى «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ ئىپادىلەندى. شامان دىنىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دىنى قاتارلىق ھازىرقى زامان دىنلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى، شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدە سەۋەب ـ نەتىجە، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە باقىي ئالەمدە جاۋاب بېرىش كۆز قاراشلىرى يوق ئىدى، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان

مىللەت خەلقى روھىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىغىلا ئىشىنەتتى، شۇڭ-
داقلا ئۇلار بىر ئادەم ھايات چاغدا ئادەمنى قانچە كۆپ
ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى شۇنچە
كۆپ ئادەمگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ دەپ قارايتتى. خەنزۇچە
ۋە غەربچە يازما تارىخىي ماتېرىياللاردا قەدىمكى تۈركىي
تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر
ئۆزىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ھايات چېغىدا ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ
قەبرە تېشىنى قويۇش ئادىتى بار دەپ خاتىرىلەنگەنىدى.
ئۇلار ھايات چېغىدا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسا، قەبرىسى
ئالدىغا بىر تاش قوياتتى، كىمنىڭ قەبرىسى ئالدىغا تىكىلەن-
گەن تاش كۆپ بولسا، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ھايات چېغىدا
باتۇر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇلار يەنە ھايات
چېغىدا بۇلاپ كەلگەن مال-مۈلكى قانچە كۆپ بولسا، ئۆل-
گەندىن كېيىن روھىناتى بەھرىمەن بولىدىغان نەرسىنىڭمۇ
كۆپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، شامان دىنىنىڭ ئېتى-
كىلىق قارىشى بويىچە، دۈشمەننى كۆپ ئۆلتۈرگەنلەر باتۇر
بولاتتى، مال-مۈلۈكنى كۆپ بۇلىغانلارمۇ باتۇر بولاتتى،
ئۇلار قورالنىڭ كۈچىگە، كۈچلۈكلەرگە باش ئۇراتتى. «قۇتاد-
غۇبىلىك»تىمۇ قورال كۈچىگە، كۈچلۈكلەرگە باش ئۇرۇش
تەسۋىرلەنگەن مىسرالار يېزىلغانىدى. مەسىلەن، شېئىردىي
ئەسەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن «كېلىن قىزنىڭ شادلىقى توي
كۈنىدە، جەسۇر ئەرنىڭ شادلىقى جەڭ كۈنىدە بولىدۇ»
(2380-بېيىت) دېگەن قەدىمكى تۈرك تەمسىلى، ئۆزىدە
باھادىرلىققا چوقۇنۇش روھىنى ئىپادىلىگەنىدى. شېئىردىي ئەسەر
دۆلەت خەزىنىسىنى قانداق قىلىپ تولدۇرغىلى بولىدۇ دېگەن
مەسىلە ھەققىدە توختالغاندا، قىلىچ نەدە بولسا، كۈمۈشمۇ
شۇ يەردە بولىدۇ، كۈمۈش نەدە بولسا، قىلىچ شۇ ياققا يول

تۈگىدۇ» (3045 - بېيىت)، «جەسۇر، باتۇر ئەرگە مال تۈگىسۇمەيدۇ، ئالغۇر ئاق لاچىن ئۇچۇن يەم تۈگىسۇمەيدۇ»، قىلىچ، پالتا، ئوقيا، كۈچ - جاسارەت ۋە يۈرەك بولىدىكەن، يىگىت كىشى مال ئۇچۇن ئەندىشە قىلماسلىقى كېرەك»، «جاھاننى ئىگىلىگەن دانا بەگ خەزىنىنى قانداق توپلىدى؟ قوشۇن قەيەرگە بارسا (شۇ يەردىن) تەييار خەزىنە ئالدى» (2054—2056 - بېيىتلار) دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەم قىلىش، بۇلاش يولى بىلەن مال - مۈلۈك توپلاش قاتارلىقلارنى ئاشكارا تەرغىب قىلىدىغان بۇ جۈملىلەر، شۈبھىسىزكى شامان دىنى ئېتىكىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىكى قەھرىمانلىق كۆز قارىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى.

بىز شامان دىنىنىڭ خىلمۇ خىل قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىرىدىن، غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتى گەرچە يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن يېزىلاردىكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا، شامان دىنىغا بولغان ئېتىقادتىن بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە شەكىللەنگەن ۋە قويۇق شامان مەدەنىيەت تۈسىنى ئالغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يەنىلا بەرق ئۇرۇپ ياشنايدىغان ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاۋام خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. مەن 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ، شامان دىنىنىڭ قالدۇق ئادەتلىرىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا تا ھازىرغا قەدەر شامان (باقشى)لارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ دائىم دېگۈدەك تەكلىپكە بىنائەن جىن - شاياتۇنلارنى ھەيدەپ،

ئاغرىق داۋالاشتىن ئىبارەت شامان مۇراسىملىرىغا زىياپەت-
چىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىپ ھەيران قالدىم. تەڭرىگە
چوقۇنۇش، تاغ-دەريالارغا سەجدە قىلىش، بۆرىگە باش ئۇ-
رۇش قاتارلىق شامان دىنى قاراشلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك
ئۆرپ-ئادەتلەر ئاۋام خەلق ئىچىدە ھازىرمۇ مەۋجۇت ئىكەن.
قەشقەر ۋىلايىتى ئىسلام دىنى ئەڭ بالدۇر تارقالغان، ئىسلام
دىنىنىڭ تەسىر كۈچى ئەڭ روناق تاپقان يەر تۇرۇقلۇق
مۇشۇنداق ئەھۋالدا بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر
كۈچى نىسپىي ھالدا ئاجىز بولغان شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىما-
لىي رايونلاردىكى ئەھۋالنى ئويلاپلا بىلگىلى بولسا كېرەك،
بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى، بۇ
مەدەنىيەت ھادىسىسى ئادەملەرگە مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى
ئېچىپ بېرىدۇ: مىللەتنىڭ كۆچۈشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇر-
مۇشنىڭ ئۆزگىرىشى، ياسىشى، دىنىي ئېتىقادتىكى ئۆزگىرىش
قاتارلىقلار بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە غايەت زور ھەتتا
ماھىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلسىمۇ، لېكىن
ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يوقىتالمايدۇ.
بىر مىللەتنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدى-
كى ھاياتىي كۈچ ئىنتايىن قەيسەر بولىدۇ، ئۇ كۆپ ھاللاردا
بىر مىللەتتىكى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىققا ئايلىنىپ، مىللىي تۇر-
مۇش ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆزىنى
نامايان قىلىدۇ.

بۇرۇن، ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى «قۇتادغۇبىلىك»
تەتقىقاتچىلىرى بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي
كەلدى، شۇ ۋەجىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتى، تۈرك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېما، ئۇزۇن مەزگىل تاشلىنىپ

قالدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئالىملار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، بۇ گىگانت شېئىرىي ئەسەرنى نوقۇل ئىسلاملاشتۇرۇلغان ئەسەر دەپ قارىدى، ئۇنى ئىران-ئىسلام شېئىرىيىتى بىلەن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ھېچقانچە پەرق قىلمايدۇ دېدى، ھەتتا بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىك» پەقەتكىنە پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەن نۇسخىسى دېگەنلەرنى تىلغا ئالدى. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە، ئەخمىقانە بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب، ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە سەل قارىدى، ئۇيغۇر مىللىتىدە ئەزەلدىن بار بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن مۇھىم تەسىرىنى پىسەنتىگە ئالمىدى، ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە تۇتقان ئورنى ۋە رولىنى پىسەنتىگە ئالمىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا سوقۇلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. سىرتتىن كەلگەن ھەر خىل مەدەنىيەت — ئالايلۇق، ئىران-ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى، ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۇڭزىچىلار مەدەنىيىتى ھەمدە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوخشاشلا تىندۇرما قاتلىمى پەيدا قىلغانىدى. لېكىن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى پەقەتلا قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غايىسى، ئارزۇسى شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي پسىخىكىسى ۋە مىللىي خاراكتېرى بولدى. شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ياكى ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئەمەس، ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنى-

يىتىگە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى.

ئەگەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بىر تۈپ دەرەخ دېسەك، ئۇنداقتا، ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەت — ئىسلام مەدەنىيىتى، ھىندىستان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى دەل مۇشۇ دەرەخ ئۆسۈۋاتقان تۇپراقتىكى ئوزۇق بولدى، زېمىن مۇنبەت بولغاندا، دەرەخمۇ باراقسان ئۆسەلەيتتى. دەرەخ جانلىق بولغاندا، ئۇنىڭ مېۋىسىمۇ ئوخشايتتى. «قۇتادغۇبىلىك» بۇ ئەۋزەل شارائىتتىن يەككە-يېگانە بەھرىمەن بولدى، ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئالدى، ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دەرىخىدىكى ئەڭ چىرايلىق مېۋە بولۇپ قالدى.